
# تارىم

AltunOq

3
1992


www.uyghurkitap.com

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز



ئۇ ئىجادىيەت ئۈستىدە.

رەخىم قاسىم كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق شا-
ئىر. ئۇنىڭ تۆت شېئىرلار توپلىمى، ئىككى تەر-
جىمە شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان، ئۇ ئۆز-
دىن ئارتۇق داستان، كۆپلىگەن ئىلمىي-نەزە-
رىيىۋى ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.خەنزۇچىدىن
نۇرغۇن شېئىر-داستانلارنى تەرجىمە قىلغان،
ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «ئىككى ئەۋلاد»
كىنو سىنارىيىسىنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ «يەر-
ئۇلۇغ ئانا» دېگەن شېئىرى مەملىكەتلىك 2-
نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر
ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا بىرىنچى دەرى-
جىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.



ئۇنىڭ يېقىندا چۈشكەن سۈرىتى.



ئۇ يازغۇچى قەييۇم تۇردى
ۋە ئابلىمىت سادىقلار بىلەن بىللە.



ئۇ ئائىلىسىدە.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

3

AltunOq

1992

42-يىل نەشرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر

ئا. ھەبىبۇللا.................. يالىلداپ تۇرغان مېتاللار (پوۋېست)........... 4
م. تۇردى.................. قىسمەت (ھېكايە).................. 32
ھ. تۇردى.................. قايتا ئېرىشكەن بەخت (ھېكايە).................. 53
م. كېرەم.................. ئىككى ھېكايە.................. 66
ئە. ياسىن.................. نامرات كىراكەش (ھېكايە).................. 69

## شېئىرلار

م. زايىت.................. نېفىتلىكتە تۇغۇلغان ناخشىلار.................. 43
م. سۈپۈرگى.................. غەزەللەر.................. 77
س. قاسىم.................. يۈرەك سادالىرى.................. 80
ئا. ياقۇپ.................. جەمىرلايدۇ نۇرلۇق يۇلتۇزلار.................. 82
ئۇ. ئابدۇمەجىت.................. قالار پەقەت ئەسلەش، سېغىنىش.................. 84
ئا. قۇتلۇق.................. ياشانغاندا قالدۇق ئۇچرىشىپ.................. 84
ئا. تۇرادىل.................. سەھرا تۈيغۇلىرى.................. 85
ئە. ئىسمايىل.................. ياشلىق كۈيى.................. 85
ت. ھۈسەيىن.................. روسىيە تەسىراتلىرى.................. 127
س. لوقمان.................. كەلدىمۇ.................. 131
ھ. مامۇت.................. چۆچەكمىكىنى ئېيتقىن، ئەي بوۋا.................. 132
ھ. بەكرى.................. مېنىڭ قەلبىم ئانىلارنىڭ قەلبىدەك.................. 132

## بالىلار ئەدەبىياتى

ئۇ. قۇربان.................. يالغانچى تۇسۇق (چاتما چۆچەك).................. 86

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

يېزا - قىشلاق تۇرمۇشىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرەيلى ........................ 133

ت. ئىبراھىم ........................ بىر يۈرەكتىن سادا ........................ 135

غ. ئوسمان ........................ رېئاللىقتىكى ھايات كومېدىيىسى ........................ 138

ئە. ھېيىت ........................ «ھايات كومېدىيىسى» ھەققىدە ........................ 141

ق. قۇربان ........................ «تىمتاس گۈگۈم» توغرىسىدا ........................ 145

م. ئەھەد ........................ شېئىرىيىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە مۇلاھىزە ........................ 148

## كىتابخانىلاردىن خەت

غ. سىدىق ........................ «چېچەك ئىزى» ۋە رەھبەرلىك ئىستىلى ........................ 154

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

چىچۋەن سىلاك ........................ جۇدالىق (ھېكايە) ........................ 155

## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن

مول - ھوسۇللۇق يازغۇچى — ستېل خانىم ........................ 159

* *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى م. ئايۇپ ئىشلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# يالىلداپ تۇرغان مەشئەللەر

ئادالەت ھەبىبۇللا

(پوۋېست)

## 1

قىزىتىلغان تونۇرنىڭ تەپتىدەك ئىسسىق يېلىنجاپ تۇرغان چىڭقى چۈش، دۇخاۋا پەردىسى چۈشۈرۈلۈپ غۇۋا قاراڭغۇلاشتۇرۇلغان راھەتبەخش خاس ھۇجرىدا ئۇخلاش ئۈچۈن ئەمدىلا كارىۋاتقا چىقىپ ياتقان بۈۋىھەجەر خېنىمنىڭ كەيپىنى ھويلا ئىشىكىنىڭ بىمەھەل چېكىلىشى بۇزۇۋەتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۈچار قاناتلار چىنىدا ئۇۋىسىدىن چىقماي مۈگدەيدىغان مۇشۇنداق چاغدا كىم بولغىيتتى بۇ ئادەمنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، ئو-ھوش! — ئۇ، ئاچچىقى بىلەن ئۇ يېنىدىن بۇ يېنىغا ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى، سېمىز بەدىنىنىڭ سىلكىنىشى بىلەن تەڭ، تېنى چۆكۈپ تۇرغان يۇمشاق لۆم-لۆم سىم كارىۋاتمۇ ئېغىر سىلكىنىپ، غىچىرلاپ كەتتى.

ئىشىك يەنە چېكىلدى. ئارقىدىنلا:

— بۈۋىھەجەر خېنىم! — دەپ چاقىرغان زىل ئاۋاز ئاڭلاندى. بۈۋىھەجەر خېنىم بېشىنى ماۋۇق ياستۇقتىن لىككىدە كۆتۈرۈپ، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك بىردەم داڭ قېتىپ قالدى، يۈرىكى بىر خىل خۇشاللىق ئىلكىدە دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ، ئالدىراپ-تېنەپ گۈللۈك مەخمەل ساپما كەشىنى شىپىلداتقىنىچە ھويلىغا چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ۋىيەي، ئابلىمىت ھاجىممۇ سىلە؟ — دېدى ئۇ روبېشكىسىنىڭ نەپىس گۈللۈك چىلتەكلىرىدىن لىغىرلاپ كۆرۈنۈپ قالغان ئاپئاق كۆكرىكىنى ئىككى بىلىكى بىلەن توسۇۋېلىپ. ئىشىك ئالدىدا ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، ئاق سېرىق كەلگەن بىر ئوغۇل بالا تۇراتتى.

— خان ئانام ئۆزلىرىگە ماۋۇ باغاقنى ئەۋەتكەنتى، ئەتە رازىيە ئاچامنىڭ...

— ھە، رازىيە خېنىمنىڭ تۇغۇت تويى ئىكەن - دە، ۋاي ئۆيگە كىرسىلە غوجام، قانداق، مەرىيەم ھاجى خېنىم، ماخمۇت ھاجى غوجاملار تىنچ تۇردىمۇ؟

— تىنچلىق، — بالا تارتىنىپقىنە جاۋاب بېرىشىپتىپ، ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى - دە، بۇۋىھەجەر خېنىمنىڭ ئۆيگە تەكلىپ قىلىشلىرىغا قىسقىغىنە خوش ئېيتىپ، نېرىراقتا توختىتىپ قويۇلغان ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ كېتىپ قالدى. بۇۋىھەجەر خېنىم ئىشىكنى ئىچىدىن قايتىدىن ئېتىپ قويۇپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا تۇرۇپ، قولىدىكى قېلىن، يالتىراق، توق قىزىل قەغەزگە سېرىق رەڭ بىلەن نەقىش ۋە چىرايلىق خەتلەر بېسىلغان كۆركەم باغاقچىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم ئويناپ كەتتى، توغرا، باغاقچىمۇ بۇۋىھەجەر دېگەن ئىسمىنىڭ كەينىگە «خېنىم» دېگەن خەت قوشۇلۇپ يېزىلىپتۇ. باياتىنقى بالىمۇ ئۇنى بۇرۇنقىدەك «بۇۋىھەجەرخان ئاچا» دەپ چاقىرماي «بۇۋىھەجەر خېنىم» دەپ چاقىردىغۇ. ھەقاچان ئۇ بالىغىمۇ ئانىسى شۇنداق دەپ ئاتاشنى تاپىلىغان گەپ. ۋاي - ۋاي - ۋاي بۇ خېنىملار بەك ئېسىل، بەك ئەقىللىق جۇمۇ! ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى خۇددى ئەۋلىيادەك تېپىۋالىدۇ. گەپلىرىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئېسىل ھەم چىرايلىق.

بۇۋىھەجەر خېنىمنىڭ شادلىق ئىلكىدىكى يۈرىكى قىن - قىنىغا پاتماي ئويناقشىپ، تومۇر - تومۇرلىرىدىكى قانلارنى مەۋج ئۇرغۇزۇپ، تېخى ياشلىق رەڭگىنى ئۆزگەرتمىگەن مۇز ئالمىدەك مەڭزىنى قىزارتىۋەتتى. ئۇ، بۇ كاتتا باغاقچىدىكى ئۆزىنىڭ ئىسمىغا قايتا - قايتا، تويماي قاراپ چىقتى. «خېنىم» دېگەن سۆز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بارا - بارا جانلىق بىر شەكىلگە كىرىپ، پىلدىرلاپ - پىلدىرلاپ كېلىپ بىر بەخت قۇشىغا ئايلىنىپ باش ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇنىڭ چېكىسىگە قوندى - دە، شۇ ھامان قۇش سۈرەتلىك ئالتۇن تاجغا ئايلىنىپ قالدى. بۇۋىھەجەر خېنىم يەڭگىل دەسسەپ، ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئارام بەخش خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ، دېرىزە پەردىسىنى قايرىۋېتىپ چوڭ تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. راستتىنلا ئۇنىڭ چېكىسىگە قۇشنىڭ سۈرىتىدە بىر ئالتۇن تاج قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى. ئۇ، شۇنداق كۆركەم، نەپىس، رەڭدار ئىدىكى، دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ پارقىراپ، تالا - تالا نۇر قايتۇرۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇۋىھەجەر خېنىم تەبەسسۇم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا تېخى قېنى قاچمىغان خۇشپىچىم لەۋلىرى ئارىسىدىن ئالدىنقى ھەپتىسى سالدۇرغان تۆت تال ئالتۇن چىشىمۇ يالىلداپ، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان بۇ لەۋلىرىگە شولا تاشلاپ، تېخىمۇ سۆزۈكلۈك، پارقىراقلىق تۈسىنى بەردى. ئۇ ئەينەككە تېخىمۇ بەكرەك يېقىنلىشىپ ئۆزىنىڭ ئەكسىگە ئىنچىكىلەپ سەپسالدى. ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ ئەنە شۇ چېكىسىدىكى ئالتۇن تاجغا لايىق ئىدى. ئەنە، گەرچە يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۇنىڭ ئوماق بالىلىق، شوخ ياشلىق، تازا قىيامىغا يەتكەن تاتلىق چوكانلىق، پىشقان شەرەنداز جۇۋانلىق ۋاقىتلىرىنى كۆزگە كۆرۈنمەس يەرگە ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ياشلىقىدىكى گۈزەللىكىنىڭ ئىزناسىنى يوقاتمىغان ئاق پوستلاق يۈزى، پېشانىسىدىكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



بىلىنەر ـ بىلىنمەس سۇسقىنە قورۇقچىلار، بىر تال ئاق كۆرۈنمەيدىغان سۇمبۇل چاچلىرى، جىيەكلىرىگە ئانچە ـ مۇنچە سىزىقچىلار تارتىلغان بولسىمۇ، لېكىن چاقناپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرى، يۇمشاق قوللىرى، يېشىغا ماسلاشقان سىپىمىزغىنە سۇمباتلىق بەستى ... هاي، هاي، ئۇنىڭ ئۆزىگە مەسلىكى كېلىپ، ئەينەك ئالدىدا يەنە بىر هازا تۇرۇپ كەتتى ... «مېنى كىشىلەر بالىلىرىغا، ئېرىگە كۆيۈنمەيدۇ، باغرى قاتتىق دېيىشىدۇ. ۋاي ئەخمەقلەر، تەشكىلىگىمۇ، ئەرگىمۇ، بالا ـ ۋاقىغىمۇ بېجىرىم، ساپ ـ ساق، مۇڭگۈزدەك تۇرۇپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ. ئايال كىشى ئۆزىگە پۇختا بولۇشى كېرەك. ئەر دېگەنگە ئۆزۈڭنى ئۇپراتماي، گۈزەللىكىڭنى يوقاتماي تۇرۇپ بەرمىسەڭ، ئۆيدە ۋاي، دەپ قويغىنىنى بىلەن كوچىغا چىقسا، كىم چىرايلىقتۇ، دەپ ئەتراپىغا قارايدۇ. ۋاي ئۆيۈم، بالىلىرىم دەپ ئۆزۈڭنى تاشلىۋېتىپ يۈرسەڭ، ئەرنىڭ كۆزىگىمۇ سەت كۆرۈنىدىغان گەپ. مانا مەن ئۆزۈمنى قانداق كۈتۈش، قانداق تۇتۇشنى ئوبدان بىلىمەن. شۇڭا ئېرىممۇ مېنىڭ جىجىقىمدىن چىقمايدۇ ـ غۇ، بۈگۈن مانا خېنىم ئاتالدىم، مېنى بۇلارغا ئېرىشتۈرگەن مۇشۇ يارىشىملىق بەستىم، ھەممىدىن مۇھىمى مۇشۇ يالىداپ، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغان نەرسىلىرىم، ئەگەر بۇ نەرسىلىرىم بولمىسا، ئاشۇ ئەمدى باي بولۇپ قالغان تامچىنىڭ خوتۇنى ـــ هېلىقى مەريەم خېنىم دېگەن چوغۇندەك مېنى خېنىم دەپ ئاتارمىدى. باشقىلارچۇ تېخى، ئەمدى بېشىمدىكى تاج بىلەن، مۇشۇ مېتاللار بىلەن ھەرقانداق سورۇننىڭ تۆرى مېنىڭ بولىدۇ ... ئۇ، ئاجايىپ ـ غارايىپ سورۇنلارنى كۆز ئالدىغا ئەكەلدى. ئۇ، ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن «خېنىم» ئۇنۋانىغا ئاخىرى ئېرىشتى. مانا ئەمدى نەۋرىسىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگىمۇ «خېنىم» دېگەن سۆز قوشۇلىدۇ. بىراۋ نەۋرىسىنى خېنىم دەپ چاقىرمىسا ئۇ رەنجىيدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەممە كىشى بۇ نامغا كۆنىدۇ. مانا ئۇنىڭ ئارزۇسى بىر ـ بىرلەپ ئەمەلگە ئېشىۋاتىدۇ. ئەمدى هېلىقى كەسىپداشلىرى ـــ بىر ـ بىرىدىن ھاكاۋۇر ئاق خالاتلىقلار ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ ئىناۋىتى ئۆسىدۇ. هېچ بولمىغاندا دەم ئېلىشقا چىقىش ئالدىدا بولسىمۇ ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئەسلى زاتىنىڭ تېگىدىن باي ئېسىل خېنىم، غوجاملار ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ قويۇپ، ھەممىنى ئۆزىگە باش ئەگدۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى هازىر سېنىڭ چېكەڭدىكى مۇشۇ ئالتۇن تاج، يالىداپ تۇرىدىغان مۇشۇ بېزەكلىرىڭ بولىدىغان بولسا ئەسلى زاتىڭنىڭ ئېسىل ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. شۇنىڭ بىلەن سەن يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىسەن. تۆر سېنىڭ. ئىشلىرىڭ سۇدەك راۋان يۈرۈشۈپ كېتىۋېرىدۇ. قىزىق، ئاياللار دېگەن ئاجايىپ خەق. بەك تۇيغۇن، ئىنتىلىشچان كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىممىتى، گۈزەللىكى، ئورنى ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئۆلچىنىدۇ، ئەگەر سېنىڭ شۇ ئەۋزەللىكلىرىڭ بولمىسۇن، قېنى، تۆردىن ئورۇن ئالالامسەن؟ بۇۋىھەجەر خېنىمنىڭ ئەينەك ئالدىدا تۇرۇۋېرىپ پۇتى تالدى. ئۇ، ئاخىرى كارىۋاتقا قايتىدىن تاشلىنىپ، ئەتىكى تويغا قانداق كىيىملەرنى كىيىشنى،

گىرىمنى قانداق قىلىشنى، داستىخاننى قانداق راسلاشنى، كىم - كىملەرگە ئۆزىنى راسا بىر تونۇتۇپ قويۇشنى ئويلاشقا باشلىدى. چۈشتىن كېيىنكى ئىش ئۈستىدىمۇ كاللىسىنى شۇ ئوي چىرمىۋېلىپ، بىر كىچىك بالىنىڭ ئوكۇلى بىلەن چوڭ ئادەمنىڭ ئوكۇلىنى ئالماشتۇرۇپ قويغىلى قىل قالدى. بۇ ھالدىن ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى. نېمە دېگەن بىلەن ئەتراپىدىكى مۇشۇ بىرنەچچە خوتۇننىڭ ئالدىدا سۆز - چۆچەككە قالماسلىق كېرەك. «خېنىم» دېگەن نامغا لايىق ئىناۋىتىنى ساقلاش كېرەك. يېقىنىنىڭزى بۇ خوتۇنلارمۇ بۈۋىھەجەر خېنىمنى خېلى ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ قالدى. بىراق تېخى «خېنىم» دېمەيۋاتاتتى. «خەپ» دەيتتى ئۇ ئىچىدە، ھامىنى بىر كۈنى ھەرقايسىڭ ماڭا باش ئېگىشىپ خېنىم دېيىشىسەنغۇ ... ئۇ، كېچىسىمۇ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ يېنىدا ئېغىر خورەك تارتىپ، بىخارامان ئۇخلاۋاتقان قەدىناسىغا قاراپ سەل ئاچچىقىمۇ كېلەتتى. «بۇ ئەپەندىم» دېگەنلەرمۇ، — دەيتتى ئىچىدە، — كالىدەك ئىشلەشنىلا بىلىدىغان، بىراق چاپىنى تىزىدىن ئاشمىسىمۇ ۋايسىمايدىغان خەقكەن. بۇ ئادەم مېنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئەتىدىن كەچكىچە ئوقۇغۇچىلىرىملا دەيدۇ، باشقا گېپى يوق. بېشىنى چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلىدۇ. بىراق شۇنچە ئىشلىسىمۇ يا ئەمەلى ئۆسمىگەن، يا بىرى ئىككى بولمىغان. مانا ماۋۇ تولغانغاي دېگەن بىتەلەي قىزىمنىڭ ئىشىدىمۇ ماڭا باقماي، ئاشۇ سوكال قۇيرۇق قۇدىلىرىمنى ياقلاۋاتىدۇ. ھەي، نېمانداق ئەخمەق ئادەمدۇ بۇ ... ئەتە رازىيە خېنىمغا قانداق تويلۇقلارنى قويىدىكىن. ئۇنىڭ مېنىڭ قىزىمغا ئوخشىمايدىغان بىرلا يېرى — ئوغۇل تۇغدى، شۇ. بىراق ئۇ مېنىڭ قىزىمدەك چىرايلىق ئەمەسقۇ؟ نېمىسىگە ئەمدى قىرقى تويشا - توشماي يۆتكەپ ئېلىپ كېتىدىكىن، ھەقىچان ئوغۇل تەرەپ تازا مەرد بولسا كېرەك؛ رازىيە خېنىمنىڭ ئانىسى مەريەم ھاجى خېنىممۇ ئۇنچىلا بوش خوتۇن ئەمەس. قېنى، ئەتە كۆرىمىز ... بۈۋىھەجەر خېنىم ئويلاۋېرىپ ئۇخلىيالماي بېشى ئاغرىپ كەتتى. ئاخىرى ئۇيقۇ دورىسى ئىچىشكە مەجبۇر بولدى. قانداقلا بولمىسۇن ئۆزىگە ھاي بېرىپ ئۇخلاش كېرەك. ئۇيقۇسىزلىقتىن قاپاقلىرى قاتلىشىپ، ئولتۇرۇشۇپ قالسا بولمايدۇ. ئەتىكى سورۇندا قاپاقلىرىدىن تو چىقىرىپ، يېگەن - ئىچكەندەك، خېنىم دېسە خېنىم دېگۈچىلىكى بار سالاپەت بىلەن يارىشىملىق بولۇش كېرەك.

## 2

كەڭ ئاسفالت يولدا تۇياقلىرى ئاستىدىن سۇس ئۇچقۇن چاچرىتىپ، يايلىرىنى ئوينىتىپ، قوڭغۇراقلىرىنى بىر خىل رىتىمدا يېقىملىق جىرىڭلىتىپ چېپىپ كېتىۋاتقان قىزىل تورۇق ئات رەڭدار گىلەم سېلىنغان قىزىل سايىۋەنلىك ھەپىنى شۇنداق يەڭگىللىك بىلەن سۆرەپ، ئاۋات بازار مەركىزىدىكى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا كېلىپ توختىدى. بۈۋىھەجەر خېنىم ھەپىدىن ئاۋايلاپ چۈشتى - دە،

كىرا ھەققىنى بېرىۋېتىپ، دوقمۇشتىكى ناۋايخانىدىن تاللاپ تۇرۇپ قىزىرىپ پىشقان شىرمەن ناندىن بەشنى گۈللۈك پەتنۇسقا تىزىپ، مەخسۇس توي-تۆكۈن ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئاپئاق رېشىلىيە داستىخانغا يۆگەپ ئوڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالدى، ئۇ بۈگۈن ئۈچىسىغا ھەرەمنىڭ ياقۇت چېكىلگەن ئاسمان تېگى رەڭلىك تور چىكەن كۆڭلىكىنى كىيگەن، بويىنىغا بىلەكتەك يۆگەلگەن مەرۋايىت ئاسقان، بىلىكىگە ئالدىنقى يىلى سوقتۇرغان ئالتۇن بىلەيزۈك، بارماقلىرىغا قويما ئۈزۈك، قۇلىقىغا مودا بولىۋاتقان ئايخاڭزا ھالقا سالغان بولۇپ، كېلىشتۈرۈپ قىلىنغان گىرىملىرى بىلەن يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەرقانداق ئادەمنى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يەنە بىر قېتىم قاراتقۇدەك دەرىجىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ تۆنۈگۈندىن بېرى بوغچا-بوغىچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى چۇۋۇپ، بۈگۈنكى تويدا قويۇشقا لايىق رەخت تاپالمىدى. ئاخىرى ئېھتىماللىق ئۈچۈن ئاددىيراق كەلگەن بىر پارچە رەختنى سومكىسىغا سالدى. ئاندىن كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بىر نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن قايناق بازارغا شۇڭغىدى.

* * *

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شۇنچە ئىسسىق-سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، نى-نى داڭدار ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنى، ھەممەتلىك ئوغلانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان بۇ مەھەللە ئۆزىگە خوپمۇ باپ كەلگەن سۈزۈك بۇلاق دېگەن نامىنى ئۆزگەرتمىگىنى بىلەن يېقىنقى يىللاردىن بېرى پەقەت ئاندا-ساندا، خۇددى ئىگىسىز قالغان يېتىم بالىدەك بويىنىنى قىسىپ تۇرغان كۆرۈمسىز كونا ئۆيلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۈسىنى خېلىلا ئۆزگەرتكەن. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆركەم، ئازادە ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىققان، بەزىلىرى يېڭىدىن قەۋەتلىك ئۆيلەرگە تۇتۇش قىلىشقانىدى. بۇ، بىر قاراشتا مۇقىم ھاياتنىڭ خاتىرجەملىكىنى بىلدۈرۈپ كۆڭۈلگىنى ئاجايىپ تەسىراتلار بىلەن ئاۋۇندۇرسا، يەنە بىر قاراشتا جىمى جاھان مۇشۇ ئىش بىلەنلا بولۇپ كەتكەنمىدۇ، دېگەن ئويغىمۇ سېلىپ قوياتتى. تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرغان ياپيېشىللىق ئىچىگە چۆمگەن سۈزۈك بۇلاقنىڭ ئۆزىدە بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى بىرنەچچە يەردە يىغا-زارە بىلەن نەزىر-چىراغ قىلىنىۋاتسا، يەنە بىرنەچچە ئۆيدىن ۋىسال تويىنىڭ ناغرا-سۇنايلىرى شادىيانە ياڭراپ تۇراتتى. پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىنىڭ رەڭدار ئويمىلىرى، گۈل نەقىشلىرى قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ، مەھەللە بويىچە بەھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى قەۋەتلىك بۇ ئۆيدە مەريەم ھاجى خېنىمنىڭ پانىي ئالەمگە كۆز ئاچقىنى ئەمدىلا قىرىق كۈن بولغان ئوغۇل نەۋرىسىنىڭ بۆشۈك تويى باشقىچە قىزىپ كەتكەنىدى. توۋا، ھايات دېگەن ئاجايىپ سىرلىق بولىدىكەن. بىرى يىغلاۋاتسا، بىرى كۈلۈۋاتقان، بىرى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ جان

تىكىۋاتسا، بىرى بۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئېلىشىۋاتقان. بۈگۈنكى بۇياققا ئاققان مېھمانلار بىلەن باشقا يەنە بىرنەچچە توي بولۇۋاتقان ئۆيلەرگە كېلىۋاتقان مېھمانلارنىڭ سانى، كۆرۈنۈشلىرىمۇ پەرقلىق. بۇ ئۆيگە كىرىۋاتقان مېھمانلارنىڭ كۆپىنچىسى يۈزىگە چۈمبەل تارتقان ياكى بولمىسا بېشىغا قات ـ قات چوڭ رومال سالغان، تاپىنىنى يۆگەپ تۇرغۇدەك ئۇزۇن نەپىس كۆينەك كىيىشكەن كىشىنى ئەيمەندۈرگۈدەك خېنىملار ئىدى. باش ساھىبخان مەريەم ھاجى خېنىم ھويلىنىڭ ئىچكىرىسىدە يېنىدا خۇددى شاھ كېنىزەكلىرىدەك ياندىشىپ قاتار تۇرۇشقان يېقىن ئايال تۇغقانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قول باغلاپ سالاپەت بىلەن تۇراتتى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بولسا يۈزىنى يۆگىمەيدىغان بىرنەچچە خېنىملار كەلگەن مېھمانلارنىڭ قولتۇقلىرىدىكى داستىخانلىرىنى ئېلىشىپ، ئۇلارنى ئىچكىرىگە باشلىشاتتى. مېھمانلار ئىچكىرىگە كىرگەندىن كېيىن، مەريەم ھاجى خېنىم باشچىلىقىدىكى ساھىبخانلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشەتتى. ئاڭغىچە، ھەرقايسى مېھمانلارغا مەسئۇل قىلىپ قويۇلغان ساھىبخانلار مېھمانلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاستىنقى قەۋەتكە، بەزىلىرىنى ئۈستۈنكى قەۋەتكە باشلىشىپ يۈرۈشەتتى. بۈۋىھەجەر خېنىممۇ باشقا مېھمانلار قاتاردا مەريەم ھاجى خېنىم بىلەن ئۇزۇندىن ئۇزۇن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن ئۇزرە تەكەللۇپلارنى ئېيتىشتى. ئۇ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى مېھمانخانىغا باشلاندى. بۈۋىھەجەر خېنىمغا ياندىشىپلا كىرگەن مۇشۇ مەھەللىلىك، دەل مۇشۇ ئۆينى سالغاندا پۈتۈن ياغاچچىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، نەرخى ـ ناۋا تالاشماي ھاجىمنىڭ ئىشىنى قىلىپ بەرگەنلىكىگە پەخىرلىنىپ رازى بولۇپ قالغان ياغاچچى ئۇستامنىڭ ئايالى قۇچىقىدىكى بالىسىنى بەزلىگەچ مەريەم ھاجى خېنىم بىلەن كۆرۈشۈش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇراتتى. كۆرۈشۈش تاماملانغاندىن كېيىن ئۇمۇ بۈۋىھەجەر خېنىمنىڭ كەينىدىنلا ئۈستۈنكى قەۋەتكە قاراپ مېڭىشىغا مەريەم ھاجى خېنىم ئاستىنقى قەۋەت مېھمانخانىغا مەسئۇل بولغان ساھىبخان ئايالغا كۆز ئىشارىسى قىلىۋىدى، ساھىبخان دەرھال كېلىپ ھېلىقى ئايالنى چاقىرىۋېلىپ ئاستىنقى قەۋەتتىكى مېھمانخانىلارنىڭ بىرىگە تەكلىپ قىلدى. ئايال بىر قىزىرىپ، بىر بوزۇرۇپ دېگەندەك ئوڭايسىزلىنىپقىنە كەينىگە ياندى. بۈۋىھەجەر خېنىم مېھمانخانىغا كىرىپ ھەيران قالدى. تېخى بۇ يىل سېلىنغان بۇ سارايغا مۇشۇ توي ئۈچۈن تام ـ تورۇسلارنىڭ گۈلدار نەقىشلىرىنىڭ نۇسخىسىنى ئۆزگەرتىپ، قايتىدىن زىننەت بېرىپ، خۇددى خان ئوردىسىدەك ياسىتىۋېتىپتۇ. مېھراب، دېرىزە، ھەتتا ھاۋادانلارغىچە دەرپەردە تۇتۇلغان، تورۇسقا زىننەتلىك ئاسما چىراغلار ئېسىلغان. شۇنچە چوڭ سارايغىمۇ تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش رەڭدىكى خان ئەتلەستە تىكىلگەن يېكەنداز سېلىنغان. تۆرگە مەخسۇس قۇدىلار ئۈچۈن شۇنداق ئېسىل، قات ـ قات كۆرپىلەر سېلىنغان. بۈۋىھەجەر خېنىم بىر پەستىلا ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە كۆزىتىپ چىقىپ بولدى. ئۇ ھەيرانلىقىنى تېزدىن يوشۇردى ـ دە، چىرايىغا بىر خىل خۇش پىچىملىق ئىچىگە مەنسىتمەسلىك

تۇسنى بېرىپ، ئۆيدىكى مېھمانلار بىلەن «خېنىم تىنچ تۇردىمۇ؟»، «غوجام تىنچ تۇردىمۇ؟» دېگەندەك ئايىغى ئۈزۈلمەس تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ تۆردىن ئورۇن ئالدى. كېيىن كىرگەنلەرمۇ خۇددى شۇ ئۇسۇلنى تەكرارلايتتى. بۇنداق چاغدا بىر ئادەم كىرسە پۈتۈن ئۆيدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن سەپراس تۇرۇشۇپ، شۇ ئادەمنىڭ ھەممە مېھمانلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ بولۇشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. كۆرۈشۈش تاماملىنىپ ئەمدى ئورۇن ئېلىپ تۇرۇشىغا يەنە، بىرى كىرەتتى. ھەممەيلەن يەنە ئىنجىقلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. كەلگەن مېھمان ئۆزىنىڭ قايسى جايغا لايىق ئىكەنلىكىنى، نەدىن ئورۇن ئالسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، شۇ ياققا يۈزلىنەتتى. ئولتۇرغانلارمۇ كىرگەن مېھماننىڭ قايسى ئورۇنغا لايىق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەتتى ـ دە، ئۇيانغا سۈرۈلۈپ، بۇيانغا قىستىلىپ ئورۇن بوشىتاتتى. مۇشۇنداق سىغدىلىشلار نەتىجىسىدە بەزى مېھمانلار سۈرۈلۈپ ـ سۈرۈلۈپ ئاخىرى پەگاغا كېلىپ قالاتتى. بۇنداق سورۇن سىزگە باشقا بىر دۇنيا بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى پەرەنجىنىڭ ئىچىدىكى دۇنيادا ياشىسىمۇ، ئۇلارنى ھەرگىز ئاجىز، بوشاڭ، بىلىمسىز چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇلار سىز بىلمەيدىغان تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە، كۆزىتىش، تەپەككۇر قىلىش، ئېلىشىش ئىقتىدارىغا، چىرايلىق لېكىن جان ئالغۇچى گەپ ـ سۆزلەرگە، خىلمۇ خىل ناز ـ خۇلقلارغا باي، ئۇنىڭغىلا ئەمەس، ئۇلارنى گۈزەللەشتۈرۈپ، قىممىتىنىڭ دەرىجىسىنى ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈرىدىغان يالىلداپ تۇرغان مېتاللارغىمۇ باي. بۇ ئارتۇقچىلىق كىمدە ئۈستۈنرەك بولسا، مېھمانخانىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. ماتا ھازىر كىرگەن، سېمىزلىكتىن تىنىقى بىر ـ بىرىگە ئۇلاشماي ھاسىراپ تۇرغان ئايال مېھمانخانىغا قەدەم ئېلىشى بىلەن ھەممىسى قىلىۋاتقان گەپلىرىنى توختىتىپ دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھەتتا ئانىسىغا ئەگىشىپ كېلىپ شوخلۇق قىلىپ يۈرگەن ئىككى ـ ئۈچ بالىمۇ چوڭلارغا قاراپ نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي جىم بولۇشۇپ قېلىشتى. ئۆي ئىگىسى مەريەم ھاجى خېنىم مېھمانخانىغا كىرىپ، ھازىر كىرگەن مېھماننىمىزدىن ھەدەپ ئىسسەنلىك سورايتتى ۋە تۆرگە تەكلىپ قىلاتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇ مېھمانغا تۆردىن كەڭرى ئورۇن بىكارلىنىپ، ئۈستىلەپ ئايرىم كۆرپە سېلىندى. ئۇنىڭ ياقۇت چېكىلگەن زەرلىك نەپىس كۆڭلىكى، چىلتەكلىرىگە مەرۋايىت تىزىلغان ئاق پەرەنجىسى، بىلەكلىرىدىكى قوش ـ قوش بىلەيزۈك، بارماقلىرىدىكى جۈپ ـ جۈپ قويما ئۈزۈك، بويىنىدىكى ياپراقسىمان زەنجىر، بىلىيارد كۆزلۈك بولاپكىلىرى يالىلداپ، ئۇنى ئايالار ئارىسىدا ھەممىدىن ئالاھىدە، مەغرۇر كۆرسىتىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ يېڭىدىن كىرگەنلەر تۆرگە تەكلىپ قىلىنىۋېرىپ خېلى مۇۋاپىق جايدىن ئورۇن ئالغان بۈۋىھەجەر خېنىم قاتارلىق بىرنەچچەيلەن پەگاغا يېقىنلىشىپ قالغىلى ئازلا قالدى. بۇنىڭغا بۈۋىھەجەر خېنىمنىڭ شۇنداق خورلۇقى تۇتتىكى، ئىچ ـ ئىچىدىن ئاچچىق ئۆرۈپ يېرىلىپ كەتكىلى تاس ـ ماس قالدى. ئۇ،

چىداپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ سۆرۈلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا بۆشۈك تويى بولۇۋاتقان بوۋاق غوجامنىڭ چوڭ دادىسىغا شىرەم تۇغقان كېلىدىغان ياشقىنە بىر ئوقۇتقۇچى چوكانمۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇ ئانچە ھەسرەتلىنىپمۇ كەتمەي، كىرگەنلەر بىلەن لايىقىدا ئامانلىق سورىشىپ قويۇپ خاتىرجەم ئولتۇراتتى.

ئۆينىڭ ئىچى قىستا-قىستاڭ ئولتۇرۇشقان، بىر-بىرىدىن سۆزۈك، چىرايلىق ئاياللارنىڭ بەدىنىدىن تەپچىگەن تەرنىڭ، ئۇپا-ئەڭلىكلەرنىڭ پۇراقلىرى بىلەن نەپەس ئالغىلى بولمىغۇدەك دىمىقلىشىپ كەتكەنىدى. قول سۇيى ئېلىنىپ داستىخان سېلىنىدى. قائىدە بويىچە ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەكەلگەن يۇرۇشلىرىنى بىر-بىرلەپ ئالدىغا قويۇشتى. بۇۋىجەر خېنىم ئالدىراپ كەتمەي ھەممىسىگە بىر قۇر سەپ سېلىۋېتىپ ئاندىن سودىگەر بازىرىدىن ئالغان خان ئەتلەسنى ئۆزىنىڭ داستىخىنى ئۈستىگە قېتىنى كەڭ ئېچىپ يايدى. ئۇدۇلدا ئولتۇرغان ئىككى ئايال بۇنى كۆرۈپ بىر-بىرىگە كۆز بېقىشىۋالدى. مەريەم ھاجى خېنىم ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ھەممەيلەننىڭ ئالدىدىكى يۇرۇشلەرگە تازا زەن سېلىپ قارىۋېلىپ بوش تەبەسسۇم بىلەن:

— ھەر-بىرلىرىنى كايىتىپ قويۇپتىمەن، مېھمانلار، بۇمۇ لازىم ئەمەستى، شۇنداقلا كېلىپ، ئولتۇرۇپ بېرىشسىلىمۇ بولاتتى—دېگەنىدەك تەكەللۇپلار بىلەن يۇرۇشلەرنى بىر-بىرلەپ يىغىۋالدى. ئارقىدىنلا باشقىدىن داستىخان سېلىنىپ مەزلەر تىزىلدى. تۆر تەرەپتىكىلەرگە گەزنىدەك-گەزنىدەك يوغان ھەم قاتلىرى يېشىلىپ، مايلىرى تەپچىپ قىزىرىپ پىشقان قاتلىمىلار ئالدۇرۇلدى. باشقا تەرەپتىكىلەرگە بولسا ناۋايلارنىڭ ئادەتتىكى نانلىرىدىن ئالدۇرۇلدى. ھېلىقى ئوقۇتقۇچى چوكانچاقىسىمۇ، بۇۋىجەر خېنىمغىمۇ ئادەتتىكى نان ئالدۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ھېچنېمىگە قاردىماي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، داستىخىنىنى قولتۇقلاپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولدى-يۇ، بىر ئىشنى ئويلاپ يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ جىممىدە ئولتۇردى. تاتلىق-تۈرۈملەر، شىنە-شېكەرلەر، ھۆل-قۇرۇق مېۋىلەر، ئاچچىق-چۈچۈك قورۇمىلار، قويۇق-سۇيۇق تائاملار ئارقا-ئارقىدىن تارتىلىپ ئالمىشىپ تۇردى. داستىخان ئۈستىدىكى كۇسۇرلىشىشلار، ۋىلىق-ۋىلىق كۈلۈشلەر، ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋەتكۈدەك ۋاراڭ-چۇرۇڭلار، دىمىق ھاۋا بىلەن بىرلىشىپ ئادەمنىڭ نەپىسىنى سىقاتتى.

— ھەلىمە خېنىم، — دېدى ئاق پىشماق بىر چوكان، — ئۆزلىرىنى بىر نۇسرەتلىك ئىشقا تۇتۇنۇپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق، قانداق بولدىكىن؟

-- پۈتتى. خۇدايىم بۇيرۇسا پات-يېقىندا چېيىنى بەرمەكچىمىز. خانىمىزگە مۇبارەك قەدەملىرىنى ئالغانلىرىدا كۆرەلا. شۇنداق پۇختا، كۆركەم قىلىۋالدۇق.

— ھەنىمە بولسا، كىچىك غوجامنىڭ قولى ئىشقا تېگىپ قالغاندۇ ھەقاچان؟

— ھەئە، ئاكىسى داموللا ھاجىدىن بىر ئوبدان ساۋاق ئېلىۋاتىدۇ. ئەتە-ئاخشامدا دادىسىنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ دۇكانغا قارىشىپ بېرىۋاتىدۇ تېخى.

www.uyghurkitap.com

— ۋىيەي! ئۇن ياشقا كىرە-كىرمەي بىر ئوبدان ئىشقا تۇرۇپتۇ. كېيىنچە سودا ئىشلىرىغا بەكرەك پىششىق بولۇپ يېتىشىپ چىققۇدەك.

— ئاغزىلىرىدىن سائەت چىققاي ئىلاھىم. قايسى كۈنى، ئاداشلىرىم مەكتەپكە بارىدىكەن، مەنمۇ بارىمەن دەپ باش ئاغرىتىۋىدى، دادىسى نېمىلەرنى قىلىدىكىن تاڭ، ھازىر جىممىدە بولۇپ قالدىغۇ، يول بولسا بۇ قېتىم ھەج سەپىرىگە بىللە ئېلىپ چىقماقچى.

— ۋاي ھەنېمە بولسا، قۇتلۇق بولسۇن.

— كېلىن خېنىمنىڭ ئىشى قانداق بولىدىكىن؟

— يىككەتتەك تۈزىۋەتتىم دېسىلە، قارىسام ئوغلۇمغا بوي بەرمەي يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئىشتىن كەچ كەلسە، بىر كۈنى تويىدىن، بىر كۈنى ئانىسىنىڭكىدىن كەچ كەلگەن. بىچارە ئوغلۇم دىيەنشى دەمدۇ ھېلىقى ساندۇقتەك بىر نەرسىدىن چىقىۋاتقان خېنىملارغا قاراپ، تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرىدىكەن. ئوغلۇمنى تازا تىللاپتىمەن. ھەي، سەنمۇ ئوغۇل بولدۇڭمۇ ئەمدى؟ كەچ كىرگەن خوتۇننى ئۆيگە كىرگۈزمە. ئانىسىغا تويىمىغان بولسا يېنىغا بېرىپ قانغۇچە ئېمىۋالسۇن. ئۇنداق كېلىنىم يوق مېنىڭ، دەپتىمەن. بىر قېتىم تويغا باردىم دەپ كەچ كەپتىكەن، ئوغلۇم ئىشىكنى ئاچقىلى ئۇنىماي قوڭىغا تېپىپ ھەيدەپتۇ، ئاخىرى ئىزا تارتماي مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ مىشىلداپ تۇرىدۇ. — خېنىم، ياش ئادەم دېگەن سىلىدەك بولامدۇ؟ يا ئىككى تال ئاشنى تاس-تاس تارتىپ، ۋاقتىدا ئوغلۇمنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويالمىسىلا، يا ئۆزلىرىنى تۈزۈكرەك ياساپ، تاراق-تۇرۇق ماڭالمىسىلا. ھەدېسە ئانىلىرىنىڭكىگە بېرىۋالسىلا، قانداق بولغىنى بۇ؟ مەن سىلىنى بىكارغا ئەكەلمىگەن. تازا پارقىراپ تۇرىدىغان ساپ-سېرىقتىن بىر سەرنى ئەگدۈرۈپ، بىلەكلىرىگە سېلىپ ئەكەلگەن، دېۋىدىم، ھۆكرەك ئېتىپ يىغلاپلا كەتتى. كېلىن دېگەنگچۇ تومۇرنى تۇتقۇزۇپ قويسا ھەددىدىن ئېشىۋالىدۇ، ھى... ھى...

— تازا ئوبدان قىلىپلا ھەلەمە خېنىمىم، يۈرەكىنى سۇغارغاندەك قىلىپ ھېلىقىنى ئالغاندىكىن، چىدىسا بولىدۇ تازا.

— ئاڭلىدىلىمۇ؟ — يېنىمدا ئولتۇرغان بىر ئايالنى نوقىدى ياشراق بىر چوكان ئۇدۇل تەرەپتە ئولتۇرغان بىر ئايالنى تۈمشۇقى بىلەن ئىما قىلىپ، — بۇ خېنىم ئالجىپ قالغاندەك بىر ئىش قىلىپتۇ.

— نېمە بوپتۇ؟

— نېمە بولاتتى، ئۇ خېنىمنىڭ ئىككى ئوغلى ئىچكىرىگە مالغا كېتىپتىكەن، نەۋرىلىرى ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە بېرىپ، «مەنمۇ كىچىك ۋاقتىمدا مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان، ئوغۇللىرىممۇ ئوقۇغان. ئەمدى نەۋرىلىرىممۇ ئوقۇۋاتىدۇ. ماۋۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بولسىمۇ لازىم بولۇپ قالار» دەپ قول ياغلىقىغا چىگىلگەن بىر بولاق پۇلنى شوجاڭ خوتۇنغا بېرىپتىمىش.

— بېشى ئايلىنىپ قالغانمىدۇ بۇ خېنىمنىڭ؟ ھۆكۈمەتنىڭ مەكتىپى تۇرسا

ئۇ، قىرىغاندا گېلىغا يېمەي تازا ئالجىپ قالغاندەك ئىش قىپتا. ھەقاچان بۇ خېنىمنىڭ ئوغۇللىرى كېلىپ تازا كايىشقاندۇ؟

— ياق، ئۇلار ئانىسىنىڭ بۇ ئىشىغا بىر نېمە دېمەكتە يوق، خۇدايىم ئىش-ئوقىتىمىزگە بەرىكەت بەرسە يەنە ئاپىرىپ بەرسىلە ئانا، باللىرىمىز شۇلارنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ ئادەم بولىدۇ، ئۇلار نادان بولۇپ قالمىسۇن. دۇنيادا نادانلىقتىن ئارتۇق بەختسىزلىك يوق، دەپتۇ تېخى. بۇ سۆزلىرىدىن ئايلىناي. بىزنىڭ باللىرىمىز ئۇ يەردە ئوقۇمايمۇ ئاشپەز ئۇستامنىڭ قېشىدا بىر ئوبدان ھۈنەر ئۆگىنىپ قالدى قارىسىلا!

— شۇ ئەمەسمۇ، تازا ئەخمەق خەقكەن بۇ.

ئۇ بۇلۇڭ، بۇ بۇلۇڭلاردىن چىقىۋاتقان مۇشۇنداق پاراڭلارغا، كۈلكە-چاقچاقلارغا، ساھىبخانىنىڭ ئالسىلا، باقسىلا دېيىشلىرىگە ئانچە ئېرەن قىلماي كەتمەي، كىرگەندە قانداق ئولتۇرغان بولسا، شۇ تۇرقىنى بۇزماي، قېشىنى سۈزۈپ، تائاملارغا ئانچە-مۇنچە ئېغىز تېگىپ قويۇپلا ئولتۇرغان ھېلىقى قىممەتلىك مېھمىنىمىز ئىككى تەرەپكە مىدىرلاپ قويۇۋىدى، ساھىبخانىلار داستىخاننى يىغىشقا تەرەددۇتلەندى. بۇ ئەزىز مېھمىنىمىز كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چاچرىتىپ، غادىيىپ ئولتۇرغىنى بىلەن باشقىلار ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارىشىپ كۆزى تالمايتتى. ساپسېرىق مېتاللارنىڭ ئەكس نۇرىدا ھەممە ئەزايى نۇرغا چۆمۈلۈپ ئولتۇرغان بۇ مېھمان مۇشۇ سورۇندا شۇنداق يۇقىرى قەدىر-قىممەتكە ئىگە ئىدىكى، بىر مىدىرلاپ قويۇشى بىلەن ساھىبخانىلار جىددىيلىشىپ، مېھمانلار شۈكلىشىپ قېلىشتى. ئاخىرىدا ئوغۇل تەرەپ بىلەن قىز تەرەپ تەييارلاشقان داستىخانلىرىنى ئىسمىلىك بويىچە بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. يېڭىدىن ئانا بولغۇچى رازىيە خېنىمنىڭ ئالدىغا بىر پەتنۇس قويۇلدى. مېھمانلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراشتى-دە، ئاغزىلىرىنى ئېچىشىپ قېلىشتى. پەتنۇسنىڭ ئىچىگە ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك دۇخاۋا قول ياغلىق سېلىنغان بولۇپ، ئۈستىدە بىر دانە ئالتۇن زەنجىر، بىر تال بىلەيزۈك، بىر جۈپ ھالقا ساپسېرىق نۇر چاقنىتىپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. مەريەم ھاجى خېنىمنى مېھمانلار تەرەپ-تەرەپتىن قۇتلۇقلاپ، ئابروينى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان بۈۋىھەجەر خېنىم سورۇندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە ئۆز قۇدىلىرى بىلەن تولغانسايىنى مىڭنى تىللايتتى. بايىتىن مەريەم ھاجى خېنىم بىلەن كۆزى ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۇنىڭ يۈرىكى زىڭىدە قىلىپ ئاغرىپ كەتتى. «خەپ» دەيتتى ئۇ ئىچىدە، مېنىڭ قىزىمنىڭ رازىيە خېنىمدىن نەرى قېلىشىدۇ؟ مېنىڭمۇ مەريەم ھاجى خېنىم ۋىتىلداقتىن نەرىم كامتى. ئالدىرىماي تۇرۇش، ھەرقايسىڭغا قاچان بولمىسا بىر كۈن ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى تونۇتۇپ قويمىسام ئادەم بولماي كېتەي!

بۈۋىھەجەر خېنىم ھويلىسىغا كىرىپلا قولىدىكى سومكىسى بىلەن داستىخىنىنى بىر چەتكە پۇلاڭلىتىپ تاشلىۋېتىپ، تال باراڭ ئاستىدىكى سۇپىغا ئۆزىنى تاشلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئۆيدە قايسىڭ بار؟ — زەردە بىلەن توۋلىدى ئۇ.
— مانا مەن، — ئوتتۇرانچى ئوغلى چىقىپ كەلدى.
— ئاچاڭ قېنى؟
— مەكتەپتىن تېخى كەلمىدى.
— ھە!؟ مۇشۇ ۋاقىتقىچە نەدە يۈرۈيدۇ بۇ قانجۇق ... — بۇۋۇھەجەر خېنىم بىر ئاغزىدا بوران، مىڭ ئاغزىدا ئوت ياندۇرۇپ، جىمى دەردى-ھەسرىتىنى تولغانئاينى تىللاش بىلەن چىقىرىۋالىدىغاندەك قايناپ كەتتى.

## 3

بۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىشىشى. ئابدۇنەبى يولدىن كېلىپلا ھەر قېتىمقىدەك داشىنىسىنى زاۋۇتنىڭ كۆمۈر چۈشۈرۈش ئورنىغا توختىتىپ قويۇپ، رەسمىيەتلەرنى چالا-بۇلا بېجىردى-دە، ئۆيدىكىلەر بىلەن ئالدىراپ-سالدىراپ يۈز كۆرۈشۈپ قويۇپ، ئۇدۇل تولغانئاينىڭ مەكتىپىگە قاراپ يول ئالدى. تولغانئاي شەھەر مەركىزىدىن ئون بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئابدۇنەبىنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسىغا تەلمۈرۈپ تۇرغىنىغا بىرەر سائەتچە بولدى، ئۇنىڭغا بۇ ۋاقىت گويا بىر ئەسىردەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. تاقەتسىزلەنگىنىدىن كەينى-كەينىدىن ئۇلاپ تاماكا چېكەتتى، بىر چاغدا ئۆزگىچە ساددىلىقى چىقىپ تۇرغان دېھقان بالىلىرى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن قوغلىشىپ، چۇلدۇرلىشىپ چىقىشىپ كەلدى. ئارقىدىنلا مۇئەللىملەر بىردىن، ئىككىدىن بولۇشۇپ چىقىشتى. ئابدۇنەبىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئەنە تولغانئاي ...
— كەلگىلى خېلى بولدىمۇ، بەك ساقلاپ قالمىغانلا؟ — دېدى تولغانئاي ئابدۇنەبىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ۋىللىدە قىزىرىپ.
ئابدۇنەبى تولغانئايغا سىنچىلاپ قاراپ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى. شۇ ھامان ئۇ ئايالىنىڭ بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدىكى قىياپىتىنى ئەسلىدى. يېڭى تۇغۇتتىن قوپقان تولغانئاي ئىسمىغا ماس تولۇن ئايدەك تولۇپ كەتكەن. ئۇ، مەكتەپكە ئىشقا چۈشكەن كۈنى ئابدۇنەبى بىلەن دەل مۇشۇ دەرۋازا ئالدىدا كۆرۈشكەنىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ تېرىلىرى تېخىمۇ ئېچىلىپ، سۈزۈكلىشىپ، قاشتېشىدەك يال-يال بولۇپ كەتكەن. تولغان يۇمىلاق يۈزىنىڭ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل، قىياقتەك قاشلىرى ئاستىدىكى دۈگىلەك قاپقارا كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلۇق بولۇپ كەتكەن. ئېلىپتەك سوزۇلۇپ چۈشكەن قاڭشىرى، بوۋاقلارنىڭكىدەك ھىل-ھىل، گىلاستەك لەۋلىرى بىلەن ئۇ تېخىمۇ ئوماقلىشىپ كەتكەنىدى. ئابدۇنەبى ئۇنى خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تويماي قاراپ كەتكەنىدى. مانا ھازىرچۇ؟ ئۇ خېلىلا تارتىلىپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن تەگسىز بىر ئازابنىڭ شولىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەڭزىدىكى قىزىللىق نەگە يوقالدىكىن، ئابدۇنەبىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈزىگە ۋىللىدە

قىزىللىق تاراپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە شەپەق تۈسىگە كىرگەنتى. بۇ رەڭنىڭ ئورنىنى ئاستا ـ ئاستا زەپىرەڭسىمان بىر خىل رەڭ بېسىپ كەتتى. ئابدۇنەبى تاماكا ئورىماقچى بولدى، بىراق ئۇنىڭ قولى تىترەپ ھە دېگەندە ئوراۋاتقان تاماكىسى چېچىلىپ كېتەتتى. ئاخىرى بىر نېمىلەرنى قىلىپ قوپال يۆگەلگەن تاماكىنى ئاچچىق ـ ئاچچىق شورىدى، ئاندىن ئىچ باغرىغا تۇشۇپ كەتكەن پۈتۈن دەرد ـ پىراقلىرىنى بىراقلا سىرتقا پۈۋلەپ چىقىرۋېتىدىغاندەك كۈچى بىلەن سىرتقا پۈرقىرىتىۋەتتى. ئۇ، تېخىچە يەرگە قاراپ تۇرغان تولغاناينىڭ قاراپ:

ــ سالامەتلىكىڭنى ئاسرا، مەكتەپتىكى ئىشلىرىڭ بەك ئالدىراشمۇ نېمە؟ ياداپ كېتىپسەن، بالا ئاغرىپ ـ تارتىپ قالمىغاندۇ، ئۆزۈڭ ئاغرىپ قالدىڭمۇ يا؟ــ دېدى ئېچىنغان قىياپەتتە. تولغاناي بېشىنى يەردىن ئاستا كۆتۈرۈپ كۆزىگە غىلىلدە ياش ئالدى. ئۇ نېمىسىنى دېسۇن، كوندۇزلىرى خىزمەت بىلەن بەنت بولۇپ ئۆيدىكى خاپىلىقلار ئاز ـ تولا ئۇنتۇلغىنى بىلەن كېچىلىرى تېگى يوق خىياللار دېڭىزىدا ھېلى ئۇ قىرغاققا، ھېلى بۇ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ، ھېچ بىر باشقا چىقالماي ھالىدىن كېتەتتى. ئۆزىنىڭ قاچاندا ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. سەھەردە يەنە بالىغا ئانچە ـ مۇنچە قاراپ قويۇپ مەكتەپكە چاپاتتى. بۇۋەجەر خېنىم بىر ئىشنى ياراتسا، بىر ئىشتىن قۇسۇر چىقىرىپ، ھەر كۈنىلا غۇدۇراپ قالاتتى. پەقەت ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپدىغىنى مۇلايىم دادىسى ئىدى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە تولغاناي پاكىدە ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك، ئاران ـ ئاران تۇراتتى. ئۇ، ئالدىدا تۇرغان بىردىنبىر يۆلەنچۈكى، ئۈمىدى، ئەزىزى بولغان ئابدۇنەبىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ، يىغلاپ ـ يىغلاپ دەردىنى تۆكۈۋالغۇسى كەلدى ـ يۇ، ئاستا ئۆزىنى توختىتىۋالدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئابدۇنەبىنىڭ دەردى ئازمىدى. ئوغۇل بالا دېگەن مىڭنى قىلسا ئوغۇل بالىدە. شۇنچە، دەردىنى بىرنېمىلەر قىلىپ سىڭدۈرۈپ كېتەلەيدىكەن.

ئۇلار مەكتەپ ئالدىدىكى شالاڭ شېغىل يېيىتىلغان توپىلىق يولدا ياندىشىپ ئاستا مېڭىشتى. بۇلارنىڭ قەدەملىرى بۇرۇنقىدەك يەڭگىل ئەمەس، ئاياغلىرىغا كۆزگە كۆرۈنمەس نەرسە ئېسىپ قويۇلغاندەك ئېغىر ئىدى.

ــ ھېچ گەپ قىلمايسەنغۇ؟ تۈنۈگۈن قاپىقىم تارتقاندەك قىلىۋىدى، كوندۈزى ماڭىدىغان يولنى كېچىچە مېڭىپ كەلدىم ...

ــ بالا ئوبدان، قايسى كۈنى سەل قىزىپ قالغاندەك قىلىۋىدى، ئەتىسى ئوڭشىلىپ قالدى. تۈنۈگۈن ئاخشام ئۆزىچە داد ... داد ... دا دەپ كەتتى تېخى،ــ دېدى تولغاناي ئۇھ تارتىپ.

ــ نېمە دېدىڭ؟ــ ئابدۇنەبى ئېلىۋاتقان ئېغىر قەدىمىنى توختىتىپ، تولغاناينىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى،ــ ماڭا قارا، مېنىڭ بالام دادا دېيەلىدىما، ئېيتقىنا، يەنە بىر دەپ باقە، راست دادا دېيەلىدىما؟!

ئابدۇنەبىنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تېز سوقاتتى. ئۇ بىر ھازاغىچە گەپمۇ قىلالماي قالدى. كېيىن يۈرىكى ئاستا ـ ئاستا جايىغا چۈشتى.

www.uyghurkitap.com

تولغانئاينىڭ بىلىكىنى چىڭ سىقىپ تۇرغان كۈچلۈك بارماقلىرىمۇ ئاستا-ئاستا بوشىدى. ھەر ئىككىيلەن بىر-بىرىگە ئۈنسىز قاراپ قېلىشتى. ئىككى جۈپ كۆزدىن ئېتىلىپ چىققان ئازاب ئۇچقۇنى يالت قىلىپ گىرەلىشىپ كەتتى. تېخى بىر يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا مانا مۇشۇ شېغىل يېيىتىلغان توپىلىق يول، رەت-رەت سۇۋادان تېرەكلەر ئارىسىدىكى لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ، كۆز يەتكۈسىز جايلارغىچە يېيىلىپ ياتقان ئېكىنزارلىقلارنىڭ قىرلىرى بۇلار ئۈچۈن شۇنداق يېقىملىق، يۈكسەك بىر جاي ئىدىكى، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق گۈزەل ماكان يوقتەك تۇيۇلاتتى.

ئۇلار تولغانئاينىڭ يېقىن بىر دوستىنىڭ تويىدا تونۇشۇپ قالغانىدى. شۇندىن كېيىن ئۇلار پات-پات كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى. يىگىت دائىم تولغانئاينىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىنى قارارلاپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان مۇشۇ ئۆستەڭ بويىدا پەيدا بولاتتى. ئىككىسى مۇشۇ يولدا تالاي قېتىم بىللە ماڭغان، مۇڭداشقان، كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىزھار قىلىشقانىدى. دۇنيانى ئۇنۇتقان ھالدا ئاجايىپ لەززەتلىك تۇيغۇلار ئىچىدە يەڭگىل قەدەم تاشلاپ، ياندىشىپ مېڭىشقان بۇ يولدا مانا ھازىرقىدەك بىر-بىرىگە ھەسرەتلىك بېقىشىپ مېڭىشنى ئۇلار ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيتتى.

بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن ئابدۇنەبى ئېغىز ئاچتى:

— ئاناڭ نېمانچە قاتتىقلىق قىلىدىغاندۇ تولغانئاي، ھېچ چۈشىنىپ بولالمىدىم، يا سېنى ...

— بولدى، ئۇ گەپنى قىلىشمايلى. ئەته ھاما ئاچىمىز بىزنىڭكىگە كېلىپ ئاپام بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆزلىشىپ باقسا بوپتىكەن، — دېدى تولغانئاي يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— ھەرقاچان بۇرۇنقى گېپىدىن يانماس، ئالتە ئايدىن بېرى ئانام، ھامماملار نەچچە رەت بېرىپ بولدى. داداڭغۇ بىر ئوبدان گەپ قىپتۇ. لېكىن-زە، ئاپاڭنىڭ جېنى خۇددى ھېلىقى نەرسىلەردىكىدەك ...

— بۇدا بىر كەپىباقسۇن. ئاپاممۇ يۇمشاپمۇ قالار.

— مۇشۇ تۇرقىدا ھېچ كۆزۈم يەتمەيدۇ جۇمۇ. ئىنىمنىڭ تويى ئىشى قىستاپ قالدى. بولمىسا ئاپاڭنىڭ دېگىنىنى ئېلىپ بېرىپ، سىلەرنى غاچچىدە ئەكىلىۋالاتتىم. مەن ئاۋۋال ئىنىمنىڭ تويىنى قىلىۋېتەيلى، دېسەم ئاناملار ئاۋۋال كېلىنىمىزنى، نەۋرىمىزنى يۆتكەپ ئەكىلىۋېلىپ، ئاندىن قىلايلى دەپ تۇرۇۋالدى. ئىنىمىزمۇ شۇنداق قىلايلى دەيدۇ. بالىنى بەك كۆرگۈم كېلىدۇ. قولۇم رولدا بولغىنى بىلەن خىيالىم دائىم سىلەردە، تۇرۇپ-تۇرۇپ خىيالىمنى يىغىۋالالماي قالىمەن.

— ياق، بىزدىن ئەنسىرىمىسىلە، يولغا چىققاندا بۇياقلاردىكى ئىشلارنى پۈتۈن ئۇنۇتسىلا. مۇشۇنداق بولۇۋېرىپ مەنمۇ ھەر قېتىم سىلى يولدىن كېلىپ بولغۇچە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىمەن.

— قانداق ئۇنۇتقىلى بولىدۇ؟ ھەيرانمەن، يا ئارىلىقىمىزدا تاغ-داۋان بولمىسا،

چاقىرسا ھە دېگۈدەك يەردە تۇرۇۋېمۇ... ھەي، بۇ نېمە، دېگەن ئۇۋالچىلىق...
بۇ ئىككىلەن شۇ تەرىقىدە دەرد ـ ھەسرەت، مۇڭ ـ زارلىرىنى تۆكۈشۈپ ئاسـتـا
مېڭىپ كېلىشىۋاتاتتى. تولغانئاينىڭ بىر دەم بولسىمۇ ئابدۇنەبى بىلـەن يانـمـۇـ
يان مېڭىۋالغۇسى، تۇرۇۋالغۇسى، كۆڭلىنى بىردەممۇ بولسا ئاۋۇندۇرۇپ، يۈرىكىنى سىقىپ
ھالىنى قويماۋاتقان دەردلىك، زېرىكىشلىك مىنۇتلاردىن خالىي بولغۇسى كېلەتتى. كەچ
كىردى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قىيماسلىق بىلەن ئايرىلىشتى. تولغانـئـاي ئىشىك ئالدىـ
غا كېلىۋىدى، دېگەندەك ھويلا ئىچىدىن بۆۋىـەـجەر خېنىمنىڭ ئاغـزىـدىـن ئوتـ
بوران ياغدۇرۇپ ئۆزىنى قارغاپ تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ـ دە، يۈرىـكـى ئاغـزىـغـا
تىقىلىپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ھاياتى ئەنە شۇ قارا بوران ئىچىدە ئاخىرلىشىپ يورۇق
ئالەمدىن مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندەك ھالسىزلىنىپ تامغا يۆلـىنـىـپ قـالـ
دى. ئۇ شۇ تاپتا ھېچنېـمىگە قارىماي ئارقىسىغا يانسۇنمۇ؟ ياق، يانالمايدۇ. بۇ ئۆيدە
ئۆزىنى پەرۋانىدەك تەلپۈندۈرۈپ تۇرغان بىر ئۈمىد چىرىغى پىلدىرلاپ يېنىۋاتىدۇ.

## 4

سوكۇنات ئىچىگە چۆمگەن ئايدىڭ كېچە. ئاينىڭ كۈمۈش رەڭ نۇرلـىرى دېرىـزە
ئەينەكلىرىدىن ئۆتۈپ، سۇپا ئۈستىدىكى بۆشۈكتە سۇت پۇراقلىرىنى تارىتىپ، بوشقىنە مىس ـ
مىس تىنىپ ئۇخلاۋاتقان بوۋاققا شولا تاشلاپ تۇراتتى. چاچلىرى چۇۋۇلغان، يىـغـىـ
دىن قاپاقلىرى ئىششىغان ياش ئانا بۆشۈكنىڭ باش تەرىپىگە ئېسىلىپ، دۇنـيانـىـڭ
جىمى ئازاب ۋە شادلىقلىرىدىن بىخەۋەر ئۇخلاۋاتقان بالىغا تىكىلىپ ئولتۇرغـىـنـىـچـە
خىيالغا پاتقانـىـدى. بۆۋىـھـەجەر خېنىم شۇ كۈندىكى تويدا تارتقان پۈتۈن خـاـ
پىلىقلىرىنى چىقىرىۋالماقچىدەك تولغانـئـاي ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا تىل ـ ھاقارەتـ
نى ياغدۇرۇۋەتتى:
ـــ ھۇ يەر يۇتقۇر قېلىن، پاسكىنا، مېنىڭ يۈزۈمنى چۈشۈرۈپ مۇشـۇ چاقـىـچـە
نەلەردە يۈردۈڭ؟ خەقلەر ھە مانا، بۆۋىـھـەجـەر خېنىم قىزىنى كوچىغـا چىـقىـرىـپ
قويۇپتۇ. ئەنە كۆردۈڭلارمۇ، يا ئېرى ئېلىپ كەتمىدى، ئىشقىلىپ بىر نېمىـسى بـىـر
نېمە بولارنىڭ، دېيىشمەمدۇ ـ ھە؟ سېنىڭ ئاشۇ رازىيە پىتلىقتىن نەرىڭ كەمتى، ئۇنىڭـ
غا بىر ئوبدان ئەر چىقىپتۇ. مانا قىرىقى توشۇپ بولغۇچە ئىززەت ئابروينى كۆكـكە
چىقىرىپ يۆتكەپ ئېلىپ كەتتى. ساڭىچۇ، يا تۈزۈكرەك ئەر چىقمىدى. ئاشۇ قـوڭالـ
تاق نامەرد ئىككى تال نەرسىگە چىدىماي يۈرۈيدۇ. ئالتە ئاي بولدى سېـسـىـپ ياـ
تىسەن، ئەر سېغىنىپ قالغان بولساڭ بالاڭنىمۇ ئېلىپ چىق ئۆيدىـن، ياكـى كىـچىـ
كىڭدە بىر يولى ئۆلۈپ تۈگەشمەپتىكەنسەن، ئالدىمدا بىزىـرىـپ تـۇرمـاي ھـازىـرلا
كۆزۈمدىن يوقال، ھۇ پاسكىنا لالما! ـــ دېگىنىچە يولۋاستەك ئېتىلىپ كېلىپ تولغانـ
ئاينىڭ چېچىنى سادەك قامالىدى. قىيا ـ چىيالارنىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالغـان تـولـ
غانـئاينىڭ دادىسى مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۇلارنى ئاجرىتـىـۋالـدى. بـۆۋىـھـەجـەر

www.uyghurkitap.com

خېنىم باللىرىنىڭ ھەممىسىنى دادىسىنىمۇ قوشۇپ بىر ھازاغىچە تىللاپ، قارغاپ چىقتى. دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە تولغانئاينىڭ ئاكىسى غەرق مەست ھالدا ئۈچ بۆرجەك دەسسىگىنىچە كىرىپ كەلدى-دە، مەسخىرە بىلەن كۈلۈۋېتىپ:

— ھە، مەھەللىدە نېمە ئىش بولدىكىن دېسەم، بۇ ئالۋاستىنىڭ ئۈۋىسى قىزىپ كېتىپتىكەن-دە، تۇفى! مۇنداق ئۆيىنى ئوت قويۇپ كۆل قىلىۋەتكەن ياخشى!— دېگىنىچە شالاقىدە بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ كەينىگە يېنىپ چىقىپ كەتتى. ئەتراپتىكى خولۇم-قوشنىلار بۇ ئۆيدىكى بۇنداق قىيا-چىيالارغا كۆنۈك ئىدى. باشتا ئۇلار تولا ئارىلىشىپ كېيىن ھېرىپ قېلىشقانتى. ھازىر پەقەت تۇۋا، دېيىشىپ، ياقىلىرىنى چىشلىشىپ قوياتتى.

## 5

پېشىن ۋاقتى، ئابدۇنەبىنىڭ ھاممىسى يېقىن قوشنىلىرىدىن تازا شەرەنداز، ھەممىلا قائىدە-يوسۇنلارغا پىششىق، سۆلەتمەن ئىككى ئايالنى ئەگەشتۈرۈپ، بۆۋىھەجەر خېنىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. بۆۋىھەجەر خېنىم ئىشتىن يېڭىلا كېلىپ، قايسى بىر يېقىنىنىڭ ئۆي مۇبارەكلەش چېيىغا بېرىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. بۇ مېھمانلارنىڭ كېلىشىدىن تولغانئاينىڭ خەۋىرى بولسىمۇ، ئانىسىغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ پات-پات ئىشىك تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ھويلا تەرەپتىن مېھماننىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان تولغانئاي يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. بۆۋىھەجەر خېنىم قىلىۋاتقان ئىشىنى دەرھال توختىتىپ «ۋىيەي ئەزىز مېھمانلىرىم، كېلىشىپ قاپلا، قايسى شامال ئۇچۇرتۇپ كەلگەندۇ ھەرقايسىلىرىنى، ۋاي باشلىرىدىن ياغاچ ئۆشتۈپ، گۈل چاچايمۇ ئەمدى» دېگىنىچە مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. كۆڭلىدىن، ھە مانا دېمىدىممۇ، ھامان ئالدىمغا كېلىدۇ دەپ، ئەسلىدە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتى. تۆگىنىڭ مەيلى بولسا يانتاققا بوي سوزۇپتۇ، دېگەن گەپ بار. ھەرقاچان بۇ قېتىم دېگەن يېرىمگە كەلگىدەك مەسلىھەتلىشىپ كېلىشكەندۇ. مەن بۆۋىھەجەر ھەر قانداق ئادەمگە بوش كەلمەيمەن، ئەمدى مەريەم ھاجى خېنىملارنىڭ ئالدىدا، كۆردۈڭمۇ؟ توي دېگەننى مۇنداق قىلىمىز دەپ بىر كۆرسىتىپ قويمىسام، دېگەن خىياللارنى چاقماق تېزلىكىدە ئۆتكۈزدى. كەلگەن مېھمانلار بولسا: بۈگۈن بۇ خېنىم باشقىچىلا سىلىقلىشىپ كېتىپتىغۇ، ھەقاچان قىزىنى ئۆيدە ئۇزۇن ئولتۇرغۇزۇۋېرىشكە نومۇس قىلىپ، بولدى، قوشۇپ بەرسەممۇ بېرەي، دېگەن يەرگە كەلگەن ئوخشىمامدۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر-بىرى بىلەن كۆز بېقىشىۋالدى. ئۇلار مېھمانخانىدىن ئورۇن ئېلىپ بولۇپمۇ ئىككى تەرەپ يەنە تەكرار-تەكرار تىنچلىق سورىشىپ ئۆتتۈشتى. بۆۋىھەجەر خېنىم ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ تولغانئايغا بىر نېمىلەرنى دەپ جېكىلەپ قويۇپ، ئۆزى داستىخان راسلاشقا تۇتۇندى. ئارىلىقتا مېھمانلارنىڭ بىرى تېگىدە سېلىنغان

خاگدەن يېكەندازنىڭ ئەستىرىنى ئۆرۈپ كۆردى-دە، باشقىلارغا قاراپ ئاغزىنى بىر قىسما قىلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى. ئۆز ۋاقتىدا بۇۋىھەجەر خېنىممۇ ئابدۇنەبىلەرنىڭ ئۆيىدە ئۆزى باشلاپ بارغان مېھمانلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ تېگىگە سېلىنغان يېكەنداز كۆرپىنىڭ ئەستىرىنى ياراتماي مانا مۇشۇنداق ئاغزىنى بىر قىسما قىيسايتىپ، دىمىغىدا كۈلۈپ قويغانتى. مېھمانلاردىن سېمىزغىنە كەلگەن ئايال ئۆيىنىڭ ئىچى-تېشىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ:

— مۇشۇ چاقىچە، هۆكۈمەتنىڭ ئۆيىدىن قوپالماي ئولتۇرۇپتۇغۇ بۇ خېنىم. بىرەر پارچە يەرگە «ئالتۇن قوزۇق» مۇ قېقىۋالالمىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— مەن تېخى بۇياقنى خېنىم ئەۋلادى بولغاندىكىن، ئاللىقاچان شۇنداق قىلىپ بولغاندۇ، دەپ يۈرۈپتىمەن. هالى شۇ تۇرۇپ ئۆزىنى ئەرشتە چاغلاپ يۈرگىنىنى تېخى، — دېدى يەنە بىرى.

— ۋاي، هۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىدە تىزىملىكى بارلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشمىكى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە تىرىككىمۇ، ئۆلۈككىمۇ بىر جاي كېرەك. ئۆزۈڭنىڭ شەخس ئۆي-زېمىنىڭ دېگەن خۇدا يەر يۈزىگە قېقىپ بەرگەن «ئالتۇن قوزۇق» ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق بولمامدىغان، ئەلۋەتتە شۇنداق دېسىلە.

بۇۋىھەجەر خېنىم داستىخان، پەتنۇسلارنى، پىيالە-چەينەكلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. كەينىدىنلا بىلىكىگە تۇتۇلمىغان ئاپئاق لۆڭگىنى ئارتىلدۇرۇپ ئاپتۇۋا، چىلاپچىلارنى كۆتۈرگىنىچە تولغانغايمۇ كىرىپ كەلدى. مېھمانلار دەرهال جىم بولۇپ قېلىشتى. بىر پەس تەكەللۇپ سۆلكەتلەردىن كېيىن قول سۇيى ئېلىنىپ داستىخانمۇ سېلىندى. بۇ قېتىم بۇۋىھەجەر خېنىم شۇنداق مەرد، سېخىيلىشىپ كەتتىكى، ئۈچ مېھمان ئۈچۈن سېلىنغان يوغان داستىخاننىڭ هېچبىر بىكار يېرى قالمىغانىدى. هەسەل، مۇراببا، سامبۇسا، قۇيماق، پېچىنە-پىرەنىك دېگەندەك تاتلىق-تۈرۈملەر، قوغۇن، تاۋۇز، ئالما، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلەر، تونۇردىن يېڭىلا سۇيۇۋېلىنغاندەك يۇمشاق ساقلانغان هەمەك، قاتلىما نانلار بىلەن سىنچاي بېرىلىپ، كېيىن مايلىرى بۇژ-بۇژ تەپچىپ تۇرغان هالۋا كەلتۈرۈلدى. هايال بولماستىن زىرە-قارامۇچلىرى مەززىلىك پۇراق تارقىتىپ تۇرغان شورپا، ئارقىدىن نېپىز ئېچىلغان جىلتىسىدىن قىيمىلىرى كۆرۈنۈپ، شورپىسى ئېقىپ تىترەپ تۇرغان پىتىر مانتا، مېھمانلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولۇ تارتىلدى. بۇ ئارىلىقتا ئاساسىي مەقسەتكە مۇناسىۋەتلىك گەپمۇ بولمىدى. پەقەت ئۇنىڭ قىزىنىڭ توي ئىشى، بۇنىڭ كېلىنىنىڭ سودا ئىشى، يەنە بىرىنىڭ ئېرىنىڭ تالاغا قاراپ قېلىشى دېگەندەك ئوخشاش پاراڭلار بولۇپ ئۆتتى. بۇۋىھەجەر خېنىم شەرەندازلىقنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن نامايان قىلدىكى، مېھمانخانا بىلەن ئاشخانا ئوتتۇرىسىدا تاراقلاپ يۈرۈپ پۇتى تالمايتتى. ئالسىلا، باقسىلا، دەپ قىلغىلى قىلىق تاپالمايتتى. هەربىر مېھماننىڭ سۆيپىتىنى يۇقىرى پەللىدە ماختاپ، قاش-كۆزلىرىنى

ئوينىتىپ، ئارىلاپ-ئارىلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ھارمايتتى. تولغانئاي ئانىسىنىڭ بۈگۈنكى بۇ ھالىتىدىن بىر خۇرسەن بولسا، بىر ھەيران قالدى. ئۇ ئەقلىگە كېلىپ بۇ ئۆيدە بۇنداق ھەشەمەتلىك داستىخان سېلىنىپ، قىزغىنلىق بىلەن مېھمان كۈتۈلۈپ باققىنىنى كۆرمىگەن، ئانىسى ئۇنىڭ تويىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى قىز كۆرۈش، مەسلىھەت، ئون بەش كۈنلۈك، چايلىرىنى ئۇنى-بۇنى قىلىپ، ئەپلەپ-سەپلەپ، ئۇنىمىگىنى ۋايساپ ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى.

ئابدۇنەبىنىڭ ھامىمىسى بۈگۈن باشلاپ كەلگەن مېھمانلىرى ئالدىدا ئۆزىنى خېلى ئۈستۈن، غالىب ھېس قىلىپ ئولتۇردى. ئۇ، «بىزگە قانچە قىلسا ئارتۇق كەتمەيدۇ، قۇدا دېگەنگە مۇشۇنداق داستىخان سالماي قانداق قىلاتتى. خۇدادىن قورقىمىچە، قۇداڭدىن قورق، دېگەن گەپ بار. قىزىمنىڭ قېيىن ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىلى ئۇزۇن، ئېرىنىڭ ئالدىدا ئىززەت-ئابرويى يۇقىرى بولسۇن دېسە، شۇنداق قىلىش كېرەك» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، بۇۋەھەجەر خېنىممۇ «قىزلىق ئۆي خان كۆۋرۈكى، دەيتتىكەن، مانا ماۋۇ مەن-مەن دېگەن خېنىملارمۇ مۇشۇنداق تەزىم قىلىپ ئالدىمىزغا كەلمەي ئىلاجى يوق. مەن قىزىمنى قېتىپ بەرمىسەم قانداق قىلالايتتى. ئوغلى مۇشۇ چاققىچە كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەندۇ ھەقىچان. دېگىنىمنى ئالدۇرىمەن، بولمىسا كۆيۈپ كۈل بولۇپ، شامالدا توزۇپ يۈرۈۋەرسۇن. چىدىغانغا چىقارغان جاھان بۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. بىر ھازا ھەشقاللا، رەھمەتلەر بىلەن داستىخانمۇ يىغىشتۇرۇلدى. ئاخىرى ئابدۇنەبىنىڭ ھامىمىسى سۆز ئاچتى:

— ئالدىلىرىغا يەنە كەلدۇق، بۇۋەھەجەر خېنىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — نەۋرىمىزنىڭ ئايىغى چىقىپ قالايمۇ دەپ قالدى. بۇدا ھەممىيلەن بالىنى دەپ بولسىمۇ مەسلىھەتىمىزنى پىشۇرۇپ كېلىشىپ قالساق، تەييارلىقىمىزمۇ ئاللىقاچان پۈتۈن بولغانىدى، ئەمدى ئۆزلىرى بىر نېمە دېسىلە، بالىلارنىڭ بېشىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ قويساق بوپتىكەن.

— ۋاي، يۈز مىڭ مىرادى شۇنداق بولمامدىغان، ھەربىرلىرى جاھان كۆرگەن، مەنمۇ ھەم شۇنداق، ئەل ئالدىدا بالىلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ قويساق بىزدىن نېمە كېتەتتى، دېسىلە قۇدىلىرىم، ھا ... ھا ... ھا ...

— ئۆزلىرى بەرگەن تىزىملىك بويىچە قانچىلىك قىلساق ئوشۇق كەتمەيدۇ، بىر جاننى خۇدايىم بىزگە يەتكۈزگەن. بۇ بىر جان ئۈچۈن قىزىمىز تولغانئاي خېنىممۇ مىڭ جېنىنى بېرىپ، ئامان-ئېسەن ئاياغلىنىپ تۇرۇۋالدى. خۇداغا يۈز مىڭ قەترە شۈكرى. بۇ خۇشلىقىمىز ئۈچۈن سىلىنىڭ ھەرقانداق تەلەپلىرىنى يەردە قويۇشقا ھەققىمىز يوق. ئۆزلىرىمۇ خەۋەر تاپقانلا، ئاچام بىچارە ئۇنچىلىك قولى قىسقىلىقىمۇ قىلمايتتى. يەنە بىر خاسىيەتلىك ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، ئوتتۇرانچى غوجامنىڭ تويىغا تۇتۇنۇپتىكەن. ئاۋۋال چوڭ كېلىنىم بىلەن نەۋرەمنى يېنىمغا ئەكىلىۋېلىپ ئاندىن بۇ ئىشنى قىلمىسام كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، دەپ ئۆزلىرىگە،

تارتىشىپ ئولتۇرىدۇ، كەم قالغان جايلىرى بولسا كېيىن...

كېيىن دېگەن گەپنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ بۇۋىھەجەر خېنىمنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى. ماۋۇ گەپنى تېخى، مەن ئەتىگەندىن بېرى چۆچۈرىنى خام ساناپ يۈرۈپتىمەن ئەمەسمۇ، دېدى ئۇ كۆڭلىدە. بۇ ھالنى سەزگەن مېھمانلاردىن بىرى غاچچىدە گەپنى ئارىلاپ:

— شۇنداق، بۇۋىھەجەر خېنىم، جاھاندارچىلىق دېگەن ئاستا-ئاستا بولىدىغان ئىشكەن. بۇدا قۇدىلىرىغا نۇسرەتلىك ئىشلار تەڭ كېلىپ قالدى. شۇڭا ئۆزلىرىگە ئۆزرىمىز بار، بىز سىلى دېگەننى چوڭ تويدا قىلغانىغۇ دەپمۇ تۇرۇۋالمايمىز، تولغاناي خېنىمغا ئۇنداق بىلەيزۈكتىن نەچچە، تال بولسىمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. ھازىرچە ئىككى تال قويما ئۈزۈك سوقتۇرۇپ قويغان، شۇنى قىلىپ تۇرساق، قالغان تەرەپلەردە ئۆزلىرى تىزىملاپ بەرگەندەك بولىۋېرىدۇ. مۇشۇندىق بولسا ئەل ئارىسىدا بەك سۇنۇپمۇ قالماسمىز خېنىم، — دېدى.

— بولمىغان ئىش يەنە بولۇپ قالار. بۆشۈك توي دېگەن بۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ كەتمەس، باللار ياش، خۇدايىم بەرسە يەنە بۇنداق تويلاردىن نەچچىنى ئۆتكۈزۈپ بېرەرمىز.

— ۋاي نېمە دەيدىغانلا مېھمانلىرىم، — دېدى بۇۋىھەجەر خېنىم قىزىرىپ، ئېسىلىپ تۇرۇپ، — بۇرۇنقى ئىشلار دېگەن بۇرۇنقى گەپ. ھازىر ھۆكۈمەت بالا بىر-ئىككىدىن ئاشمىسۇن دەۋاتسا، ئۇنداق بولمىغاندىمۇ بۈگۈنكى كۈننىڭ ياشلىرى جىق باللىق بولساق بالدۇر قېرىپ كېتىمىز، كېيىنمۇ دەردى-بالاسىدىن چىقىپ بولغىلى بولمايدۇ، دەپ يۈرۈشمەمدۇ؟ بۇ تويىنى ھەرقانچە قىلساق ئىككى قېتىم قىلالارمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ تۇنجىسى تۇرسا، خەقلەرنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ھالى شۇنچىلىككەنكەن دېگەن گەپكە قالغۇچە جان چىقىپ كەتسىمۇ چىدىغۇلۇق ئەمەسمۇ، بالا ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا سالىدۇ. يا مەن بوغچامغا تىقىۋالمايمەن، كىيسە يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا كىيىدۇ. يا مەن ئۇچامغا ئارتىۋالمايمەن...

— ئۇغۇ شۇنداق، — ئابدۇنەبىنىڭ ھامىسى ئەمدىلا ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە بۇۋىھەجەر خېنىم ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى.

— بولدى، بۇنىڭغا ئوخشاش تويلاردىن كۆرمىگىنى كۆرگەنمەن. ئەجەب باشقىلار قىلالايدىكەن شۇنداق يارىشىقىنى، گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرگەندەك، باشقىلارنىڭ قىزلىرىغا ياراشقان قوش-قوش بىلەيزۈك مېنىڭ قىزىمغىمۇ يارىشىدۇ تازا. شۇ چوكانلار قانداق ئىنجىقلاپ تۇغقان بولسا مېنىڭ قىزىممۇ ئۇنىڭدىن بەكرەك ئىنجىقلاپ، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ تۇغقان، مەنمۇ ئەل ئالدىدا قۇدامنىڭ ئىززىتىنى قىلاي دەپ ئۆزۈمنى سوراپ بىرمۇنچە تەييارلىق قىلىپ يۈرۈپتىمەن تېخى. بۇ گەپچە بىز كېلىشىپ بولالمايدىغان ئوخشايمىز، قۇدامنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئەل ئۆمرىدە تۇنجى نەۋرە كۆرۈشىمىز. ئەمدى مۇشۇنىڭغىمۇ شۇنچىۋالا سوروقچىلىق كېتەمدۇ؟ قىزىم دېگەن تېخى ياش، خىزمىتىمۇ، چىرايىمۇ جايىدا، «تۆشۈك مونچاق يەردە

www.uyghurkitap.com

قالماس، بىرى چالما دېسە، بىرى ئالما، دەپ ئاپتۇ، دەيدىغان گەپ بار. قالغىنىنى قۇدىلىرىم ئۆزلىرى بىلىشسۇن. نى - نى يەردىن خەقلەر چىقسا قىزىم دېگەن ئەقلى گەجگىسىگە چىقىپ قالغان ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. مەنمۇ ئۇنچىۋالا كىچىك ئادەمنىڭ بالا - ۋاقىسى ئەمەس، بۇ دورەم ئەجەب بولۇپ قالدۇقا، يا قۇدامنىڭ شەيتىنى بىزنى كىچىك كۆرسىتىۋاتامدىغاندۇ. بالا دېگەننى تۇغۇپ قويسا ئاش بىلەن نان يەپ چوڭ بولۇپ قالىدۇ. بىز مەشەدە توختاپ قالايلى، بالا ماڭا مىڭ يىل قېپقالسىمۇ ئېغىرلىق قىلمايدۇ. ئېغىرىنى يەر كۆتۈرەر، رىسقىنى خۇدايىم بېرەر ...

بۇۋىھەجەر خېنىم پوكاندەك ئېسىلىپ تۇرۇپ، پىلىموتنىڭ ئوقىدەك گەپ ياغدۇرۇۋەتتى. مېھمانلار پېشىنى قېقىپ كېتىپ قېلىشقاندىن كېيىن تولغانغاي بىچارە ئۆزى يېتىپ قوپىدىغان ئۆيدە بالىسىنى باغرىغا بېسىپ، ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل بىر ئادەم ئەمەسلىكىنى، ئابدۇنەبى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەس ھاڭنىڭ تولىمۇ چوڭقۇرلۇقىنى، ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقىشقا ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئانىسى مېھمانلارنى سوغۇقلا ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئەلىمىنى يەنە ئۇنىڭدىن ئالدى: ئەمدىغۇ تاۋۇزۇڭ قولتۇقۇڭدىن چۈشكەندۇ بەختى قارا شۇم پېشانە، توزۇكرەك ئەر بولسا بۇ چاققا سېنى ئىككى تال نەرسىنىڭ كۆزىگە قارىماي يۆتكەپ كەتمەمتى؟ ئاشۇ رازىيە ساۋاشچىلىك بولالمىدىڭغۇ مانا، ھەي ئىست، ھەي ئىست ...

## 6

خۇش خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرغان ئابدۇنەبىنىڭ ئانىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. — ھەي، بۇ ئىشلارنىڭ تەڭ كېلىپ قالغىنىنى، بولمىسا قۇدامنىڭ دېگىنىنى ئېلىپ بېرىپ، كېلىنىمنى ۋاقتىدا يۆتكىۋالساق، ماغدۇرۇمنىڭ بار ۋاقتىدا نەۋرەمنى بېقىپ بەرسەم، مەندىن قالغاندىن كېيىن ئانام كۆرگەن، ئانام باققان بالام دەپ شۇ ئوغۇللىرىم ياد ئېتىپ قوياتتى ئەمەسمۇ، ئاھ، خۇدايىم، ئەمدى قايسىنىڭكىگە ئولگۈرۈمەن، — دەپ ھەسرەت چېكىشكە باشلىدى. ئولتۇرغانلار ئۇنىڭغا ئۈنى دەپ، بۇنى دەپ تەسەللى بېرىپ، ئاخىرى ئابدۇنەبىنىڭ ئىنىسىنىڭ توينى تېزرەك قىلىۋېتىشكە مەسلىھەت بەردى.

ئابدۇنەبى بالىلارنىڭ چوڭى ئىدى. قالغان ئىككى ئوغلىمۇ تەييار بولۇپ قالغان. قىزى بولمىغاچقا تولغانئاي بۇ ئۆيگە كىرگەندىن بېرى قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ ئانىسىنىڭ يېرىم كۆڭلىنى تولدۇرۇپ، بۇ ئۆيگە شادلىق بېغىشلىغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇنەبىنىڭ ئىنىسىنىڭ تويىمۇ بولۇپ ئۆتتى.

بۇدۇر چاچلىرى دولىسىدا تۇمانىدەك يېيىلىپ تۇرغان، بادام قاپاق، ئىنچىكە

قاشلىرى يىمىرىلىپ تۇرىدىغان، بۇغداي ئۆڭ، زىلۋا بويلۇق يېڭى كېلىن ئۆيگە كىردى. ئۇلارنىڭ ھۇجرىسىدىن قاقاقلاپ كۈلگەن نازلىق ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالغاندا ئابدۇنەبىنىڭ قولى ئۇدۇل يانچۇقىدىكى تاماكا قۇتىسىغا يۈگۈرەيتتى. ئۇ شۇنداق ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ توي كۈنىدىكى مەنزىرىلەرنى ئەسلەپ قالاتتى. چىرايلىق ئايدىڭ كېچىدىكى قانداق شېرىن ۋاقىت ـ ھە!

ئۇ كۈندۈزلىرى ئىش ـ كۈشلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ كۈننى كەچ قىلغىنىنى بىلەن كېچىلىرى ئۇيانغا ئۆرۈلۈپ، بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايتتى. كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغان ھامان تولغانئاي بىلەن بالىسىنى چۈشەپ چىقاتتى. بىر قېتىم شۇنداق چۈش كۆردى: ئاپئاق كۈلۈچ كۆڭلەك كىيىۋالغان تولغانئاي قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئابدۇنەبىنىڭ ئالدىدا قاچارمىش. ئابدۇنەبى كەينىدىن قوغلارمىش. ئۇلار شۇ قوغلاشقىنىچە ئادەمزاتسىز، قۇشلار چاڭقىلداپ سايراپ تۇرغان بۈك ـ باراقسان ئورمانلىق، رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن چەكسىز يېشىل دالىدىن ئۆتۈپ، سۈزۈك سۇلار ئوينىقىشىپ ئېقىۋاتقان بىر گۈزەل ماكاندا بىر ـ بىرى بىلەن ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ كەتكەنمىش، ئارقىدىنلا باشقا بىر كۆرۈنۈش: تولغانئاي قاپقارا، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان، قارا بوران ئارىلاش بىر تۇمان ئىچىدە چاچلىرى يۈزىگە، بويۇنلىرىغا يېيىلغان ھالدا پەيدا بولۇپ، يىغلىغان پېتى ئابدۇنەبىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالغانمىش. بىر چاغدا بالىسى قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ كۈلگىنىچە «دادا، دادا» دەپ قولىنى سوزۇپ كېلىۋاتقانمىش. ئابدۇنەبى بالىغا ئەمدى يېقىنلىشاي دېگەندە قاپقارا بىر يوغان قول بالىنى قامالاپ، باستۇرۇپ كېلىۋاتقان قارا تۇمان ئىچىگە ئېلىپ كەتكەنمىش. بالىنىڭ قىيقىراپ يىغلىغان ئاۋازى تۇمان ئىچىگە ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كېتىۋاتقانمىش. ئابدۇنەبى «ۋاي جېنىم بالام، قېنى سەن!» دەپ توۋلىغان پېتى ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ، چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەن، كۆزلىرى ياشلانغان ھالەتتە كېچىنى تاڭغا ئۇلىدى.

*　　　*　　　*

تۈن نىسپى بولاي دېگەن چاغ، بۇۋىھەجەر خېنىم ئۇيانغا ئۆرۈلۈپ، بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ھېچ ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۈستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا بىر نېمىلەرنى يېزىپ ئولتۇرغان ئېرىنىڭ مۈكچەيگەن گەۋدىسىگە قاراپ دەسلەپىدە يۈرىكى پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولدى، كېيىن ئاچچىق بىر سېزىم مېڭىسىگە غۇژژىدە تەپتى.

ـ ماڭا قارىسىلا، ـ دېدى ئۇ ئېرىگە چەكچىيىپ.

ـ ...

ـ ھوي ئادەم، سىلىنى دەۋاتىمەن.

ـ ھە، نېمە ئىش؟ ـ بېشىنى كۆتۈردى يولدىشى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى www.uyghurkitap.com

— سىلى ماۋۇ ئۆيىنىڭ بېشىمۇ - ئەمەسمۇ، قاچان قارىسا ئاشۇ قەغەز دۆۋىسىنىڭ ئىچىگە چۆكۈپلا كىرىۋېلىپ، ھەممە ئىشنى ماڭا تاشلاپ بېرىپ يۈرەملا.
— نېمە دېمەكچى بولغىيتىڭلار، ھېچ چۈشىنەلمىدىمغۇ.
— بىز يەرنى قاچان ئالىمىز، ئۆينى نېمە بىلەن سالىمىز. تولغانغانلىقىڭىزنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟ مەن بىر جېنىمغا قايسى بىرىنى قىلىپ بولىمەن. سىلىنىڭمۇ ئەر كىشى دېگىلى بولامدۇ؟
— ھەي نېمانداق بولمايدىغان گەپنى قىلىپ يۈرىدىغانسىز ماۋۇ خوتۇن. ئەر كىشى بولماي نېمە بوپتىمەن. يىگىرمە - ئوتتۇز يىلدىن بېرى مېنىڭ نېمە ئىشلەۋاتقانلىقىمنى بىلەلمىدىڭىزمۇ؟ — ئاچچىقلاندى ئۇ.
— بىلدىم، ئوبدان بىلدىم. سىلى يا ئۆيگە، يا ماڭا دېمە راھەت ئەكەلدى، قارىسامىلا، سىلى بىلەن تەڭ خىزمەتكە چىققانلارنىڭ ئەمىلى ئۆسۈپ، نەچچە دەرىجە يۇقىرى مائاش ئېلىپ، سىلىدەكلەردىن كۆرمىگىنى باشقۇرۇپ، ئۆزىگە تەزىم قىلدۇرۇپ يۈرىدۇ. سىلىچۇ، ئوتتۇز يىلدىن بېرى باش كۆتۈرمەي كالىدەك ئىشلەپ كېلىۋېرىدىلە. يا دەرىجىلىرى ئۆسمىدى، يا بىر نانلىرى ئىككى بولۇپ ئۆتمىدى. سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشقا كىم ئاڭلايدۇ. ئويلاپ باقسىلا، خەق كەڭرى ئايۋان سارايلارنى سېلىپ، زېمىنغا قېقىلغان ئالتۇن قوزۇقۇم بار، دەپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرسە، ھوقۇقۇم بار، دەپ كۆڭلىگە مىڭنى ئۆزىگە باش قويدۇرۇپ ئۆتۈۋاتسا، سىلى كەچكىچە شۇ قەغەز دۆۋىسىگە چۆكۈپ ئولتۇرۇۋېرەملا؟!
مۇئەللىم كۆز ئەينىكىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، بىر پەس جىم بولۇپ قالدى. راست، بۇۋىھەجەر خېنىمنىڭ بەزى گەپلىرىنى ئورنىغا كەلتۈرۈپ دەۋاتامدۇ - قانداق؟ ئۇ بىر ئۆمۈر ئاچچىق بور توزۇنلىرى ئىچىدە دوسكا بىلەن دەرس مۇنبىرى ئالدىدا مېڭىپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا ئەمدى ھارغىنلىق يەتكەندەك قىلاتتى.
مۇئەللىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، مۆكچەيگەن گەۋدىسىنى يەنە شىرە ئۈستىدىكى ماتېرىيال دۆۋىسى ئىچىگە چۆكتۈردى. بۇنى كۆرگەن بۇۋىھەجەر خېنىمنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى:
— بىر نېمە دېمەيلىغۇ!
— پىكرىمنى چاچماڭلار خوتۇن. بىز نېمە دېگەن بىلەن ھالال ياشاپ كەلدۇق، ئەمدى ئاخىرىغا كەلگەندە يەنە...
— نېمە دېدىلە!؟ بىزمۇ ئەل قاتارى كۈن كۆرسەك يامان بولامدىكەن؟ بىز ھالال ياشىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا باشقىلار ئېرىشكەنگە ئېرىشەلمىدۇق؟ ئەپەندىم دېگەنىنىڭ قۇرۇق گېپىدىن باشقا نېمىسى باردۇر، بۇ ئادەم بىلەن كۆرگەن كۈنۈمگىمۇ تويدۇم، ۋاي ئىست، ۋاي ئىست... — بۇۋىھەجەر خېنىم ئاچچىقىغا پايلىماي، مىشىلداپ يىغلىۋەتتى.

## 7

ئۇلار يەنە مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى شېغىل يېيىتىلغان چوڭ يولدا ئۇچراشتى.
ئىككى ياش بىر-بىرىگە بىر هازا قاراپ قېلىشتى. بىرىنىڭ يۈزىنى سۈس سېرىقلىق قاپلىغان. يەنە بىرىنىڭ مەڭىز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىقىپ، مۇسىبەتلىك كۆنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەمدەك، يۈزلىرىنى ساقال بېسىپ كەتكەن. ئۇچاقتىكى ئوتنى يوشۇرغان بىلەن تۈتۈننى يوشۇرغىلى بولمىغاندەك، بۇنداق ئايرىلىپ ياشاش بۇ ئىككىيلەننىڭ يۈرىكىنى قاتتىق ئۆرتىگەن ئىدى. ئۇلار بىر نېمە دېيىشمىگەن بولسىمۇ، يۈرەكتىكى گەپلىرىنى كۆزلىرى ئارقىلىق بىلدۈرۈشۈپ تۇرۇشاتتى.
— تولغاندىغاي، بالىنى ئوينىتىپ ئەكىلىمەن دەپ سىرتقا ئېلىپ چىق، كېتىمىز،— دېدى ئابدۇنەبى بىر هازادىن كېيىن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.
— نەگە كېتىمىز؟
— ئۆيىمىزگە.
— نېمە دېدىلە؟ سىلە...سىلە...نېمە بولۇۋاتىلا؟
— ئاناڭ سېنى يۆتكىگىلى قويمىغاندىكەن، شۇنداق قىلماي نېمە ئامال بار؟
— ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ، خەقلەر نېمە دەيدۇ؟
— هېچقانداق بولمايدۇ، قانۇنلۇق ئەر-خوتۇنلارغۇ بىز. ئاناڭ قاقشاپ قالىدۇ شۇ. بىزنى بوش قاقشاتمىدى. ئۆزىمۇ بىر تەمىنى تېتىپ باقسۇن.
— ياق بولمايدۇ، سىلىگە هېچ گەپ كەلمىگىنى بىلەن ماڭا، ئانامغا نېمە گەپلەر كەلمەيدۇ دەيلا. ئۇمۇرۋايەت قارغىش ئىچىدە ياشايمەن شۇ.
— نېمە قورققۇلۇق، يا بىز قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلمىساق.
— ياق، ئۇنداق بولمىغاندىمۇ ئاپام ئادەم باشلاپ كېلىپ كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرسىتىشتىن يانمايدۇ. جېنىم ئابدۇنەبى، باشقا ئامالىمۇ تېپىلىپ قالار.
— قانداق ئامال؟
— هازىرچە بىر نېمە دېيەلمەيمەن.
ئابدۇنەبى شۇ كۈندىن باشلاپ يۈرۈن دەردىنى هاراقتىن ئالىدىغان بولدى. كۆپ هاللاردا مەست هالەتتە يۈرەتتى. ئۇنى بۇ هالدا كۆرگەن دوستلىرى ئۇنىڭغا كايىشقا باشلىدى:
— هەي ئاداش، ئۆزۈڭنى بۇنچىۋالا تاشلىۋەتمەي، ئوغۇل بالىدەك يۈرگىنە!
— ساڭا تولغانىيدىن باشقىسى يارىمامدۇ، ئۇنىڭغا ئالىدىغان تويلۇقىڭدىن ئازراقىنى تاشلاپ قويساڭ، بەدىنىگە ئەركەك چىۋىن قونمىغان 18 ياشلىق رەنا سۈپەتتىن بىرنى ئۆيۈڭگە ئەكىلىۋالالايسەنغۇ...
— شۇ ئەمەسمۇ، نېمە ئانچە قىلىپ كېتىدىغانسەن ئۇنىڭغا، جاهاندا قىز تۈگەپ قالغاندەك.

ئابدۇنەبى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شۇنداق قىلايمۇ ـ يا، دەپمۇ قالدى. بىراق يۈرىكىنى دەككەپ بېقىۋىدى، ھەرقانداق بىرىنىڭ تولغانئاينىڭ ئورنىنى ئىگىلىيەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئارقىدىنلا ئايىغى چىقىپ ماڭاي دەپ قالغان ئۇماق قىزنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن چوقۇم ئامال تېپىشىم كېرەك.

ئۇ، بىر كۈنى زاۋۇتتىكى بىر پېشقەدەم ئۇستىغا ئەھۋالىنى ئېيتىپ مەسلىھەت سورىدى.

— ماڭا قارا ئوغلۇم، — دېدى پېشقەدەم ئۇستا ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ، — قولۇڭدىن خېلى ئىش كېلىدىغۇ سېنىڭ. زاۋۇت تەشكىلى بىلەن كۆرۈشۈپ، شتاتنى ۋاقىتلىق ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن بېشىڭنى ئېلىپ چىقىپ كەت. جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى، ماڭىدىغان يولمۇ جىق.

## 8

ئابدۇنەبى يوقاپ كەتكەندىن كېيىن بۇۋىھەجەر خېنىمنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىۋېلىپ ھەر سەنەمگە دەسسەتكىلى تۇردى. ئۇ ئۆزىچىلا ئارىلاشمىغىلى ئۇزۇن بولغان ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مۇڭدىشىپ كېلىشىنى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

— ۋاي قانداق قىلاي، — دېدى ھاممىسى بۇۋى ھەجەر خېنىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، — بىزنىڭ غېنى ھاجىممۇ خوتۇنىدىن بەختلىك بولالمىدى. بۇ خاپىلىقنى ئاز دەپ تولغانئاي خېنىممۇ ئەردىن بەختسىز چىقىپ قاپتۇ، ئابدۇنەبى دېگەن قوڭالتاقنىڭ تېپىلغۇسىز چىرايلىق خوتۇنىنى تاشلاپ يوقاپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان، قانداق چىدىغاندۇ، ھەي ـ ھەي!

— شۇ ئەمەسمۇ، باشتا بولمايدۇ، دەپ شۇنچە توسساممۇ تولغانئاي دېگەن ئەخمەق ئۇ يالاڭتۆشكە چىڭ چاپلىشىۋالدى. كېيىن بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ، ماقۇل بوپتىمەن. مانا ئەمدى بۇ باش ئاغرىقىغا قالغىنىمنى كۆرەمىلا ھامما خېنىم.

— باش ئاغرىقمۇ ساقىيىپ كېتەر، — دېدى ھاممىسى ئۆز دەردىنى تۆكۈپ، — مەنمۇ بالامنى ئىككى قېتىم ئۆيلىدىم، بىرەرسىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالغان خوتۇنلىرىنىڭ ھېچقايسىسى تۇغمىدى، بىچارە بالامنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم...

— ۋاي ھامما خېنىم، ھېچ بىلىپ بولمايدۇ. بىزنىڭ تولغانئاي دېگەن جۇۋاينىمەك، بىر مەزگىل سالتاك يۈرۈۋالارمىكىن، دېسەم، ئۇيانىدىن توي قىلىپ، بۇيانىدىن چۆچۈرە تۈگۈپ ئولتۇردى، قارىسىلا، بالىسىغۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگۈدەك چىرايلىق بالا بولدى.

بۈۋىھەجەر خېنىم بىر پەس جىمىپ قېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ مەن قىزىمنى ئاجرىتىۋالايمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن.

ــ ئۇنداق بولسىغۇ بەك ياخشى بولاتتى. غېنى ھاجىم بالامىزنى شۇنى كۆتكەندەك قىلىدۇ، ئوغۇل بالا دېگەن پۇل تاپتىم دېگەن بىلەن ئۆيدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيدىكەن.

شۇنداق قىلىپ غېنى ھاجىم پات ـ پات بۈۋى ھەجەر خېنىمنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولۇپ قالىدىغان بولدى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە موتىسىكلىتنى ھەيۋەت بىلەن ھەيدەپ كېلىپ، ھويلا ئىشىكىگە تاقاپ بىرمۇنچە ئاۋاز چىقىرىۋېتىپ ئاندىن توختىتاتتى ـ دە، يوغان بولاقلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلەتتى. تولغانئاي ئۇنىڭ بىلەن سۇسقىنە كۆرۈشۈپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى ياكى ئاشخانا ئۆيگە كىرىۋېلىپ بىر نېمىلەرنى قىلغان بولۇپ تۇرۇۋالاتتى.

ئاپام ئەجەب مېھمان قىلىپ كەتتا بۇ بايۋەتچىنى، ــ دەيتتى ئۇ ئىچىدە. غېنى ھاجىم تولغانئاينىڭ بالىسىنى قولىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ كېتەتتى، ھەر قېتىم كەلگىنىدە بالىنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قوياتتى.

ــ ۋاي ھاجىم نېمە قىلغانلىرى بۇ، نېمانچە ئاۋارە بولۇپ كېتىلا، بىز دېگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان تۇرساق، بۇنداق قائىدە ئىزدەپ نەگە باراتتۇق. ئەكەلگەنلەرنى ئاز دەپ، ئەمدى بۇ بالىغىمۇ ھى...ھى...

ــ مەن سىلىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئورنىدا تۇرسام. بۇنچىلىك قىلمامتىم. بىز دېگەن «سۆڭ» دېسەك، بۇنداق تېزىلا قولىمىزغا ئۇچۇپ كېلىدۇ دېسىلە...

بۈۋىھەجەر خېنىمنىڭ كۈلكىدىن ئاغزى يۇمۇلمايلا قالاتتى. ئۇستى ـ ئۇستىگە خوش ـ خوش ئېيتىپ، غېنى ھاجىمنى ئىشىك ئالدىدىن خېلى بىر يەرلەرگىچە ئۇزىتىپ قوياتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئابدۇنەبى چوڭ بىر سودىنىڭ بېشىنى تۇتۇپتىكەن، بىرمۇنچە تاپاۋەت بىلەن قايتىپ كەپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى.

* * *

ئابدۇنەبىنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان بۈۋىھەجەر خېنىم ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇ دەرھال ھاممىسىنىڭكىگە چاپتى.

ــ قانداق قىلىمىز ھاما خېنىم؟ ئابدۇنەبى دېگەن يالاڭتۆش يەنە پەيدا بوپتۇ. تولغانئاينىڭ خېتىنى بەرمەيمەن دەپ تۇرۇۋالسا ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ. قىزىم دېگەن جۇۋاينىمەكنى شۇنچە قورقىتىپ باقسامۇ ھېچ گەپكە كىرگىلى ئۇنىمىدى.

ــ بوپتۇ، بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئىشى، بالىلارنىڭ رىسقى قېتىلمىغان بولسا بىز نېمە قىلالايتتۇق؟ خۇدايىم غېنى ھاجىمنىڭكىمۇ بەختى تەلىيىنى بېرىپ قالار. ئۇنىڭ پۇل دېسە پۇلى بار، يول دېسە يولى بار، ــ دېدى ھاممىسى قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ.

غېنى ھاجىمنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. «خەپ، توختاپتۇر، ساڭا ئۆۋزۆنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام» دېدى ئۇ كۆزلىرىگە قان تولغان ھالدا. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئابدۇنەبىنىڭ پېيىگە چۈشتى.

شۇرىغان ئارىلاش قار چۈشۈۋاتقان جۇدۇنلۇق بىر ئاخشىمى ئابدۇنەبى ئىككى ئاغىنىسىنىڭ زورلىشى بىلەن قوشنا مەھەللىگە كەچلىك ئولتۇرۇشقا باردى.

نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىدىن ئۈيگەندەك بولۇپ، ئولتۇرۇش ئاياغلاشمايلا ئاغىنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ ئەمدىلا چوڭ يولغا چىقىشىغا نىقابلانغان ئۈچ ئادەم قويۇق دەرەخلىك ئارىسىدىن ئۇن چىقارماي تەڭلا چىقىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

* * *

جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە باش ـ كۆزلىرى ئاپئاق داكا بىلەن تېڭىلغان، بۇرنىغا ئوكسىگېن نەيچىسى سېلىنغان ئابدۇنەبى ھوشسىز ھالدا ياتاتتى، شۇ كۈنى كەچتە ئۇنى ئولجىغا ئېتىلغان ئاچ بۆرىلەردەك تالاۋاتقان ھېلىقى ئۈچ ئادەم يىراقتىن كېلىۋاتقان ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېچىپ كېتىشكەن، ناتونۇش شوپۇر قانغا مىلىنىپ ياتقان ئابدۇنەبىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكى بىلەن سول پۇتىمۇ سۇنۇپ كەتكەن بولۇپ، ئەھۋالى خېلىلا ئېغىر ئىدى. تولغانئاي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە بىرلا چىرقىراپ ھوشىدىن كەتتى.

## 9

تولغانئاي بىر ھەپتىگىچە ئىشقىمۇ بارالمىدى. بۈگۈن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئىلگىرى ئابدۇنەبى ئۇنى ساقلاپ تۇرىدىغان يول بويىدىكى دوقمۇشتىن مۆكۈلدە غېنى ھاجىم چىقىپ كەلدى. تولغانئاي ۋېلىسىپىتتىن ئىتتىك چۈشۈپ، ئالدىنى خادا تاشتەك توسۇپ تۇرغان غېنى ھاجىمغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى.

— ئاچچىقىڭ كېلىۋاتامدۇ؟ سېنى ئۇچۇرتالماي كۆزۈم تۆت بولۇپ كەتتى دېگىنە. بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىلى نەۋاق، — دېدى ئۇ بىخارامان ھالدا بىزەڭلىك بىلەن ھىجىيىپ.

— نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ يولۇمنى توسۇماي نېرى تۇرسىلا. نومۇسمۇ قىلمايدىكەن.

— نېمىشقا نومۇس قىلىدىكەنمەن؟ مەن سېنىڭ ئاكاڭ تۇرسام، ئەتە ـ ئۆگۈن... ھە ئەتە ـ ئۆگۈن سېنىڭ ئېرىڭ بولۇپ قالىمەن تېخى. قانداق، خوش بولىدىغانسەن؟ ھا... ھا... ھا...

— ئوھۇش، بىزەڭلىك قىلماي نېرى بارسىلا، قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ — تولغانئاي شۇنداق دەپلا ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، غېنى ھاجىم ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقا جازىسىنى تۇتۇۋالدى.

— نەگە ئالدىرايسەن؟ بۈگۈن ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيدە ئولتۇرۇش بار. ئاغىنىلىرىم شەھەردىن تازا سەتەڭ قىزلاردىن نەچچىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقتى. مەن سېنى ئېلىپ بارىمەن دەپ، بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغان.

— تولا لاۋزىلاشماي ۋېلىسىپىتىمنى قويۇپ بەرسىلە. كەچ بوپ كېتىۋاتىدۇ.

— نېمە ئەنسىرەيسەن؟ بۈۋىھەجەر ئاچامغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن. ئاناڭمۇ بىزنىڭ ئىشىمىزنى توغرا تاپتى. بىز دېگەن تۇغقان خەق، «قوينۇمدىن چۈشسە، قونجۇمغا» دېگەن گەپ بار. بالاڭمۇ ھەرگىز يېتىمسىراپ قالمايدۇ. ئانا ـ بالا

ئىككىڭلارنى نېمە دېسەڭلار شۇنى قىلىپ بېرىپ، تاۋا ـ دۇردۇنغا يۆگمۈپتىمەن...
تولغانئاينىڭ تېنى شۈركىنىپ، يۈرىكى سىقىلىشقا باشلىدى.
ـــ ماڭا قارا تولغانئاي، ئابدۇنەبى دېگەن ساق ۋاقتىلىرىدا نەگە بارسا شۇ جايدا بىرەردىن بالىغا ئاتا بولۇپ بولغان. سەن ئۆيدىن چىقماي ھېچنېمىنى بىلمەيسەن، ئۇ دېگەن تۆت چاقنى بىمارلارغا ھەيدىمىدى، ئۇنىڭغا سەن خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىپ يۈرۈيسەن، كۆردۈڭمۇ، خۇدايىم ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىپ چولاق، توكۇر بولۇپ ياتتى. ئەمدى ئۆمۈرۋايەت كارۋاتتىن چۈشەلمەي سېسىپ تۈگەيدۇ...
ـــ نومۇسسىز، مەن سىلىنى ئادەممىكىن دەپتىمەن، تۇفى! ـــ تولغانئاي غەزەپ بىلەن يەرگە بىرنى تۈكۈردى.
ـــ نېمە دېدىڭ؟ مەن ئادەم بولماي نېمىكەنمەن. يەنە بىر دەپ باقە، ۋاي دەپ قويسام ئەجەب ھەددىڭدىن ئاشسەنغۇ، ئاناڭ سېنى ماڭا تاپشۇرغان. ئەمدى نېمە قىلسام ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى.
تەلۋىلەشكەن غېنى ھاجىم تولغانئاينى دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە موتىسىكىلىتىنىڭ كەينىگە مىندۈرمەكچى بولۇۋاتقىنىدا ئىشەك ھارۋىسى ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق بىر دېھقان ھارۋىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى ئاجرىتىۋالدى.
تولغانئاي ئۆيگە كىرىپلا ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتقان بۈۋىھەجەر خېنىم ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىپ، سەل ئاچچىقى كەلگەندەك بولدى ـ يۇ، بىر پەستىن كېيىن:
ـــ دېمىدىممۇ، ئىشلەيدىغان يېرىڭ يىراق، بارغىچە ـ كەلگۈچە خەقلەر سېنى ئېگەسى، ھىماتى يوق، دەپ شۇنداق بوزەك ئېتىدۇ. ئابدۇنەبى دېگەن قوڭالتاقمۇ ئەنە توكۇر بولۇپ ياتتى. مۇشۇ چاقىچە، يا خېتىڭنى ئالمىدىڭ، مېنىڭ گېپىمگە كىرسەڭ بۇ خاپىلىقلارمۇ يوق، ـــ دېدى ئۆزۈپ ـ ئۆزۈپ. ئۇ يېقىندىن بۇيان ئاغرىقچان بولۇپ قالدى. ئەمدى تولغانئاي گېپىگە كىرمىسە ئاۋۋالقىدەك چاچراپ قوپۇپ ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى سوزۇپ، چاچلىرىنى قامالاپ ئالالمايتتى.

**10**

ئۆزى ئىشلىگەن دوختۇرخانىنىڭ ئۆتتە تاش بار، دېگەن دىئاگنوزىغا قانائەت قىلمىغان بۈۋىھەجەر خېنىم داۋالاش ئۇسكۇنىلىرى تولۇقراق دەپ قارالغان باشقا بىر دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈندى. ئۇ دوختۇرخانىدىمۇ ئوخشاشلا تېزدىن ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدۇ، دەپ خۇلاسە چىقاردى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇ ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قالدى. «ئاھ خۇدا! مەن نېمە بولغان ئادەمدىمەن، مېنى يەنە قانداق پالاكەتلەر كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟» دەپ زارلىناتتى ئۇ. بۈۋىھەجەر خېنىم ئامالسىز ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا قوشۇلدى. گەرچە ئۇ، دوختۇرخانىدا ئىشلەپ، كېسەللەرنىڭ ئاھۇزارىنى تولا ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۆزى ئوپېراتسىيە كارىۋىتىغا ياتقۇزۇلغاندا قورققىنىدىن جاقىلداپ تىترەپ، قاسساپنىڭ ئالدىدىكى پۇتى چۈشەلگەن قويدەك تىپىرلاپ كەتتى. جىددىي قىياپەتتە تۇرۇشقان دوختۇرلارنى كۆرگەندە ئۆزىنى بۇ ئۆيدىن تىرىك چىقالمايدىغاندەك ھېس قىلىپ ھوشىنى يوقىتىپ قويايلا دېدى.

www.uyghurkitap.com

ئوپېراتسىيە مۆلچەرلەنگەن ۋاقىتتىن ئېشىپ كەتتى. سىرتتا كۈتۈپ تۇرۇشقان بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئەنسىرىشىپ قېلىشتى. دوختۇرلارمۇ جىددىيلەشكىلى تۇردى. ئۇلار كېسەلنىڭ قان بېسىمى، يۈرەك ھەرىكىتىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋابلاردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، كېسەلگە قان بېرىلدى. ئوپېراتسىيە خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى.

ئۈچىنچى كۈنى بۈۋىھەجەر خېنىم ئاستا ئىڭراپ كۆزىنى ئاچتى.

ئاسما ئوكۇل يىڭنىسى ئۇنىڭ بىلىكىنى كۆپكۆك ئىششىتىۋەتكەن ئىدى. سېستىرالار ئاسما ئوكۇل يىڭنىسىنى يەنە بىر بىلەككە يۆتكىمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ كۆڭسىكىنىڭ يېڭىنى قايرىۋىدى، ئۇيۇپ قالغان قان داغلىرى ئاستىدا يالىلداپ تۇرغان ساپسېرىق بىلەيزۈكنى كۆردى. ئۇلار تولغانىغا بىلەيزۈكنى ئېلىۋېتىشنى بۇيرۇدى. تولغانئاي ئەمدىلا بىلەيزۈككە قول ئۇزۇتىۋىدى، بۈۋىھەجەر خېنىم ئۈچ كۈندىن بېرى يۇمۇپ ياتقان كۆزىنى لەپپىدە ئېچىپ شۇنداق بىر چەكچەيدىكى، جىيەكلىرى كېڭىيىپ، قاراقلىرى تارتىلىپ، خۇنى ئۆچۈپ كەتكەن بۇ كۆزلەردىن ئىسپىرتقا چىلانغان پاختا پىلتىكۈچنى تەڭلەپ تۇرغان سېستىرامۇ قورقۇپ كەتتى. سېستىرا سەل تۇرۇپ ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ بىلەيزۈككە قول ئۇزاتتى. بۇ كۆزلەر يەنە شۇنداق سەت چەكچەيدى. سېستىرا بىر نېمىلەرنى دەپ غوتۇلداپ، كېسەلنىڭ ئايىغىغا باردى ـ دە، چىمچىلاق پۇتىنىڭ ئاستىدىكى تومۇرىنى خېلى ئۇزۇن ئاۋارە بولۇپ تاپتى، ئۇ ئاسما ئوكۇلنىڭ يىڭنىسىنى ئۇنىڭ پۇتىغا سانجىپ، تېڭىپ قويدى. ئاندىن كېسەلنىڭ پۇتىنى مىدىرلاتماسلىقىنى تاپىلاپ، بۈۋىھەجەر خېنىمنىڭ چەكچەيگەن كۆزىگە يەنە بىر قېتىم ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بۈۋىھەجەر خېنىم توققۇز كۈن بولغاندا ئوپېراتسىيە كارىۋىتىغا يەنە ئېلىپ چىقىلدى. قېرىشقاندەك كېسەلگە يۆتەل چاپلىشىۋېلىپ، قورساقنىڭ تىكىلگەن يېرىنى ئېچىپ قويدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئوپېراتسىيىدىن كېيىن كۆزىنى ئاچقىنىدا تۆپە ـ تۆپىلەپ قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان بىلەيزۈككە ھالسىزغىنە قاراپ قويدى. ئەسلىدە ئۇ بىلەكنى كارىۋاتقا تېڭىۋەتكەچكە ئوپېراتسىيە جەريانىدا قىل تومۇرلارنى بوغۇپ بولغۇچە جىرقىراپ چىققان قان بىلەيزۈك سىيلىنغان بىلەككىمۇ چاچرىغان ئىكەن. بىلەيزۈك شۇ چاغدا خۇددى قاندا سۇغۇرۇپ ئالغاندەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ، دوختۇرخانىدا خېلى ئۇزۇن ياتتى. جاننى قاقشاتقۇچى كېسەل ئازابى ئۇنى خېلىلا ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ، ئۆمرۈمدە بىر ماڭدام مېڭىپ باققان بولغىيمىدىم، دەيتتى ئەلەم بىلەن خورسىنىپ. يوقلاپ چىققۇچىلار بۈۋىھەجەر خېنىمنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ قايتىشاتتى. سىرتقا چىقىپلا «ۋاي ئېسىت، ئادەم دېگەننىڭ كۆزى مۆلدۈرلەپ، يەرنى دەسسەپ تۇرغىنى بىر غەنىيمەتكەن. شۇنداق نوچى خوتۇننى يەرگە چاپلاپلا قويۇپتىغۇ بۇ كېسەل» دېيىشەتتى.

مەريەم ھاجى خېنىم بالنىستقا كېلىپ بۈۋىھەجەر خېنىم بىلەن يىغلاپ كۆرۈشتى. ئۇ، بۈۋىھەجەر خېنىمنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ «ۋاي ئېسىت تۇغقىنىم، مىز ئالمىدەك چوكان ئىدىلىغۇ، قايسى ئاچنىڭ كۆزى تەگكەندۇ؟» دېگىنىچە ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. كېيىن:

ـــ مەن خېلى بۇرۇنلا سىلىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكلىرىنى سەزگەنتىم، كۆزلىرىنىڭ

ئېقىندىنىڭ سېرىق بولۇپ قېلىشى، ئاشقازانلىرىنىڭ ئاغرىشى، گەجگىلىرىنىڭ تېلىپ، قىزىشى ئۆت كېسىلىدىن دېرەك بېرەتتى ئەمەسمۇ؟ ئادەم ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇۋەرسە شۇنداق بولۇپ قالىدۇ بۇۋىھەجەر خېنىم. ئەمدى ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا،— دەپ تەسەللى بەردى.

مەريەم ھاجى خېنىم ئۇزۇغاندىن كېيىن بۇۋىھەجەر خېنىمنىڭ بىر كېسەلى ئون بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، «مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئەجەب مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدىما، خۇپ، ساقىيىپ ئورنۇمدىنمۇ تۇرارمەن» دەپ ئويلايتتى.

ئۇ، بالنىستتىن چىقتى. بىراق بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ، ئۆپكىدەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان بەدەنلىرى لەشتەك بوشاپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، ئىچ ـ ئىچىدىن بۇغنۇقۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. «ئېست، مەن نېمىلەرنى كۈتتۇپ، نېمىلەرنى ئارزۇ قىلغان ئىدىم ـ ھە! ئاھ، خۇدا، دوست ـ دۈشمەنلىرىمنىڭ ئالدىدا مېنى مۇشۇنداقمۇ يەرگە ئۇرامسەن، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە گۇناھلارنى قىلغان بولغىيتتىم؟ ئەمدى مەن بۇ ھالىم بىلەن نېمىسىگە ئېرىشەلەيمەن. تۈگەشتىم، تۈگەشتىم!» دەپ قاقشايتتى، نالە قىلاتتى. بەزىدە كۆڭلىنى ئازراقمۇ بولسا ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن چامادان، ساندۇقلىرىنى ئېچىپ، ئۇزۇندىن بۇيان كېيىشكە نۆۋەت كەلمەي تۇرغان چىرايلىق كۆڭلەكلىرىنى ئېلىپ كىيىپ باقاتتى. زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى تاقاپ، تىكلىمە ئەينەككە قاراپ باقاتتى. ئۇ، ئۆزىگە ئوخشىماي قالغانىدى. ئوزاقى يەلى ئۇنىڭ چېكىسىگە قونغان قۇش سۈرەتلىك تاجىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۆزىنىڭ ئەپتىگە قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

ھويلا ئىشىكى چېكىلدى. ئارقىدىنلا بىرىنىڭ:

— بۇۋىھەجەر خېنىم! — دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، خۇش ياقماسلىق بىلەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئالدىدا ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، ئاق سېرىق كەلگەن بىر ئوغۇل بالا تۇراتتى. ئۇ، بالىنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپمۇ قىلمىدى.

— خان ئانام ماۋۇ باغاقنى ئەۋەتكەنتى، ئەتە...— ئۇ، باغاقنى ئالدى. كۆز قارىچۇقى ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان قولىدىكى قېلىن، يالتىراق، توق قىزىل رەڭلىك تۆت چاسا قەغەز ئۈستىدە، ھەل بېرىلگەن سېرىق رەڭلىك نەقىشلەر، چىرايلىق يېزىلغان خەتلەردە قېتىپ قالدى. بىر پەستىن كېيىن قىزىل قەغەز ئاستا ـ ئاستا سۇيۇق جىسىمغا، ھەل بېرىلگەن سېرىق رەڭلىك نەقىشلەر، چىرايلىق خەتلەر ساپسېرىق مېتالغا ئايلىنىپ، بۇلدۇق ـ بۇلدۇق قىلىپ تۇرغان قان ئىچىدە يېقىملىق جىرىڭلاپ، ۋال ـ ۋۇل نۇر قايتۇرۇپ يالىلداپ كەتتى.

ئۇ باشتا خىر ـ خىر قىلىپ، كېيىن بار ئاۋازى بىلەن تەلۋىلەرچە كۈلۈپ كەتتى. بۇ كۈلكە تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھەم مەنىسىز ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

www.uyghurkitap.com

مەريەم تۇردى



# قىسمەت

(ھېكايە)

قەبرىستانلىق مەھەللىگە بىر چاقىرىم كېلىدىغان تاغ باغرىغا جايلاشقانىدى. پېشىن نامازدىن كېيىن قىرىق - ئەللىكچە ئادەم بىر مېيىتنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ كەلدى. ئېگىز بويلۇق، بەللىرى سەل ئېگىلگەن، ئۇزۇن ھەم قويۇق ئۆسكەن ساقاللىرى تەكشى ئاقارغان، بېشىغا ئاق سەللە يۆگىگەن ئاخۇنۇم جامائەتكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن بىر ئەككى قېتىم كالتە يۆتەلدى - دە، سالماق بىلەن سۆزىنى باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك جامائەت! بۈگۈن مەرھۇمە ئەزىزخان پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە يول ئالدى، مەرھۇمە ئەزىزخان 1942 - يىلى ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن مۇشۇ ئانا تۇپراقتا دۇنياغا كەلگەن. مانا بۈگۈن 45 يېشىدا باقىي ئالەمگە كېتىۋاتىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۆز ئارا ئالدى - بەردى، ياخشى - يامان بولۇپ قالىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مەرھۇمە ئەزىزخاننىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ھازىدارلىرى يوق. ئالدى - بەردى، ياخشى - يامان ئىشلىرى بولسا مەرھۇمەنىڭ ئالدى ئۇچۇق بولۇشى ئۈچۈن، ھەممىڭىز رازى بولۇپ كەتسەك.

ئاخۇنۇمنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا جامائەت بىردەك دۇئاغا قول كۆتۈردى.

ئاخۇنۇم ئارقىدىنلا:

— مەرھۇمە ھايات ۋاقتىدا يىغقان تۆت مىڭ يۈەن پۇلىنى كەنتىمىزدىكى كونا مەكتەپنى يېڭىلاش ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىپ بىزگە قالدۇرغانىدى. بۇنىڭغا جامائەت نېمە دەركىن؟ — دېۋىدى، جامائەت بىردەك «ناھايىتى ياخشى بوپتۇ»، «ئەزىزخاننىڭ ياتقان يېرى

جەننەتتە بولسۇن» دېيىشىپ، ئاخۇنۇم بىلەن بىرلىكتە يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلدى. ئاندىن مەرھۇمەنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ مېيىت يەرلىككە قويۇلدى. قەبرىنىڭ ئىچ ئۆي ۋە تاش ئۆيى ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، جامائەت يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلدى. بۇ چاغدا قۇياش تاغ كەينىگە ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى. تۇپراق بېشىدىكى جامائەتمۇ قەبرىستانلىقتىن ئاستا ئايرىلدى.

كەچ كىرگەنسېرى تاغ شامىلى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ھۇۋۇلداپ قالغان قەبرىستانلىقتا گايىدا بوم، گايىدا زىل ھۇشقىيىتىپ تۇراتتى. بۇ، ئەزىزخاننىڭ بىر پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئۆكۈنۈش، پۇشايمان، ھەسرەتتىن چىققان مۇڭلۇق ساداسىمىدۇ؟ ياق! بۇ، ئۇنىڭ ھەم ئۆكۈنۈش، ھەم شادلىقتىن چىققان مۇڭلۇق ناخشا! 25 يىل، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىق يىللار بولغانىدى. بۇ 25 يىل جەريانىدا ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئەمەس، قان تامچىلىغانىدى. ئۇ ھاياتىدا خاتا باسقان ئاشۇ قەدەملىرى ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنگەنىدى. ئۇ ئۆز روھىنىڭمۇ يات يۇرتلاردا تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرۈشىدىن قورققانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ روھى كۈلدى ... ئۇ، بۇ دۇنيادىن خاتىرجەم كەتتى ...

كەچ كۈز، قۇياش ئاستا-ئاستا تاغ كەينىگە ئولتۇرۇۋاتاتتى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىمۇ ئۆچۈپ غايىب بولۇپ، زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ھەممە ياق جىمجىتلىققا چۆكتى. گۈركىرەپ چىقىۋاتقان تاغ شامىلى قارا بۇلۇتلارنى بىراقلا شىمالغا سۈرۈۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن خۇددى ئاسمان تېشىلىپ كەتكەندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بۇنداق يامغۇرلۇق كېچىلىرى ئادەمزات ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىت-مۈشۈكلەرمۇ كوچىغا چىقمايتتى. مەھەللە ئىچىدىكى ئۆيلەردە سۇس يېنىپ تۇرغان قارا چىراغلار كەينى-كەينىدىن ئۆچتى. پەقەت تاغ باغرىدىكى كونا ھەم پاكار كەپىدىلا سۇس چىراغ نۇرى پىلدىرلاپ تۇراتتى. بۇ كەپىنىڭ ئىگىسى — يالغۇز تۇل ئايال رەيھانەم قارا چىراغ يورۇقىدا يىڭنە ئىشى قىلىپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز ئىشىكنى كىمدۇر بىرى بوش چەكتى. رەيھانەمنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ قاتتىق ئاۋازدا:

— كىم؟! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئىشىك تەرەپتىن سادا كەلمىدى.

رەيھانەمنى تېخىمۇ سۈر باستى. ئۇ سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي، قورقۇنچ ئىچىدە ئىشىك تەرەپكە قارىدى. ئىشىك قىيا ئېچىقلىق تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان چاغدا تۇيۇقسىز سىرتتىن بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ۋاي، خۇدايىم! بۇ نېمە ئىش!؟ رەيھانەم ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، پۈتىغا ئايىغىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئەتراپ خۇددى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. رەيھانەم ئىشىك ئالدىدا ئۇزۇن سوزۇلۇپ ياتقان بىر گەۋدىنى خىرە-شىرە ئىلغا قىلالىدى. ئۇنىڭ قېشىدا كىچىككىنە بىر بوۋاق بار ئىدى. رەيھانەمنىڭ تەسلىكتە ئانا بىلەن بالىنى ئۆيى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

گە ئېلىپ كىردى. ئۇ، سۇس چىراغ يورۇقىدا بۇ ناتونۇش ياش ئايالنىڭ ئۈستىبېشىغا سەپسالدى. ئايالنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. رەيھانەم ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، ئىسسىق چايدىن بىر - ئىككى ئۇتلاتقاندىن كېيىن ھېلىقى ئايال ناھايىتى تەسلىكتە كۆزىنى ئاچتى. ئۇ گەپ قىلىشقا تەمشەلدى، بىراق، ئۇنىڭ گەپ قىلغۇدەك ماجالى يوق ئىدى. رەيھانەم ئايالنىڭ يۈزلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— جېنىم سىڭلىم، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ قەيەردىن كېلىشىڭ؟ — دەپ سورىدى. بىراق ئايالدىن زۇۋان چىقمىدى. ئۇ تولىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، نۇرسىز كۆزلىرىنى ئىمكەلەپ ياتقان بوۋاققا تىكتى. ئاندىن بۇ كۆزلەر ئاستا رەيھانەمگە يۆتكەلدى. بۇ كۆزلەر گويا ئۆچۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان چىراغقا ئوخشاش ئاجىز ۋە نۇرسىز ئىدى. رەيھانەم ئايالنىڭ كۆزلىرىنى ھېلى بوۋاققا، ھېلى ئۆزىگە يۆتكىشىدىنلا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. شۇڭا ئۇنىڭ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى يەڭلىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ:

— خاتىرجەم بول، سىڭلىم! كۆڭلۈڭدىكىنى چۈشىنىۋاتىمەن. مەن ھاياتلا بولسام، بالاڭ يامان كۈنگە قالمايدۇ، — دېدى. ھېلىقى ئايال رەيھانەمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بالىسىغا بىر تىكىلدى - دە، بۇ دۇنيادىن، ياشلىق ھاياتتىن كۆزى قىيمىغان ھالدا مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى... رەيھانەم قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ كاڭدا ئىمكەلەپ ياتقان بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، باغرىغا چىڭ باستى.

ئەتىسى رەيھانەم يۇرتتىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بىلەن بۇ ناتونۇش ئايالنى يەرلىككە قويۇپ، قەبرىسىنى قوپۇرۇپ چىقتى. بوۋاققا «ئەزىزەم» دەپ ئىسىم قويدى. بۇ ناتونۇش قەبرە شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ يەردىكى كىشىلەرگە بىر سىر بولۇپ قالغانىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

يىللار ئادەمگە باقمايدۇ، دېگەن گەپ راست ئىكەن. مانا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئەزىزەممۇ چوڭىيىپ، بىر چىرايلىق قىز بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىچەن، خۇش خۇي ۋە ئىشچانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئۇنى كېلىن قىلىۋالغۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ئېيتقان ناخشىلىرى يىگىتلەرنى مەھلىيا قىلاتتى. ئەمما ئەزىزەمنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككىنى بار ئىدى. بۇندىن بىر يىل ئىلگىرى ئۇ گۈڭشېدا ئېچىلغان بىر قېتىملىق يىغىندا گۈڭشې كاتىپى قادىر بىلەن تونۇشۇپ قالدى. قىز ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى:

«توۋا دەيمەن! بۇ قىزىق ئىشقۇ؟ بىر قېتىم كۆرۈپلا ماڭا نېمە بولدى؟!»

يىگىتمۇ خۇددى شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئاشۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشى ئۇلار ئۈچۈن تۇنجى ھەم ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىش بولۇپ قالدى.

شۇ كۈننىڭ ئەتىسى قادىر ئىشقا ئەتىگەن كەلدى. ئۇنىڭ قەلبىنى قانداقتۇر بىر خىل خۇشاللىق تۇيغۇسى قاپلىغانىدى. ئۇ ئۈستەل ئۈستىدىكى

ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئاستا-غىنىشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

— ئۇكام، سەن بۈگۈن بولەكچىلا خۇشالغۇ، مەن ساڭا يەنە بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، — دېدى گۇڭشې پارتكوم شۇجىسى تۇرسۇن ئاكا ئىشىكتىن كىرىپلا.

— نېمە خۇش خەۋەر تۇرسۇن ئاكا؟ — قادىر تەقەززالىق بىلەن شۇجىغا تىكىلدى. شۇجى قولىدىكى تاماكىنىڭ كۈلىنى پۈۋلەپ چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۈنۈگۈن مەن ناھىيىگە يىغىنغا بارغانىدىم. يىغىندا ھەر بىر گۇڭشېدىن ئۈممىدلىك ياشلاردىن بىرنى تاللاپ مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىش ئۇقتۇرۇش قىلىندى. بىز مۇزاكىرە قىلىپ سېنى بېكىتتۇق. قانداق، بارامسەن؟

قادىر بۇ خەۋەردىن قەۋەتلا خۇشال بولدى، ھاياجانلاندى. ئەتىسىدىن باشلاپ بىر تەرەپتىن يول تەييارلىقىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىر ئامال قىلىپ ئەزىزەم بىلەن ئۇچرىشىشنى كۆڭلىگە پۈكتى، ئەمما تەقدىرنىڭ قىسمىتى ئۇلارنى قايتا ئۇچرىشىشقا زادىلا پۇرسەت بەرمىدى. قادىر ئەزىزەم بىلەن كۆرۈشەلمىدى، خوشمۇ دېيەلمىدى. شۇنداق قىلىپ قادىر دىلى غەم ۋە ئىستەككە تولغان ھالدا ئوقۇشقا كېتىپ قالدى. ئۇ مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ئەزىزەمگە خەت يېزىشنى كۆپ قېتىم ئويلىغان بولسىمۇ، ئۆگىنىشلەر ئالدىراش بولغاچقا خەت يازالمىدى. كېيىنچە، يازارمەن بولمىسا تەتىلدە بارغاندا كۆرۈشەرمىز، دەيتتى ئۇ.

ئەزىزەم قادىرنىڭ ئوقۇشقا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن خۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئازابلاندى. ئۇ دەسلەپتە «ئۇنىڭ بەختى مېنىڭمۇ بەختىم» دەپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈردى. تۇرۇپلا «مەن دېگەن بىر سەھرالىق قىز، قادىر دېگەن چوڭ شەھەرلەردە ئوقۇپ، كاتتا ئادەم بولۇپ كېلىدىغان يىگىت، چىمەنلەر ئىچىدىن تاللاپ تۇرۇپ گۈل قىسسەمەن دېسىمۇ ئۇنىڭ قولى يېتىدۇ، مەن نېمانداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلىدىغاندىمەن ...» دەپ ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى، لېكىن قادىردىن يەنىلا ئۈمىد كۈتەتتى. ھەش-پەش دېگۈچە يېرىم يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. قادىردىن بىرەر پارچە خەتمۇ كەلمىگەنلىكى ئاخىرى ئۇنىڭ ئۈمىد چىرىغىنى ئۆچۈردى. قىزنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ، كۈن بويى گەپ-سۆز قىلمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ، كۈنلەرنى ئەترەت ئاشخانىسىدا ئەزالارغا تاماق ئېتىش ۋەزىپىسىنى ئۈن-تىنسىز بەجا كەلتۈرۈش بىلەنلا ئۆتكۈزەتتى. ئۇ چاغلاردا گۇڭشې ئەزالىرى كوللېكتىپ ئاشخانىدا تاماق يەيتتى.

بىر كۈنى ئەزىزەم ئالدىراش تاماق ئېتىۋاتاتتى. كىچىك ئەترەت باشلىقى نەمەت ئاكا ئاشخانا ئىشىكىدە تۇرۇپلا:

— ئەزىزەم، قولۇڭدىكى ئىشنى قويۇپ بۇ ياققا كېلە! بۈگۈن ساڭا بىر ئامەت قۇشى قونىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دەپ توۋلىدى. ئەزىزەم قوللىرىنى پەرتۇققا سۈرتكەچ ئاشخانا ئۆيىدىن چىقتى. نەمەت ئاكىنىڭ قېشىدا ئەزىزەم

www.uyghurkitap.com

تونۇمايدىغان يەنە بىر كىشىمۇ بار ئىدى. بۇ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ئارتىس تاللاشقا كەلگەن جاپپار ئىسىملىك كىشى ئىدى.

ئاردىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئەزىزەمنىڭ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈلدى. ئەزىزەم ئانىسى ۋە يۇرتداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ناھىيىگە كەلدى. ئۇ دەسلەپتە شەھەرنىڭ تۇرمۇشىغا تازا كۆنۈپ كېتەلمىدى. ۋاقىت ئۇزارغانسىرى ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپمۇ قالدى. ئەزىزەمنىڭ ئاۋازى خۇددى تاغ سۇلىرىدەك دولقۇنلۇق ۋە يېقىملىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن كەسىپداشلىرى ئىچىدە ناھايىتى تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ مەشقتىن چۈشۈپ ياتاققا كىرىشىگە خىزمەتدىشى گۈلشەن ئۇنىڭغا بىر باغاقچىنى بەردى:

— ئەزىزەم، ناھىيە ھاكىمى سىزنى كەچلىك ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ باغاق ئەۋەتىپتۇ.

— گۈلشەن چاقچاق قىلماڭە، — دېدى ئەزىزەم گۈلشەننىڭ قولىدىن باغاقنى ئېلىۋېتىپ ھەيرانلىق بىلەن، — مەن ھاكىمنى تونۇمىسام، ھاكىم مېنى تونۇمىسا، نېمە دەپ مېنى ئولتۇرۇشقا چاقىرسۇن؟!

— ۋاي ئەخمەق! تونۇمايمەن دېگەنمۇ گەپمۇ، خەقلەرچۇ، تاما قىلىپمۇ ئۇنداق يەرلەرگە بارالمايدۇ. گەپنى ئاز قىلىپ تېزرەك تەييارلىنىڭ، ھەي، ماڭا كەلسىچۇ شۇ ئامەت، — دېدى گۈلشەن ئەزىزەمگە چاقچاق قىلىپ. ئەزىزەم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب قايتۇرمىدى. گۈلشەن ئەزىزەمنىڭ يەنىلا پەرۋاسىز ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھەي، سىز تېخى غېمىڭىزدا يوق ئولتۇرىسىزغۇ، بولۇڭ چاپسانراق، — دېدى ئالدىرىتىپ.

ئەزىزەم گۈلشەننىڭ كۆزىگە قاراپ:

— مېنىڭ پەقەت بارغۇم يوق، ئاداش، — دېدى.

گۈلشەن تېخىمۇ كايىپ كەتتى:

— قىزىقكەنسىز، ئۇ دېگەن بىر ناھىيىنى سوراۋاتقان ھاكىم تۇرسا، ھاكىمنىڭ يۈزىنىمۇ قىلمامسىز؟ ئالايىتەن چاقىرسا بارمىسىڭىز بەك ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، يالغۇز بېرىشنى بىئەپ كۆرسىڭىز، مەن ھەمراھ بولۇپ بىرگە باراي، بولامدۇ؟

گۈلشەن ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىرى ئەزىزەمنى قايىل قىلدى.

بىراق مۇشۇ ئولتۇرۇش ئەزىزەمنىڭ تەقدىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. دۇنيادا كىممۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى ئالدىن بىلگەن!؟ ئەگەر ئەزىزەم ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئالدىن بىلگەن بولسا، بۇ ئولتۇرۇشقا ھەرگىزمۇ بارمىغان بولاتتى.

ئۇ ئاددىيلا ياساندى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى بىلەن ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالاتتى. ئەزىزەم گۈلشەن بىلەن بىللە ھاكىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى ئاستا چەكتى. ئۇلارنى بويى ئېگىز، ئوتتۇرا ياشلىق، كېلىشكەن بىر ئەر

كىشى قارشى ئالدى. ئۇ ئىككى قولىنى توختىماي ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:

— كېلىڭلار ئۇماق قىزلار، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى. پەقەت سىلەرنىلا كۈتۈپ ئولتۇراتتۇق، — دېگىنىچە ئۇلارنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. مېھمانلار ئانچە كۆپ ئەمەس، ھەممىسى دېگۈدەك ئوتتۇرا ياشلىق ئەر - ئاياللار ئىدى. ئەزىزەم سەل قىسىلغاندەك بولدى، ئەمما ئۇ ئۆزىنى ئىمكان قەدەر ئەركىنرەك تۇتۇشقا تىرىشتى. ئۆي ئىچى ئاددىي ھەم چاققان جايلاشتۇرۇلغانىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەشتىلەنگەن ئاپئاق داستىخان سېلىنغان ئۇزۇن ئۈستەلنىڭ ئۈستى ھەر خىل يەل - يېمىش، قەن - گېزەكلەر بىلەن تولغانىدى. ئۆي ئىگىسى — ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان ھېلىقى ئەر كىشي مېھمانلارغا كۈلۈمسىرىگىنىچە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، سۆز باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار! بۈگۈن مېنىڭ غېرىب كەپەمگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭىزلارغا ئىنتايىن خۇشالمەن. بىراق داستىخان ئاددىيلا بولۇپ قالدى. ئۆيدە ئايال كىشى بولمىغاندىن كېيىن شۇنداق بولىدىكەن. بۇنى ھەرقايسىڭىزلارنىڭ ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن. كېيىنچە ئۆيدە خانىمىم بولۇپ قالار. شۇ چاغدا ھەممىڭىزلارنى ئوبدان كۈتۈۋالارمەن ...

بۇ گەپتىن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ھاكىم كەلگەن مېھمانلارنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇلارنى تارتىنماي، ئازۇ - نېمەتلەردىن ئېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. سورۇن بارغانسېرى جانلىنىپ، چاقچاق، ھەر خىل تېمىدىكى پاراڭلار قىزىشقا باشلىدى. پەقەت ئەزىزەملا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ شۈك ئولتۇراتتى. ھاكىمنىڭ «مىجەزىڭىز يوقمۇ؟» دېگەن تۇيۇقسىز سوئالى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالدى. ھاكىم ئورۇندۇقىنى ئەزىزەمنىڭ يېنىغىراق سۈرۈپ ئەكىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن خۇددى كونا تونۇشلاردەك مۇڭدىشىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسى يوقلۇقى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلىقى، ئايالىنىڭ ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈپ باشقا ئەر بىلەن چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەنلىكى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. ئەزىزەم ھاكىمنىڭ سۆزلىرىنى بېشىنى لىڭشىتىپ، مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇردى. ھاكىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدا ھاكىمغا نىسبەتەن بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇ كۆڭلىدە، بۇ خېلى ياخشى ئادەمكەن، لېكىن تۇرمۇشتا تەلىيى كەلمەپتۇ، دەپ ئويلىدى. ھاكىمنىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇقى ۋە مۇلايىملىقى ئەزىزەمدە ياخشى تەسىر قالدۇردى. ھەتتا ھاكىمنىڭ مېڭىش - تۇرۇشى ۋە ئاۋازىمۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن يېقىملىق تۇيۇلدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى بارغانسېرى ئەركىن - ئازادە ھېس قىلدى. ھاكىم پاتېفونىنى قويدى. مېھمانلار تانسا ئويناشقا باشلىدى. ھاكىم ئەزىزەمنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. ئەزىزەم ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغان بىر خىل چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— ئەزىزەم، تانسىنى بەك ياخشى

www.uyghurkitap.com

ئويناپدىكەنسىز جۇمۇ؟ — دېدى ھاكىم تانسا ئويناۋېتىپ.

— بەك ئاشۇرىۋەتتىڭىز، — دېدى ئەزىزەم بوش ئاۋازدا، ئارقىدىن ھاكىمغا قاراپ ئوماققىنە كۈلۈپ قويدى.

ئولتۇرۇش كېچە سائەت ئىككىدە ئاخىرلاشتى. مېھمانلار تارقاشتى. ئەزىزەم بىلەن گۈلشەننى ھاكىم ماشىنىسىدا ئاپىرىپ قويدى. ئەزىزەم شۇ كېچىسى پەقەت كىرپىك قاقمىدى. نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى...

ئەتىسى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ھاكىم ئەزىزەمنى كىنو كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلاشتى. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئاخىرى توي قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

ئەزىزەمنىڭ ئانىسى رەيھانەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قىزىغا نەسىھەت قىلدى: ياشلىقتا نادانلىق قىلىۋاتىسەن قىزىم، ئويلاپراق ئىش قىل، ئۇ كىشى سېنىڭ تەڭتۇشىڭمۇ ئەمەس، ھەممە ئىش ئۆز لايىقىدا بولغىنى ياخشى. بىراق ئەزىزەم بۇ گەپلەرگە پەرۋامۇ قىلمىدى. ئەكسىچە، بۇ دېگەن تۆت كۈنلۈك ئالەم، بۇنچىلا قىلىپ مىڭ يىل ياشايتتۇقمۇ!؟ ھاكىم مەندىن 20 ياش چوڭ بولسا نېمە، بوپتۇ، دەرەخ قېرىغان بىلەن يىلتىزى قېرىمايدۇ، دېگەن گەپمۇ بارغۇ ئاپا، ئەگەر مەن ھاكىم بىلەن توي قىلسام، سەنمۇ ئوبدانراق كۈن كۆرىسەن، سىرتقا چىقساڭ ماشىنا، توي - تۆكۈنگە بارساڭ تۆرى ساڭا، ئولتۇرۇشۇڭ يورۇق ئازادە ئۆي. ھەممە ئادەم سېنى «ھاكىمنىڭ قېيىن ئانىسى» دەپ ھۆرمەتلىسە ياخشى ئەمەسمۇ، دەپ ئانىسىنى تېخىمۇ تېرىكتۈردى.

ئانا ئەزىزەمنىڭ بۇنچىلا تېز ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە ھەيران قالدى.

— سەن بۇ گەپلەرنى قىلىشتىن ئۇيالمامسەن؟ — دېدى ئۇ قىزىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، بىراق ئەزىزەم نىيىتىدىن قەتئىي يانمىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچقانداق گەپ كىرمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئاجايىپ شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈۋاتاتتى. ھاكىمنىڭ رەپىقىسى بولسام، راھەت تۇرمۇشتا ئۆتسەم، دېگەندىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھاكىم بىلەن توي قىلدى. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ھېسابلايتتى، ئېرىنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكىگە قايىل ئىدى. ئۇ ئېرىدىن پەخىرلىنەتتى، شۇنداقلا ئۆزىگە ھېچكىمنى تەڭ قىلمايتتى. ئۇ ئېرىنى بۇ دۇنيادا پەقەت باشلىق بولۇش ئۈچۈنلا يارالغان دەپ قارايتتى، ئېرىنىڭ مەنسىپىنىڭ تېخىمۇ ئۆسۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق ئەزىزەمنىڭ بۇ شېرىن چۈشلىرى گويا ئۇچار قۇشلارنىڭ پەيلىرى توزۇغاندەك تېزلا توزۇپ كەتتى...

ئەزىزەم ئادىتى بويىچە ئىشتىن بۇرۇن قايتىپ كېلىپ تاماقنى تەييارلاپ قويۇپ، ھاكىمنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى، بىراق قېرىشقاندەك ھاكىم تېخىچە يوق ئىدى. ئەزىزەم دەسلەپتە، ئۇ بىرەر زىياپەتتە ئولتۇرۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن ھاكىم تاڭ ئاتقۇچە قايتىپ كەلمىدى. ئەزىزەم تاماق ئۈستىلىگە بېشىنى قويغىنىچە

ئۇخلاپ قالدى. تۇيۇقسىز ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى. ئەزىزەم چۆچۈپ ئويغىنىپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا ھاكىمنىڭ كاتىپى بىلەن ئىككى ساقچى تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن ئەزىزەمنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي نېمە ئىش؟ دېگەندەك كاتىپقا قارىدى. ئادەتتە ھاكىم ۋە ئەزىزەمنىڭ ئالدىدا كۈچۈكلىنىپ يۈرۈيدىغان كاتىپ سوغۇق ئاھاڭدا:

— ھاكىمدىن چاتاق چىقتى. بىز ئۆيىنى ئاختۇرۇش ئۈچۈن كەلدۇق. سەن ئۆيدىن چىقىپ تۇر! — دېدى. ئەزىزەمنىڭ بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. پۈتۈن يەر ـ جاھان پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئىشىككە يۆلىنىپ قالدى. ئۇ گويا قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، ئويغىنىپ كەتسىلا، ھەممە ئىشلار ئەسلىدىكى ئىزىغا چۈشۈپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. بىراق ئۇ ھازىر چۈش ئەمەس، بەلكى رەھىمسىز رېئاللىقنى كۆرۈۋاتاتتى. ئەزىزەمنىڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلارغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەمما ھاكىم راستىنلا توختىتىپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ قانداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىدىن ئەزىزەمنىڭ قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. ھاكىم شۇ پېتى ئۆيگە قايتىپ كېلەلمىدى.

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندە ھاكىمغا «يوشۇرۇنغان جاسۇس» دېگەن گۇناھ بىلەن مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى. ھاكىم تۈرمىگە مېڭىش ئالدىدا:

— ئەزىزەم، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن ئۇنداق ئادەم ئەمەس، لېكىن ئۆزۈمنى ئاقلىيالىغۇدەك ئىسپاتىم يوق. مەن ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ پارتىيىمىز ئادىل، مەن ھامىنى بىر كۈنى ئاقلىنىمەن. مەن مۇددەتسىز كېسىلدىم، كېيىنكى ئىشلارنى بىر نېمە دېيىش تەس، سىز تېخى ياش، ياشلىق گۈللىگىزنىڭ مەن ئۈچۈن خازان بولۇپ كېتىشىنى خالىمايمەن، — دېدى غەمكىن ھالدا. ئەزىزەم ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

ئەزىزەمنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان ئاھۇ كۆزلىرىدىن ئەمدى كۈلكە ئورنىغا مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان. بولدى ئۇ ئانىسى رەيھانەمنى يېنىغا ئەكىلىۋالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ كۈنلىرى تولىمۇ زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتەتتى. قېرىشقاندەك ئۇنىڭ يۈرىكىگە تۈنجى مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چاچقان قادىرنىڭ مۇشۇ ناھىيىگە خىزمەتكە كەلگەنلىكى ئۇنى تېخىمۇ ئۆكۈندۈرۈۋەتتى. ئۇ قادىر بىلەن يۈز ـ مۇ يۈز ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى.

بىر كۈنى ئۆيگە كەلمىگىلى ئۇزۇن بولغان دوستى گۈلشەن ئۇنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىراشچىلىقتا كېلەلمىگەنلىكىنى، بۈگۈن ئەزىزەمدىن ئالاھىدە ئەھۋال سورىغىلى ھەم مۇھىم بىر ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشكىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— دوستۇم ئەزىزەم، مەن سېنى ئوبدان چۈشىنىمەن. ھازىر سېنىڭ ھالىڭ بەك يامان. قارا سېنى، بىرنەچچە ئاي ئىچىدە قۇرۇپ قاقشال بولۇپ

www.uyghurkitap.com

كېتىپسەن. ھازىرغۇ ۋەزىيەت يامان ئەمەس، ناۋادا ۋەزىيەت كەسكىنلەشسە، سەنمۇ...

گۈلشەن سۆزىنى شۇ يەردە چورتلا توختاتتى. ئەزىزەمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— توختاپ قالدىڭغۇ؟ مەن نېمە بولغىدەكمەن؟ — دېدى ئۇ ئەندىككەن ھالدا.

— نېمە بولاتتىڭ، كىمنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما، ئەگەر سىياسەت بىر چىڭىيىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا سېنىمۇ بوش قويمايدۇ...

ئەزىزەمنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى. ئۇنىڭ تىلى گەپكىمۇ كەلمەي قالدى. پۇرسەت يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن گۈلشەن مەقسەتكە كۆچتى:

— ئۇنچىۋالا قورقۇپمۇ كەتمە ئاداش، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، جانلا بولسا، ئامال تاپقىلى بولىدۇ. كۆڭلۈم ساڭا بەك يېقىن بولغاچقا قېشىڭغا توغرا بىر مەسلىھەت بەرگىلى كەلدىم. مەيلى قوشۇل، مەيلى قوشۇلما، شەرت شۇكى، ھېچكىمگە تىنمايسەن، بولمىسا دېمەيمەن!

ئەزىزەم ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە دوستىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قالدى.

— تېزرەك دېگىنە نېمە گەپ ئۇ، مەن ھېچكىمگە تىنمايمەن، — دېدى ئۇ يالۋۇرغاندەك.

— دوستۇم ماڭا قارا، بىزنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنىمىز نېمە؟ كىيىشىمىز خادانى، يېيىشىمىز قارا ئاشلىق، مۇشۇمۇ تۇرمۇشمۇ؟! خەقلەر تۈركۈملەپ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە مېڭىۋاتىدۇ. بىزمۇ بۇ خۇدا ئۇرغان يەردىن كېتەيلى! قانات چىقىرىپ، ئەركىن دۇنيادا پەرۋاز قىلىپ ئۇچايلى! چەت ئەللىدىكى ئادەملەر سۇ ئورنىدا سۈت ئىچىدىكەن، نان ئورنىدا قورداق يەيدىكەن، كوچىغا چىقسا پىكاپ، ئۆيگە كىرسە لۆم ـ لۆم ئورۇندۇق. بىز تېخى ياش، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش بىزگە يارىشامدىكەن؟! ئاللامۇ «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارالمىشنى ئۆزۈڭدىن» دەپتىكەن. دوستۇم، بىز تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتەيلى، مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، سەنمۇ تېزدىن بىر قارارغا كەلگىن، ئەگەر بۈگۈندىن قالساڭ، ئۆمۈر بويى پۇشايماندا ئۆرتىنىسەن!

ئەزىزەم گۈلشەننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قۇلاقلىرىغا زادىلا ئىشەنمەي قالدى. ئۇ «مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىم ياكى بۇ ئوڭۇممۇ؟» دەپ ئويلىدى ۋە ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— گۈلشەن، سېنىڭ دەۋاتقىنىڭ قەيەر ئۇ؟! — دەپ سورىدى.

— ھەي، ئەخمەق، شۇنىمۇ بىلمەيۋاتامسەن؟! سېرىق چاچ، كۆك كۆزلەرنىڭ جەننىتىنى دەۋاتىمەن، — گۈلشەن سىرلىق قىلىپ كۈلۈپ قويدى.

ئەزىزەم جىددىيلىشىپ كەتتى:

— ياق، ياق، مەن ياشىنىپ قالغان ئانامنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن. مەن كەتسەم ئانام قانداق قىلىدۇ، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ.

— سەن تازىمۇ دۆت ئىكەنسەن! ھازىر ئاناڭنى ئويلايدىغان ۋاقىتمۇ؟!

ئۆزۈڭنى ئويلا، ئۆزۈڭنى! خوش، مەن كەتتىم. بۈگۈن كېچىچە ئوبدان ئويلان! ئەتە ئەتىگەندە جاۋابىڭنى كۈتىمەن!

گۈلشەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەزىزەم شۇ كېچىسى زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن گۈلشەن دەۋاتقان ئاشۇ «جەننەت» نىڭ تۇپراقلىرى كېپەك ئالتۇن، دەل ـ دەرەخلىرى چوكا ئالتۇن، تاغ تىزمىلىرى دۆۋە-دۆۋە ئالتۇن بولۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ ئاشۇ «جەننەت» كە بولغان ئىنتىلىشى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئاخىرى ئۇ ئاشۇ «جەننەت» كە كېتىش قارارىغا كەلدى. تاڭمۇ ئاتتى. ئۇ، بۇ گەپلەرنى ئانىسىغا دېيىشكە پېتىنالمىدى. چۈنكى ئانىسىنىڭ ئۇنى ئەيىبلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇڭا ئۇ ئانىسىنى «ئىدارىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىر ھەپتىلىك تۆۋەنگە چۈشۈپ تۇرمۇش ئۆگىنىپ كېلىدىغان بولدۇم» دەپ ئالداپ، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، شۇ كۈنى كېچىسى بۇ ئانا تۇپراقتىن گويا كۆچكەن يۇلتۇزدەك ئېزىتقۇ تۇمان ئىچىدە غايىب بولدى...

ئەزىزەم گۈلشەن ۋە باشقا ھەمراھلىرى بىلەن چېگرىدىن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بىراق ئۇلارنى كۈتۈۋالغىنى «جەننەت» ئەمەس، بەلكى قاقاس چۆل، قوپال مۇئامىلە ۋە سوغۇق چىراي بولدى. دۇنيادا ئاق سۈت بەرگەن ئۇلۇغ ئانىغا ۋاپا قىلمىغان ئادەمنى ياقتۇرىدىغان ئىنسان بولامدۇ؟!

ئەزىزەمنىڭ شېرىن چۈشلىرى بەربات بولدى. ئۇ ئۆز ۋىجدانىنى يوقاتقانلىقىنى، ئازغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. گۈلشەنگە ئوخشاش ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىدى. بىراق ھايات ئۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرسىزمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ھاياتنى سۆيەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەڭگىلتەكلىك قىلىپ، قەدەمنى خاتا بېسىپ قويغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى. ئۇ كۆڭلىگە «قاچان بولمىسۇن بىر ئامال قىلىپ ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ بارىمەن» دېگەن ئويني پۈكتى.

يىللار، قايغۇ ـ ھەسرەتلەر ئۇنىڭ چىرايىغا سان ـ ساناقسىز قورۇقلارنى سوۋغا قىلدى، ئۇنىڭ چولپاندەك چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزى ئەمدى كۆلچەكتە تىنىپ قالغان سۇدەك جانسىز كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى بىمەھەل ئاقىرىپ كەتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ گۈزەل ياشلىق باھارى يات يۇرتتا غازاڭ كەبى توزۇپ كەتتى. ئۇ ھەر كۈنى: «ئاھ، خۇدا، مەن بىر ئاجىز بەندەڭمەن، ماڭا رەھىم قىلغىن! ئۆز گۇناھىمنى ئۆز خەلقىم ئالدىدا يۇيۇشقا بۇيرۇغايسەن. ئۆزۈم بۇ ياقا يۇرتلاردا تىنەپ يۈرسەممۇ، روھىم بۇ يەرلەردە تىنەپ يۈرمىسۇن...» دەپ خۇداغا ئىلتىجا قىلاتتى.

قۇياش نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن پۈتكۈل جاھانغا سېپىشكە باشلىدى. قۇياش نۇرىدا پۈتكۈل كائىنات تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. پۈتكۈل زېمىن، جانلىقلار، دەريالار، تاغلار، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار شادلىققا تولغان ئىدى. مانا مۇشۇ شادلىقتىن ئەزىزەممۇ بەھرىمەن بولدى. ئۇنىڭ 25 يىلدىن بۇيانقى ئارزۇسى ئەڭ ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى... مانا بۈگۈن ئۇ ئۆز ئانا ۋەتىنىنىڭ ئىللىق قوينىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ۋەتەن تۇپرىقىنى قۇچاقلاپ تويماي سۆيەتتى، يۈزلىرىگە سۈرتەتتى، پۇرايتتى...

ئاھ، ئانا تۇپراق! سەن نېمە دېگەن قەدىرلىك، ئىللىق، بەئەينى ئىپارغا ئوخشايسەن!

يۇرتداشلىرى ئۇنى ئىسسىق چىراي كۈتۈۋالدى. بىراق ئاشۇ ئىللىق چىراي كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ ئانىسى كۆرۈنمەيتتى. يۇرتداشلىرى ئەزىزەمگە ئانى-

سىنىڭ ئۇنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ، 10 يىل ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، ھاكىمنىڭمۇ بۇندىن 5 يىل ئىلگىرى ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىققانلىقىنى، لېكىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. يۇرتداشلىرى ئۇنىڭغا يەنە ئانىسى قالدۇرۇپ كەتكەن بىر پارچە خەتنىمۇ تاپشۇرۇپ بەردى. كونۋېرت كونىراپ، ئەتراپى يىرتىلىپ كەتكەنىدى، ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى: «جېنىم بالام ئەزىزەم، مەن سېنى شۇنچە ئەزىزلەپ باققان ئىدىم. بىراق ئۈمىدىمنى يەردە قويدۇڭ، سەن نادانلىق قىلدىڭ، پۇشايمانمۇ قىلىۋاتىدىغانسەن! ھەر كۈنى چۈشۈمدە سېنى كۆرۈمەن، سېنىڭ ئاشۇ مىسكىن چىرايىڭنى كۆرگىنىمدە ئۆلۈپ كەتكەن ئاناڭغا يۈز كېلەلمەيمەن!».

ئەزىزەم خەتنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇ شىددەتلىك بوراندا قالغان يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتتى ۋە «ئانا» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ھوشىدىن كەتتى.

ئۇنىڭ يات يۇرتلاردا زەئىپلىشىپ كەتكەن گەۋدىسى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «ھەي، ئەزىزەم! شېرىن چۈشىنىڭ قەلەندەرى بولغۇچە، بەختلىك ھاياتىنىڭ ئىجاتكارى بولساڭچۇ؟ ئاھ نادانلىق» دەپ پىچىرلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

(بېشى 144 ـ بەتتە)

ئەمما «ھايات كومېدىيىسى» دىكى «مەن» چۇ؟ ئۇ رېئال تۇرمۇشىمىزدا مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ، ئۇ تەرەپ ئېچىپ بېرىلمىگەن. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىپ يېزىلغان ئەسەر يارىتىش ياخشى ئىش، ئەمما ئۇ نوقۇل ھالدىكى يېزىلىق يارىتىش بولماستىن، بەلكى ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان، ئۆزىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان يېزىلىق يارىتىش بولۇشى كېرەك. ئەدەبىي ئەسەرنى ساتىرىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىش بولمىغۇر خاراكتېرنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ھەجۋىي قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بولمىسا، ئۇ شەكلەن ساتىرا بولۇپ قالىدۇ. «ھايات كومېدىيىسى» شۇنداق شەكلەن ساتىرا بولۇپ قالغان.

«ھايات كومېدىيىسى» دە كۆزگە چېلىقىدىغان روشەن بىر ئامىل ئەسەردە تەتۈر تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ئۇ ئۇسۇل ئىپادىلەش جەھەتتىكى بىر يېزىلىق ھېسابلىنىدۇ. «مەن» نىڭ ئۆز ئوغلى ئۆلگەندىن كېيىن «قاتىل مەن!...» دېيىشى، ئايالى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئايالىنىڭمۇ «مەن قاتىل!...» دېيىشى يۇقىرىدىكى نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ ئەسەردە يۇقىرىقىدەك سەۋەنلىكلەر كۆرۈلگەن. بىز ئاپتورنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ كىتابخانلارنى سۆيۈندۈرەلەيدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىغا تىلەكداشمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



# نېفىتلىكتە تۇغۇلغان ناخشىلار

ھامۇت زايىت

## كۈمۈش تەردە گۆھەر ئىستىقبال

1

زەڭگەر ئاسمان شىشىدەك سۈزۈك،
ئوت پۈركۈيدۇ ئوت شارى يەرگە.
نېفىت ۋە گاز پۈرايدۇ كەڭ چۆل،
كەلمەكتىمەن چۆمۈلۈپ تەرگە.

ئەتراپىمدا — يېقىن - يىراقتا،
قەد كۆتۈرگەن سانسىز ۋىشكىلار.
سالام! دەيمەن، قالار ئۆزىتىپ
ئۆز يولۇمدا مېنى ئىشچىلار.

كۆز ئوڭۈمدا بىر ئۇيغۇر ئىشچى،
(مەن ھېلىلا قىلغان زىيارەت)
كەچمىشىدىن، قىلغان سۆزىدىن،
ۋۇجۇدۇمدا ئوتلۇق ھارارەت.

خىياللىرىم يىللارنى ئاتلاپ
كەڭ چۆللەردە قىلماقتا پەرۋاز.
ئوقۇماقتا ئىشچىدىن داستان
كۆز ئالدىمدا بىر قەيسەر ئوبراز...

2

مىس قالپاقلىق بۇرۇلچەك يىگىت
كۆردى بۇندا جاپالىق قىسمەت.
يالتايمىدى ئەقىدىسىدىن،
باغلاپ چۆلگە چوڭقۇر مۇھەببەت.

ئەجدادلىرى ئۆتكەن ئۇنىڭكى،
يولباشچىسى بولۇپ كارۋاننىڭ.
«گۆر ئازابى» كۆرۈپ ياشىغان،
خۇۋلۇقىنى كۆرمەي جاھاننىڭ.

كەلگەن چاغدا يىگىت بۇ يەرگە،
خەت تارتمىغان تېخى بۇرۇتى.
ئايرىلىشقا قىيماي ئۇزاتقان،
قېرى ئانا ۋە تۇغۇلغان يۇرتى.

ئىشلىدى ئۇ بۇندا جاپالىق،
تومۇزلاردا دەشت - چۆلنى كېزىپ.
يىراق يۇرتتا قالغان يارىمۇ
ئۇچ يىلغىچە تۇردى خەت يېزىپ.

يىللار ئۆتتى...
جاپالىق ئەجرى
مېۋە بەردى، چۆلدىن ماي ئالدى.
ھۆرمەت نامى — «ئەخمەت بۇرۇلچەك»
تارىم بويلاپ كەڭرى تارقالدى...

3

يەتكەن بارمۇ ئارمانغا تولۇق،
نېمىدېگەن رەھىمسىز ھايات؟

بارلىمىدى جىددىي ئىش بىلەن،
بولغىنىدا ئانىسى ۋاپات.

بىرلا كۆرۈپ بۇ «دوزاخ چۆل» نى،
ئۇنىمىدى كېلىشكە يارى.
ئايرىلىشتى، ئالماشتى قىشقا،
مۇھەببەتنىڭ يىللىق باھارى.

ئۇزۇنغىچە ياشىدى بويتاق،
باستى كەچتە ئۇنى يالغۇزلۇق.
ئايمۇ ئىكەن تەنھا ۋە غېرىب،
بولسىمۇ ھەم ئاسمان يۇلتۇزلۇق.

كۆرمىدى ئۇ چوڭ شەھەرلەرنى،
باغ سەيلىسى بولمىدى نېسىپ.
گۈزەللەرمۇ كەلمىدى بۇندا،
چېكىسىگە قىزىلگۈل قىسىپ.

نەچچە يىللاپ ئاڭلاپ باقمىدى
خوراز، گۈدۈك سادالىرىنى.
ناخشىسىنى لېۋەن ئارتىسنىڭ
ۋە بۇلبۇلنىڭ ناۋالىرىنى.

چەكسىز ئۈپۈق، سۈكۈتكە پاتقان،
چۆل - جەزىرە بولدى يۈرگىنى.
يۇلغۇن - يانتاق، كېلە - كەسلەنچۈك،
بولدى بۇندا دائىم كۆرگىنى.

تېتىمىدى چوڭ سارايلارنىڭ
تائام - شاراب لەززەتلىرىنى.
ئاڭلىمىدى دوست - يارانلارنىڭ
كۈلكە - چاقچاق، سۆھبەتلىرىنى.

يۈرتىدىكى تۇغقانلار بىلەن،
ھېيت - ئايەمدە بولالمىدى جەم.

ئۇنتۇپ كەتتى يەكشەنبىلەرنى،
ئالمىدى ئۇ بايرامدىمۇ دەم.

يەپ باقمىدى ياز ۋە كۈزدىمۇ
تاتلىق ئانار، قوغۇننى پىشىپ.
گاھى ئاغرىپ يېتىپ قالدى ئۇ،
مايلىق، تۇزلۇق شور سۇنى ئىچىپ.

ئىشلىدى ئۇ تونۇردەك چۆلدە،
گىرادۇسى قىرىق بەش - ئەللىك.
قۇم ئاستىدا قالدى نەچچە رەت،
بۇندا بوران ئەمەس يۈگەنلىك...

ئېيتماق ئوڭاي بۇلارنى ئەمما،
بەرمەك قىيىن ئاڭا بەرداشلىق.
ئويلاپ قالدىم بۇرۇلچىك يىگىت،
ئىكەن شۇنچە قەيسەر، چىداشلىق!

يەڭدى جىمى مۇشەققەتنى ئۇ،
ئەل ئىشىغا بولۇپ پەرۋانە.
پاتمايدىكەن ئۈمىدسىزلىككە
بولسا ئىنسان غەيۇر، مەردانە...

4

ئۇ ھۈرمەتلىك تۆھپىكار بۈگۈن،
تاپتى، ئىشى، ياشلىقى كامال.
بەخت، شادلىق قۇچتى تۇرمۇشى،
جۈپتى ئۇنىڭ بىر ساھىبجامال.

زىيارەتتە دېدى ئۇ ماڭا:
مېنىڭدەكلەر تولا بۇ يەردە.
ئاللايدۇ دەشت - چۆلدىن گۆھەر،
چىدام، غەيرەت بولسىلا ئەردە.

كۆپ ئىشلارنى كەچۈردۈم باشتىن،
قۇياش، تارىم بۇنىڭغا گۇۋاھ.

پۈكۈپ دىلغا يۈكسەك ئېتىقاد،
تەر تۆككەنگە ئىستىقبال ھەمراھ...

1991 ـ يىل، سېنتەبىر، كورلا ـ بۈگۈر.

## گۈچا قىزى ـ سەنئەت پەرىسى

قەدىمىي دەۋردە كۆپ ئۇلۇغ شائىر،
بېغىشلاپ يېزىپتۇ ساڭا قەسىدە.
پەرىشتەم، يۇرتۇڭدا مېھمانىمەن ھازىر،
قەلبىمدە ئوت يالقۇن سۆيگۈ ـ ئەقىدە.
بولسامدىم لۇتپىدەك نەزمىگە ماھىر،
يازاتتىم شاھ داستان ئۆزۈڭ ھەققىدە.

ئەقىل گۈزەللىك جىسمىڭگە ھەمراھ،
بىر ئېسىل رىۋايەت ئاياندۇر ماڭا:
ئۇن قىلىپ لەتاپەت ـ ھۆسنىنى ئىلاھ،
بەرگەنمىش بۇنىڭدىن تۇققۇزنى ساڭا.
ماگىمىدىن ياراتمىش بەدىنىڭنى، ۋاھ!
قۇياش يۈز، ئاتەش كۆز شاھىدتۇر ئاڭا.

ياشىغان تۇپرىقىڭ گۈلزار، باغ ـ بوستان،
قىسمىتىڭ قۇت ـ ئامەت، سەن جەننەت قىزى.
ھەر ياقتا ساز، ئۇسسۇل، مۇقام ۋە داستان،
خۇشاللىق ساڭا يار، كۈي سەنئەت قىزى.
شوخ كۈسەن بەزمىسى، بارچىگە ئايان،
سەن ۋەتەن ـ دۇنيادا شان ـ ھۆرمەت قىزى.

ئۇچراتتىم قەدىمىي سۈرەتلىرىڭنى
قۇمتۇرا، قىز قاغان مىڭ ئۆيلىرىدە.
ئاڭلىدىم تەرىپىڭ ـ سۈپەتلىرىڭنى،
سوجۇپىنىڭ ـ بەربابى ـ شوخ كۈيلىرىدە.
چۈشەندىم ئاجايىپ قىسمەتلىرىڭنى،
سۇ باشى قەلئەسى ـ سۇ بويلىرىدا.

بىكارغا كەلمىگەن ئىكەنغۇ پەرھاد،
ماچىندىن قېشىڭغا، يۇرتۇڭ كۈچاغا.
رىغبىتىڭ ئاشىقنى مەشۇق پەرىزات،
باشلىغان مەردلىككە ـ «مىڭ ئۆي» قازارغا.
بولمىسا شۇ تۆھپە، شائىرغا ھەيھات،
يوق ئىدى ھېچ ئىمكان داستان يازارغا.

ئايلاندىم يۇرتۇڭنى زوقتا مۇپەسسەل،
ھەر ياقتا گۈللىنىش، ئاۋاتلىق ئىزى.
ھەقلىقسەن ئالەمچە غۇرۇرغا، گۈزەل،
بۇ ئېسىل دىيارىڭ نېفىت دېڭىزى.
بورىۋاي، دولتىلار ياڭرىتار غەزەل، ـ
سەن ـ بايلىق، قۇت، سەنئەت، نېفىتلىك قىزى.

مەن سېنى ئۇچراتتىم ھەممىلا يەردە،
ۋىشكىدا، ئېتىزدا سەھنە ئۇستىدە.
زەر باسقان دوپپاڭنى كۆرسە ئەگەردە،
خىجىللىق بەرق ئۇرار گۈلنىڭ ھۆسنىدە.
سەندىكى ماھارەت، پاك ھالال تەردە
مۆجىزە، گۈزەللىك يۇرتۇڭ كۆكسىدە.

قىزىقىپ يۇرتۇڭغا، سەنئەت، ھۈنەرگە،
ئۆزۈلمەي كېلەركەن بۇندا چەت ئەللىك.
«مىڭ ئۆي» دە، قەدىم ۋە يېڭى شەھەردە
ئايلىنىپ تاپاركەن كۆڭلى خۇرسەنلىك.
ئۇخشىتىپ قولۇڭنى ئالتۇن ـ گۆھەرگە،
دەيدىكەن: دانىشمەن ئىكەن كۈسەنلىك!

بىر كەچتە...
قەلبىمنى، سالدىڭ لەرزىگە،
سېھىرلىك ئۇسسۇلدا ئايتىللا كەبى.
شان ـ ئالقىش، گۈل ياغدى ساڭا، سەھنىڭگە،
جامالىڭ پەرىدەك گۈزەل پاك، سەبىي.
چۈمۈلدۈم ئۆمۈرلۈك بەخت پەيزىگە،
شۇ ئاخشام ئېسىمدىن چىقمايدۇ ئەبەدىي.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەي كۇچا گـۈزىلى، ھۈنەر، سەنئەتتە
قايىل ۋە مەھلىيا قىلدىڭ سەن مېنى.
ئاقاركەن جىسمىڭدا ئەسلى سۈپەتتە،
ئەجدادىمنىڭ، نىساخان ئانىمنىڭ قېنى.
رۇخسەت قىل، سەنئەتكە، پاك مۇھەببەتكە
مۇئەككەل پەرىشتە، ئاتايمەن سېنى...

1991 ـ يىل، 14 ـ سېنتەبىر، كۇچا.

## شائىر، تۆھپە، گۈل

ـــ مەرھۇم لى جىننىڭ ئاپالىغا

كۆرمىگەن بولسامۇ لى جىننى پەقەت،
ھۆرمىتىم شائىرغا يۈكسەك ئەزەلدىن.
قەلبىمدە ئويغانغان چوڭقۇر مۇھەببەت،
يۈرىكىمنى كۆيلىگەن داستان ـ غەزەلدىن.

كەلدىڭىز سىز بولۇپ مەرھۇمغا ھەمدا،
مەن بىلەن تارىمغا ـــ نېفىت چۆلىگە.
كورلىغا، كۇچاغا ... سىز بارغان چاغدا،
قويىنىڭىز تولدى شان ھۆرمەت گۈلىگە.

بۇ گۈللەر شائىرغا ئالىي مۇكاپات،
بۇ سىزگە تەسەللى، ئىززەت ـ ئېھتىرام.
قەلبىمدە نېفىتلىك، قەلـبىدە ئىلھام،
ئاھ، لى جى كۆرۈندى كۆزۈمگە ھايات!

ئۇ كېزىپ يۈرىكىنى يازغان كۆپ شېئىر،
نېفىتچى ئىشچى ۋە رەھبەر ھەققىدە.
يالقۇنلۇق شۇ ناخشا، شۇ ئاتەش مېھىر
قوزغىغان شائىرغا ئەلدە ئەقىدە.

قالغاندا ئۇ تۆھمەت بوران ـ جۇتىدا،
ئىشچىلار جان تىكىپ قوغدىغان ئاسراپ.
يىللىقتىپ ئاپازنى يۈرەك ئوتىدا،
شائىرغا بولۇشقان سايىۋەن ـ ئاپتاپ.

ئاپال ھەم ئوغلىدىن ئېلىشقان خەۋەر،
بۇ پانىي دۇنيادىن كەتكەندە شائىر.
يۈرىمىنىڭ يۈرىكى گۈزەل شۇ قەدەر،
ئۇ ۋاپا، ۋىجدانغا، مەردلىككە قادىر.
ئويلىدىم: شائىرنى بارچە ئاقىل خەلق
سۆيدۇ نېفىتچى ئىشچىلار كەبى.
قىلالماس رەشىك ـ تۆھمەت توپانلىرى غەرق
ياشايدۇ تۆھپىسى ئۆلمەي ئەبەدىي ...

1991 ـ يىل، 14 ـ سېنتەبىر، كۇچا.

## تارىم ـــ گۆھەر ماكانى

ئاستىمدا شاش تۇلپار، ئۈستۈمدە قۇياش
كېزىمەن بىپايان تارىم چۆلىنى.
بارخانلار، تۇزلەڭلەر ئۇپۇققا تۇتاش،
يەر ماڭا سۇنماقتا يۇلغۇن گۈلىنى.
ئوتلۇق قولۇم كۆكسۈمدە، دېدىم: ئەسسالام،
قوبۇل قىل ئوغلۇڭنى ئەي تارىم ئانام!

يېقىمدىن ياسالغان ئاسفالت كەڭ يول
بۇ چۆلنى شەھەرگە قىلمىپتۇ يېقىن.
ئىشچىلار، ۋىشكىلار پولاتلىتار قول،
مەرھابا، دېگەندەك، قەلبىمدە چېقىن.
مەردلەرچە يېقىنلاپ، دېدىم: ئەسسالام،
بىلدۈردۈم ئۇلارغا ئىززەت ـ ئېھتىرام.

ئۇچرىدى ساناقسىز ياشانغان توغراق،
ئۇ تىرىك شاھىدى قەدىم زامانىنىڭ.
بېشىمدا چېقىلغان كورمىگلاپ چاقماق،
ھەر ياقتا ئىزناسى يانغىن ـ گۈلخاننىڭ.
توغراققا ئېگىلىپ، دېدىم: ئەسسالام،
ئۇ دېدى: ئەجدادتىن ئەۋلادقا سالام!

تورغايلار قىشمەدىن ئۆتتى چۇۋ-چۇۋلاپ،
تەسەۋۋۇر كۆزۈمدە ئەجەپ مەنزىرە.
كارۋانلار كەلمەكتە بارخانىنى بويلاپ،
ئاھ، يۈرتتى ئۇلارنى بوران، جەزىرە.
كارۋانلار روھىغا دېدىم: ئەسسالام،
دېيىشتى: ئۇ قىسمەت يات ساڭا تامام.

ئاسماندەك بىپايان تارىم ئېتىكى،
يېشىللىق ئىلكىدە، خىلمۇخىل گىياھ.
شىۋىتلەر قىنىدەك يۇلغۇن چېچەكى
چۆلدىكى ھاياتلىق، ئۈزلۈكقا گۇۋاھ.
مەن دېدىم: ئەي قەيسەر سىيما، ئەسسالام،
ئۇ دېدى: تارىم بار، ھاياتلىق داۋام...

ئويلايمەن، بۇگۈنگە كەلگىچە، بۇ چۆل
تۈمەنمىڭ يىللارنى ئۆتكۈزدى باشتىن.
گاھ ياتتى سوكۇتتە، گاھ چاپتى دۇلدۇل،
يۇتۇلدى قامۇسى مىھنەت، قان ياشتىن.
مەن دېدىم: ياشانغان دىيار، ئەسسالام!
ئۇ دېدى: نەۋقىران-سەبىي مەن مۇدام.

كېلىمەن بۇ يولدا چاپتۇرۇپ تۇلپار،
نەچچە رەت چىقتى ۋە پاتتى ئاي-قۇياش.
بىلمىدىم، چۆللۈكنىڭ چېكى يوقمۇ-بار؟
ئەتكىنى ئەتكەن ئۇ ئۇپۇقنى باغاش.
مەن دېدىم: ئەي قاقاس تۇپراق، ئەسسالام،
ئۇ دېدى: ماڭا خاس، بايلىق كانى، نام.

كېلىمەن، ئويغانغان زېمىن غەيرىتىدىن،
ھەر ياقتا ئادەم ۋە بۇرغا ناۋاسى.
زامانغا خاس ئەقىل، بىلىم، غەيرەتتىن
ئېچىلغان تىلسىمات — نېفىت دۇنياسى.
مەن دېدىم: ئەي گۆھەر زېمىن، ئەسسالام،
يەر دېدى: بايلىقىم ساڭا خاس تامام.

ئويلىدىم بۇ سۆزدە بەك تىرەن مەنە،
دىيارىم دۇر، گۆھەر، زەر نېفىتكە كان.
خەلقىم مەرد، ئەمگەكچان، ئىجادكار، دانا،
باقماقتا زوقمەنلىك، ئۈممىدتە جاھان.
مەن دېدىم: ئوغلۇڭمەن سېخىي يەر-ئانام،
ئۇ دېدى: كېلىچەك بەرمەكتە سالام!

بەك ئۇزاق يول باستىم، تۇتتى تەشنالىق،
كۆزلىرىم ئالۇۋۇندا، ھاۋا ئوت-يالقۇن.
ئېيخ مانا ئالدىمدا تولۇپ سۇغا لىق،
ئاقماقتا شوخ تارىم كۆتۈرۈپ دولقۇن.
مەن دېدىم: ئەي ئانا دەريا، ئەسسالام،
ئۇ دېدى: قەدىمىڭ مۇبارەك بالام.

ئەجرىمدىن گۈزەللىك بەخش ئەتمەك بولۇپ،
دەريا غا قوشۇلۇپ چۆللەرگە ئاقتىم.
ۋۇجۇدۇم جۇر ئەتكە، ئىشەنچكە تولۇپ،
تەپەككۈر كۆزىدە ئىقبالغا باقتىم.
مەن دېدىم: ئانىجان — پەدەر ئەسسالام،
ئەتكى نېفىتلىك شەھەر ئەسسالام!

1991-يىل، سېنتەبىر، تارىم چۆلى.

## ئۇنتۇلمايمەن سېنى چۆل قىزى

كۆرگەنىدىم ئۇنى كۈندۈزى
كەڭ دالىدا چارلاش ئىشىدا.
كەچتە مېنى ئاشۇ چۆل قىزى
قايىل قىلدى ئۇسسۇل، ناخشىدا.
ئۇچراشتۇردى بىزلەرنى تانسا،
ماگىما ئىكەن بۇ يۈرەك يانسا.

زەپ چىرايلىق گۈزەلنىڭ ئىسمى،
ئۆزىگە ماس ئالتۇنگۈل ئۇنىڭ.
چىرايى ئاي، ئوت-يالقۇن جىسمى،
ناخشىسىدىن لال بۇلبۇل ئۇنىڭ.
قىز ئۈزلۈكتا شۇنداق بولامدۇ؟
ئانىلارمۇ ئايىنى تۇغامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۈتتۈرۈپ ئۇ داشۆنى ئەلا،
چوڭ شەھەردىن كەلگەن بۇ يەرگە.
بولۇپ نېفىت كەسپىگە شەيدا،
چۆللەر كەزگەن چۆمۈلۈپ تەرگە.
ئورۇن ئېلىپ بۈگۈن ئۇ تۆردىن،
كۆكرىكىگە تاقىغان ئوردېن.

ۋۇجۇدىدا كۆردۈم قۇياشنى،
دۈچ كەلگەندەك بولدۇم چاقماققا.
سوۋغا قىلسام ئالقىش، ماختاشنى،
ئايلاندۇردى كۈلكە ـ چاقچاققا.
زىبا قەددى ئوخشايدۇ گۈلگە،
لەۋلىرىدىن كەتمەيدۇ كۈلكە.

پەرىزاتلار ھەيران قالغۇدەك
گۈل ھۆسنىگە ئوماقلىقى جۈپ.
يىگىتلەرنى ئەسىر قىلغۇدەك
نىگاھى خوپ، كەرەشمىسى خوپ.
شەھلا كۆزى چېقىن چاقىدۇ،
تەبەسسۇمى ئوتنى ياقىدۇ.

قىز قولىدا تىترەر مىكرافون،
ئوقۇماقتا لىرىك، شوخ ناخشا.
ياشلىق ھېسلار كۆتۈردى دولقۇن،
كۆز ئالدىمدا نىگار ۋە باغچا.
ئاھ، نېمانچە گۈزەلسەن ياشلىق،
سەندە يالقۇن، مۇھەببەت، شادلىق.

كانـاي، رويال، دۇمباقلار تەڭكەش،
جاراڭلىدى «سېنى ئەسلەيمەن»*
ھاياجىنىم مىسالى ئۆركەش،
تىپچەكلىمەكتە يۈرەك، بەس، دەيمەن.
ۋۇجۇدۇمغا ئوتلۇق ھېس تاراب،
مەست بولدۇمۇ ئىچمەستىن شاراب.

* شۇ نامىلىق ناخشا.

باشلاندى شوخ ئۇسسۇل پەدىسى،
جۈپلەر خۇشال چۈشتى مەيدانغا.
تارتتى مېنى سەنئەت پەرىسى،
تولدۇم شادلىق، زوق، ھاياجانغا.
ئۇينار خەنزۇ، قازاق ھەم موڭغۇل،
دەشرەپ قىزىپ يايرىدى كۆڭۈل.

ئۆز ئۆيۈمدەك بىلىندى يىللىق،
چېدىر سىرتى بولسىمۇ كەڭ چۆل.
يۈرىكىم شاد يايرىغان بېلىق،
ئۇسسۇلدا جۈپ ماڭا ئالتۇنگۈل.
قىز چېھرىدە مېھىر ـ ئامانلىق،
دوستلاشتۇردى بىزنى ئىناقلىق.

قايىل بولدۇم، ئىكەن چۆل قىزى
ئىشتا قەيسەر، سەنئەتتە ماھىر.
نېفىتلىكتە داستان ئىش ئىزى،
يېزىشىپتۇ ئۇنى كۆپ شائىر.
شۇنداق بولسا ئەگەر سۆيگىنىمىڭ،
زايا كەتمەس ئاڭا كۆيگىنىمىڭ.

ئېخ، ئالتۇنگۈل، نېفىتچى گۈزەل،
مەنمۇن قىلدىڭ بارچىنى، مېنى.
بېغىشلىدىم شەنىڭگە غەزەل،
پاك، سەممىي دوست بىلگەچ سېنى.
ئايرىلىشقا قىيماي خۇش دەيمەن،
دەدە بولسام، سېنى ئەسلەيمەن...

1991 ـ يىلى، 15 ـ سېنتەبىر.

## يۇلغۇن، يانتاق — چۆلدىكى قارىغاي

كېلىمەن قۇملۇقتا، ئەتراپ ـ ئوت تونۇر،
لېۋىمدە تەشنالىق، كۆزدە قىزىللىق.

بىردىنلا قوزغالدى ھاياجان، غۇرۇر،
نامايان ئالدىمدا چەكسىز يېشىللىق.

تەلپۈندۈم ئاننى كۆرگەن بوۋاقتەك،
يېشىللىق مۇھەببەت، يېشىللىق ياشلىق.
جۇش ئۇردى ئىلھامىم خۇددى بۇلاقتەك،
ھاياتقا بار ئىكەن چۆلدە ئوخشاشلىق.

بىلمىدۇ دەشتلەردە يول يۈرگەن ئىنسان،
بۇندىكى يېشىللىق ئەلا گۆھەردىن.
نە دەريا، نە سۇ يوق... ساپلا قۇم-بارخان،
ئويلايمەن مۆجىزە كەلگەن قەيەردىن؟

سوئاللار بېشىمدا چاقتى ئوت - چاقماق،
تۇلپاردىن چۈشتۈم-دە، كەزدىم چۆللۈكنى.
نە چۆللۈك، پىداكار يۇلغۇن ۋە يانتاق
ئېتىپتۇ بۇ يەردە بەرپا گۈللۈكنى.

كۆك يېشىل ياپراقلار، ئاق، ھال رەڭ چېچەك
كۆزۈمنى چاقنىتىپ، قىلمىدۇ جۇلا.
چېچەكلەر ئۈستىدە ئوينار كېپىنەك،
مىسالى كەڭ باغچە بىپايان دالا.

تەشنالىق ئۇنتۇلۇپ يايرىدى يۈرەك،
ئۆيۈمدە بەھۇزۇر سىنچاي ئىچكەندەك.
كۆرۈندى كۆزۈمگە رەڭگمۇ رەڭ چېچەك،
يۇلتۇزلار ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك.

خىسلەتلىك يۇلغۇن ۋە يانتاققا قاراپ،
شېئىردى تۈيغۇلار كۆتۈردى قىيان.
ئەرزىيدۇ «چۆلدىكى قارىغاي» ئاتاپ،
مەدھىيە ئوقۇسا ئۇلارغا جاھان.

ھېكمەت بار ئۆزگىچە يۇلغۇن، يانتاقتا،
ئۆسىدۇ قىززىق قۇم، تاشلارنى يېرىپ.
كەڭ تىرەن يىلتىزى ئانا تۇپراقتا،
ياشايدۇ ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ.

جاپالىق قىسمەتتە ئۆتىدۇ كۈنى:
گاھ يۇلۇپ كەتمەكچى بولىدۇ بوران.
قىينايدۇ تومۇزدا تەشنالىق ئۇنى،
قۇم كۆچۈپ، ئۈستىنى باسىدۇ بارخان.

مەردانە، تىك تۇرۇپ قورقماستىن ئەسلا
تاقابىل تۇرىدۇ كۆچكۈن، بورانغا.
نەپ، شۆھرەت، ماختاشتىن بولۇپ مۇستەسنا،
گۈزەللىك بېرىدۇ قاقاس ماكانغا.

ياشىغان زېمىنغا، گۈزەل ماكانغا
چېگىلگەن ئۇلارنىڭ سۆيگۈ رىشتىسى.
چۆلدىكى قارىغاي — يانتاق- يۇلغۇنغا،
ئوخشايدۇ پىداكار نېفىت ئىشچىسى...
1991 - يىل، سېنتەبىر

## ئالماشقان قىسمەت

ئويلايمەن، كاللامدا جىق سوراق،
سوئالدا گاھ شادلىق، گاھى مۇڭ.
بۇ پەلەك ئادەمدەك بىتۇراق،
گاھ تەتۈر چۆگىلەر، گاھى ئوڭ.

بىز بۇرۇن ئەركىسىز ۋە نامرات،
چەت ئەللىك ئىلمايتتى كۆزىگە.
ئېتىپ پۇل، ھوقۇقنى قوش ھىمات،
خىزمەتكار قىلاتتى ئۆزىگە.

بۈگۈنچۇ، ئۆزگەردى ئۇ قىسمەت،
بولدۇق بىز ھەقىقىي خوجايىن.
بىزدە ئەرك، ھوقۇق، پۇل، كۈچ - قۇدرەت،
گۈللىدى ئەل - ۋەتەن كۈنسايىن.

بىزنىڭكى شەھەر، چۆل، تاغ - سايلىق،
مەدەنىي مىراس ھەم نېفىت - گاز.
بىزنىڭكى توگىمەس زەر - بايلىق،
بىزنىڭكى كېلەچەك، قۇت، پەرۋاز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چەت ئەللىك تېخنىك ۋە ئىنژېنېر،
بىز ئۈچۈن قىلماقتا خىزمەتنى.
تارىمدا پاكىتلار يەشتى سىر،
باي، كۈچلۈك خەلق تاپار ئىززەتنى...

1991 - يىل، سېنتەبىر

## ئاقىللار يۇرت، مىللەت ئايرىماس

— جۇڭگو يازغۇچى - سەنئەتكارلار زىيارەت ئۆمىكىدىكىلەرگە بېغىشلاپ

ئىجادكارلار ئاجايىپ ئىنسان،
يوق تارتىنىش، مەنسەپ جازىسى.
قىلدى بىزنى يېقىن دوست - تۇغقان
زىيارەتتە نېفىت بازىسى.
كەڭ تارىمنى ئايلاندۇق بىللە،
ئەستىن چىقماس كۆڭۈللۈك كۈنلەر.

بىرى ئاق چاچ مەشھۇر يازغۇچى،
بىرى شەرقتە داڭلىق مۇزىكانت.
بىرى نەپىس رەسىم سىزغۇچى،
ھەممىسىلا تۆھپىكار تالانت.
سۆز - ھەرىكەتتە يىللىق، ۋاپالىق،
ئىشلەيدىكەن قاتتىق، جاپالىق.

بار پېشقەدەم ئايال ئىجادكار،
رەپىقىسى مەرھۇم لى جىنىڭ.
شاھىدلىرى جەڭچى ئىسيانكار
ماۋدۇن سۆككەن زۇلمەت كېچىنىڭ.
مەن ئۇلارغا بىلدۈردۈم ھۆرمەت،
بەردى ماڭا ئىلھام ۋە رىغبەت.

ئۇلار يۇرتى بېيجىڭ ۋە كۆكخوت...
يالغۇز مېنىڭ چېگرا يۇرت خوتەن.
يولىمىزدا بىرلىك، ئىشتا قۇۋۋەت،
بىردۇر بىزنىڭ قۇياش ھەم ۋەتەن.
دوست - ھەمدەملىك ياخشىلارغا خاس،
ئاقىللار يۇرت، مىللەت ئايرىماس.

ئۇلار بىلمەس ئۇيغۇرچە، ئەمما
چۈشىنەركەن ئۇيغۇرنى خېلى.
سىرلار ئەمەس يوچۇن، مۇئەمما،
سەنئەتكارنىڭ بىر بولغاچ دىلى.
كەچمىشلەرنى قىلىشتۇق بايان،
شەرەتتىمۇ دىل سىرى ئايان.

كۆتۈۋالدى نېفىتلىك قىزغىن،
ئىشچىلارنى قىلدۇق زىيارەت.
ئىلھام يىراق كەتمىدى بىزدىن،
ماگما بولدى دىلدا ھارارەت.
ناخشا ئېيتتۇق، رەسىملەر سىزدۇق،
كۈي - نەزمىدىن ئۈنچىلەر تىزدۇق.

مەن ئويلايمەن، يوقتۇر ئالەمدە
پەن - ئىجادنىڭ مىللەت چېگرىسى.
مەرد، تۆھپىكار، كەڭ دىل ئادەمگە
ھەيكەل تىكلەر ئەۋلاد، كەلگۈسى.
پەن - سەنئەتسىز ئىقبال كۈلمەيدۇ،
ئىجادكارلار روھى ئۆلمەيدۇ.

ئەدىب، ئالىم، سەنئەتكار كەبى
بولسا جىمى مىللەت ۋە ئىنسان.
تەڭلىك، دوستلۇق ياشناپ ئەبەدىي،
تىنچ، گۈزەل بولاتتى جاھان.
بۇ كۈنلەرگە ئىشەنچىم كامىل،
كېلەچەكتىن ئۈمىدۋار ئاقىل.

شۇنداق سۆز بار قەدىمدىن كەلگەن:
ئۇنتۇلمايدۇ سەپەرداش - ھەمراھ.
يادىكار، دەپ ئۆزئارا بەرگەن
سۈرەت، ئەلبۇم بۇنىڭغا گۇۋاھ.
ئۆتتى بىر ئاي ئىناق، شادىمان،
مەن ئۇلارنى ئەسلەيمەن ھامان...

9991 - يىل، سېنتەبىر، كورلا

## كاچالكا، زېمىن ۋە مەن

كېلىمەن جۇڭغارنىڭ چۆلى — دەشتىدە،
هەر ياقتا كاچالكا، قۇدۇق، ۋىشكىلار.
بۇ زېمىن باي مەردلىك سەرگۈزەشتىگە،
ئۇنىڭغا ئاۋاتلىق بەرگەن ئىشچىلار.

جۇش ئۇرار هاياجان - ئىلهام قەلبىدە،
شائىرلىق كۆزىدە هەريانغا قاراپ.
بىردىنلا ياڭرىدى قۇلاق تۈۋىدە
ئاجايىپ بىر سۆهبەت — سوئال ۋە جاۋاب:

زېمىننىڭ سوئالى: ئەي كاچالكىجان،
جاۋاب بەر، بۇ سىرنى سەنلا بىلىسەن.
نېمىشقا چوقۇنۇپ، ئەزىزلەپ هامان،
سەن ماڭا توختىماي سەجدە قىلىسەن؟

كاچالكا جاۋابى: ئۇلۇغسەن زېمىن،
سەن بىلەن هاياتلىق، ئىنسان بىر گەۋدە.
سەن بولغاچ كەڭ ئالەم خاتىرجەم - ئەمىن،
ئەرزىيدۇ يۈلتۇزلار قىلىسىمۇ سەجدە.

سەندىكى كۆمۈر ۋە ئۇران، نېفىت - ماي
ئازايىتتى جاهاننىڭ قۇۋۋەت غېمىنى.
سەن بولغاچ يوپىتىر، ۋېنېرا، مارس، ئاي
كۆرمەكتە ئىنسانىنى، ئالەم كېمىنى.

ئەبەدىي هاياتلىق، مەۋجۇدلۇق ئۈچۈن،
كۆتۈردۈڭ سەن ئېغىر يۈكنى يەلكىدە.
چۈشەندى جىمىكى سەييارە بۈگۈن؛
ئالەمنىڭ تەقدىرى زېمىن ئىلكىدە.

سەن قىلدىڭ ئادەمگە بايلىق، جان ئاتا
ۋە بەردىڭ هەممىنى — بولسىلا لازىم.
تەگرىسەن، مەن سېنىڭ بەندەڭ كاچالكا،
قىلىمەن ئەبەدىي ساڭىلا تەزىم...

چۈمۈلدۈم ئاجايىپ سەزگۈ، تۇيغۇغا،
چۈشىنىپ زېمىننىڭ بۈيۈك ئەجرىنى.
ئاه، كۆپ يىل چىرمىنىپ غەپلەت ئۇيقۇغا
بىلمەستىن كېزىپتىمەن دەشت - چۆل قەدرىنى.

بېشىمغا چېقىلدى شىددەتلىك چاقماق،
ئۆرتەنگەن يۈرىكىم زىختىكى كاۋاب.
تۈۋلىدىم: بېرىمەن، ئەي ئانا تۇپراق،
ئوغۇلغا خاس ئەمگەك - تۆهپىدە جاۋاب!...

1991 - يىل، سېنتەبىر، قاراماي.

## جەرەنبۇلاق

جەرەنبۇلاق، جەرەنبۇلاق،
چىرايلىق ماكان.
بولۇپ قالدىڭ ئانا يۇرتتەك
ماڭا قەدىردان.

نەدىن كەلگەن ساڭا باشتا
بۇ ئىسىم - ئاتاق؟
يا بارمىدى شوخ جەرەنلەر
سۇ ئىچكەن بۇلاق؟

قىزلىرىڭنىڭ كۆزى ئوخشار
جەرەن كۆزىگە.
قۇياش مەپتۇن، يۇلتۇز مەپتۇن،
ئايدەك يۈزىگە.

يىگىتلىرىڭ شان - شەرىپى
مەشهۇر جۇڭغاردا.
مەن ئۇلارنى ئوخشىتىمەن،
جەسۇر تۇلپارغا.

دالا - تۈزۈڭ، زاۋۇتلىرىڭ
نېفىت پۇرايدۇ.
جامالىڭنى كۆرسەم، دىلنى
شادلىق ئورايدۇ.

ئېلېكترلار ياندىغان تۈنۈك
خۇددى كۈندۈزدەك.
ۋىشكا، قۇدۇق، كاچالكىلار
سەندە يۇلتۇزدەك.

ئەسلىمدىكى قاقاس چۆل ـ ساي
بۈگۈن بىر شەھەر.
زېمىن ئۈستى باغ ـ بوستانلىق،
ئاستىدا گۆھەر.

ھەر رەت كەلسەم ۋۇجۇدىمدا
يالقۇنلۇق تۇيغۇ.
قۇياش قونۇپ ياشلىقىمغا،
جۇش ئۇرار سۆيگۈ.

كۈتۈۋالار شاراب تۇتۇپ،
تونۇش گۈزەللەر.
نېفىت كەبى ئۇرغۇپ چىقار
دىلدىن غەزەللەر.

پاك مۇھەببەت، ناخشا تولغان
باغرىڭ ئۆزى سەن.
قاراماي ــ زەر ئۈزۈك بولسا،
ياقۇت كۆزى سەن.

بىر ھەقىقەت بولدى سەندىن
بارچىگە ئايان:
شەھەر، باغچە قىلالايدۇ
چۆل ـ دەشتنى ئىنسان.

جەرەنبۇلاق، گۆھەر بۇلاق،
ئەي ئېسىل دىيار.
جامالىڭغا كۆز تەگمىسۇن
ئاسقىن كۆز تۇمار...

1991 ـ يىل، سېنتەبىر، قاراماي،
جەرەنبۇلاق.

## ماھارەتتە تاپ يەنە كامال

ــ قاراماي ئۆسمۈر روبالچى گۈلمىرەگە

تۇرۇپ قالدىم، بولۇپ لال ـ مەپتۇن،
كۆز ئالدىمدا قالتىس مەنزىرە.
پىشقان ماھىر مۇزىكانت كەبى،
روبال چالار ئۆسمۈر گۈلمىرە.

ئانا سۈتى پارلار چېھرىدە،
ئۇ شۇنچىلىك سەبىي ۋە ئوماق.
ياڭراتماقتا نەپىس كۈي ـ سادا،
پەدىلەردە يۈگرەپ ئون بارماق.

مەن ئاڭلىدىم روبال تىلىدىن
جۇشقۇن يۈرەك لىرىكىسىنى.
بېتخوۋېننىڭ سىمپونىيىسى،
ئىسكەندەرنىڭ مۇزىكىسىنى.

ھېسسىياتىم كۆتۈردى قىيان،
خۇشاللىقتىن ئاقتى كۆز يېشىم.
ياش ئەۋلادتىن تولۇپ ئىشەنچكە،
يەتتى گويا ئاسمانغا بېشىم.

ئىزھارىغا ئاجىزدۇر تىلىم
يۈرەكتىكى شادلىق، غۇرۇرنىڭ،
زور ئىككەنگۇ كېلىچەكتىكى
سەنئەتتىدە ئۈمىد ئۇيغۇرنىڭ.

ئەي روبالچى ئۆسمۈر گۈلمىرە،
سەندە تالانت، سەندە ئىستىقبال.
ئارزۇسى شۇ شائىر تاغاڭنىڭ
ماھارەتتە تاپ يەنە كامال!...

1991 ـ يىل، سېنتەبىر، قاراماي.



# قايتا ئېرىشكەن بەخت

ھۆرنىسا تۇردى

(ھېكايە)

كەلگىنىمگە بىرقانچە كۈن بولغان بولسىمۇ، سوغۇقتىن قېچىپ بىر ياقلارغا چىققۇم كەلمىگەنىدى. بۈگۈن يەكشەنبە ئىكەن، ئادەتتە يەكشەنبە كۈنى شەھەر كوچىلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىناتتى. ئۆزۈم ئۆسكەن بۇ شەھەرنىڭ ھازىرقى قىشلىق مەنزىرىسىنى كۆرۈپ تاماشا قىلغۇم كەلدى-دە، يېغىۋاتقان قارغا قارىماي ئىسسىق كىيىنىپ ئىشىكتىن چىقتىم. سوغۇق شامال يۈزگە نەشتەردەك سانجىپ تۇراتتى، ئەمما كوچىلاردا ئادەم مىغىلدايتتى، مەن ھەۋەس بىلەن كوچا ئايلىنىشقا باشلىدىم.

پاھ، شەھەرنىڭ قىياپىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بوپتۇ، مەن بىلىدىغان تار كوچىلار بىرنەچچە، ماشىنا بىمالال ئۆتۈشكۈدەك كەڭ ئاسفالت كوچىغا ئايلىنىپ، ئىككى قاسناقتا بىنالار قەد كۆتۈرۈپتۇ. كوچىلارنىڭ ئالدى تەرەپلىرىنى چوڭ-چوڭ كۆركەم ماگىزىنلار ئىگىلەپتۇ، شەخسىي تىجارەتچىلەر ئۈچۈن بىرقانچە يەردە مەخسۇس سودا بازارلىرى قۇرۇلۇپتۇ. ماشىنا، موتسىكلىت ۋە ۋېلسىپىتلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ماڭماقمۇ تەسلىشىپ كېتىپتۇ، ئادەملەرنىڭ مېڭىش-تۇرۇشلىرى، كىيىنىشلىرى زامانىۋىلىشىپ، ھەممىلا نەرسىگە يېڭىچە ئىسكەت كىرىپ، شەھەر يېڭى ھايات قاينىمىغا چۆمۈپتۇ، ئاشخانا ۋە قەھۋەخانىلاردىن ياڭراۋاتقان ناخشا-مۇزىكا سادالىرى پۈتۈن شەھەرنى قاپلاپتۇ. بەزى كوچىلارنى تونۇيالماي ئادىشىپمۇ قالدىم. مەن بۇ يەرلەردە مۇنچىلىك زور تەرەققىياتلارنىڭ بولۇپ كېتىشىنى پەقەت تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىكەنمەن. چوڭ ھەۋەس ۋە زوق بىلەن ھەر بىر دۇكان ۋە ماگىزىنلارنىڭ ئالدىدا توختاپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرغان رەڭگارەڭ ماللارنى، بەس-بەستە دال

www.uyghurkitap.com

ئېلىنىشۋاتقان خېرىدارلارنى تاماشا قىلغاچ كېتىپ باراتتىم، تۇيۇقسىزلا بىر يىگىت ئالدىمغا كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېگىنىچە قول ئۇزاتتى، — سىلىنى كەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. ئەمما تىرىكچىلىكنىڭ ئاۋارىچىلىقىدا ۋاقتىدا بېرىپ ھاردۇق سورىيالمىدىم، قانداق، سالامەتلىكلىرى ياخشىدۇ، — دېدى ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتتا.

— ياخشى، ياخشى...

مەن ئۇنى تونۇيالمىدىم، ئەمما ئۇ، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى. ئۇ، مېنىڭ تېڭىرقاپ قالغىنىمنى سېزىپ دەرھال ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— مەن خېلىل ئەمەسمۇ؟ باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، دائىم سۇغا چۆمۈلگىلى ئۆستەڭگە باراتتۇق، ئىككىمىز بىر بولۇپ بالىلارنى سۇغا چۆكتۈرۈپ يالۋۇرتۇپ ئوينايتتۇق. ئەسلىرىدىن چىقىپ قالدىمۇ؟ — دېدى.

— ۋاي، ئېسىم قۇرۇسۇن، خېلىل! ۋاي - ۋۇي، سەنمىدىڭ ئۇكام! — دېدىم - دە، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۈم، — ئۇ چاغلاردا سەن ئورۇق، زىلۋا بالا ئىدىڭ، ھازىر سەمرىپ، تۇخۇمدەك تولۇپ كېتىپسەن ئەمەسمۇ؟

ھەر ئىككىمىز قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ قولۇمدىن يېتىلىگىنىچە بىر دۇكانغا ئەكىردى. دۇكاننىڭ ئىچى ھەر خىل قىممەت باھالىق ماللار بىلەن تولغانىدى.

— بۇ سېنىڭ دۇكىنىڭمۇ؟ سەن مىليونېر بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامسەن؟ — دېدىم دۇكاننىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس، ئىشقىلىپ ھال ئوقىتىمىز ياخشى، — دېدى ئۇ مېنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلغاچ.

ئىككىمىز ئوتدانىدىكى ئىسسىز كۆمۈرنىڭ چوغىغا قولىمىزنى قاقلىغاچ ئولتۇرۇپ ھال - ئەھۋال سوراشتۇق. ئۇنىڭ ماللىرى خىل بولغاچقىمۇ، دۇكانغا خېرىدار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە ھازىر ئىككى يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق سەرمايىسى بار ئىكەن. يېقىندا بىر مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئون مىڭ يۈەن ئىئانە بېرىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پات - پات دوختۇرخانىلارغا بېرىپ، دورا پۇلىدىن قىسىلىپ قالغانلارغا، ياتاقتا يېتىپ دوختۇر پۇلىنى تۆلىيەلمەيۋاتقان يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىپ، دورا پۇللىرىنى تۆلەپ قويىدىكەن. بۇلارنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندىم، ھەم بالىلىق چاغدىكى بۇ ساۋاقدىشىمغا بىردىنلا ھەۋىسىم كېلىپ قالدى.

— دېمەك، كىشىلەرنىڭ رەھمىتىنى ئېلىۋېرىپ بېيىپ كېتىپسەن - دە، — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

— شۇنداق، «دۇئا بىلەن ئەر كۆكىرەر، سۇ بىلەن يەر» دېگەن گەپ بار. دۇئا - رەھمەتلەر يېغىپ تۇرسا، تاپقان پۇلىنىڭمۇ بەرىكىتى بولىدىكەن، — دېدى ئۇمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، دېگەن شۇ - دە، — دېدىم ئۇنى قوۋۋەتلەپ. شۇ ئارىلىقتا يەنە بىرنەچچە خېرىدار كەلدى. مەن ئۇنىڭ سودىسىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويماي دەپ ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي خوشلاشتىم.

— ئەمىسە بۈگۈن كەچتە ئوغلۇمنى ئەۋەتىمەن، ئۆيگە ئىلتىپات قىلسىلا. كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن جاھانلار بوپتۇ، بىر پىيالە چاينى بىللە ئىچكەچ بىر پەس ئولتۇرايلى، — دېدى ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ. مەن ماقۇل بولدۇم.

كەچتە خېلىلنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم. تاماقتىن كېيىن يۇمشاق دىۋاندا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاچچىق دەملەنگەن چايدىن ئوتلىغاچ پاراڭغا چۈشتۇق.

— «تاغ بىلەن تاغ ئۇچراشمايدۇ، ئادەملەر ئۇچرىشىدۇ» دېگەندەك، ئۆلمەسەكلا ئۇچرىشىدىكەنمىز. شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن كۆرۈشۈپ قالغىنىمىزغا بەكمۇ خۇشال بولۇۋاتىمەن، — دېدى خېلىل.

— ئاردا مەن يۇرتقا بىرنەچچە قېتىم كەلدىم، ئەمما سېنى ئۇچرىتالمىدىم، — دېدىم مەن.

— شۇنداق بولغاندۇ. مەنمۇ بىر مەزگىل تۇرمۇش پاراكەندىچىلىكى بىلەن ياقا يۇرتلاردا يۈرۈپ كەلدىم، — دېدى ئۇ مۇڭلانغان قىياپەتتە ماڭا قاراپ.

— ئاتا - ئاناڭ باردۇر؟

—يوق. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى قازا قىلىپ كەتكەن.

شۇ ئەسنادا 15 - 16 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا بىرىگە ئالما، بىرىگە نەشپۈت تىزىلغان ئىككى تەخسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئالدىمىزغا قويدى.

— بالىنىڭ نەچچىنچىسى؟ — دەپ سورىدىم چىقىپ كېتىۋاتقان بالىنى ئىما قىلىپ.

ئۇ، لەپپىدە كۆزۈمگە تىكىلىپ كۈلۈمسىرىدى، ئاندىن سەل تۇرۇۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— بۇ كىچىكى.

— بالا نەچچە؟

— ئىككى، چوڭى قىز.

— قىزنى ياتلىق قىلغانمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن كەلگەندىن بېرى بۇ ئۆيدە ھېلىقى ئوغۇلدىن باشقا قىز بالا كۆرۈنمىگەنلىكىنى ئويلاپ.

ئۇ بىر پەس شۈككىدە بولۇپ قالدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر خىل ئوڭايسىزلىنىش كەيپىياتىدا كۆزۈمگە قاراپ:

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

مەن ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن سەل ئەجەبلەندىم. باياتىن بېرى چاي، تاماق سۈنۈپ غىل - پال كۆرۈنۈپ يۈرگەن ئايالنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇ، ئاقسېرىق، قوڭۇر چاچ، كۆك كۆز، چىرايلىقىنە ئايال ئىدى. ھېلىقى ئوغۇل دەل ئاشۇ ئايالغا ئوخشايتتى. سېلىشتۇرۇپ بېقىپ ئۇ بالىنىڭ ھېچنەرسىنى خېلىلغا ئوخشىتالمىدىم - دە، دەمال گەپ سوراشنى ئەپ كۆرمەي، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. ئاندىن ئۇ ئاقلاپ بەرگەن ئالمىنى ئېلىۋېتىپ:

— بايقىشىمچە سەنمۇ تۇرمۇشتا ئازتولا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندەك تۇرىسەن، — دېدىم كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان ئاللىقانداق چۈشىنىكسىز گۇماننى يەشمەك بولۇپ.

ئۇ ۋىللىدە قىزاردى. بىر دەم جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، بىراق ئۇزۇن گەپنى باشلاپ قويۇپ، سىلىنى چارچىتىپ قويارمەنمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— ياق ئۇكام، بۇ بىر پۇرسەت. ئايرىلغىنىمىزغا ئۇزۇن يىللار بوپتۇ، مۇڭدىشايلى، — دېدىم مەن. خېلىل مەندىن 2 – 3 ياش كىچىك ئىدى. بالىلىق ۋاقىتلىرىمىزدىن تارتىپ مېنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىدە ھۆرمەت ۋە سەمىمىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ، چوڭقۇر خورسىنىپ قويۇپ سۆزگە كىرىشتى:

— تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىمدىن كېيىن، دادام مېنى ئوقۇشتىن توختىتىۋالدى. يادىڭىزدا باردۇر، ئۇ چاغلاردا دادامنىڭ بىر مىلىچ مال دۇكىنى بار ئىدى. ئوقۇشتىن قالغاندىن كېيىن مەن شۇ دۇكاندا ئولتۇرۇپ دادامنىڭ ھېسابات ئىشلىرىغا ھەم دۇكاننىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتىم. كېيىنچە مال سېتىش ئىشلىرىمۇ ماڭا قالدى. ئاستا - ئاستا بۇ ئىشقا كۆنۈپمۇ قالدىم. دادام مىجەزى چۇس، قاتتىق تەلەپچان ئادەم ئىدى. ئاپامنىڭ مىجەزى دادامدىنمۇ چۇس ھەم ئاچچىقى يامان بولۇپ، بىزدىن سەللا سەۋەنلىك ئۆتۈپ قالسا دادامغا چېقىپ ئەدىبىمىزنى بەرگۈزەتتى.

شۇ كۈنلەردە مەن بىر سەۋداغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىپ، ئۇلارنى رەنجىتىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ قالدىم، — خېلىل بىردىنلا سۆزدىن توختاپ بىر نەرسىدىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك، كۆزۈمگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاندىن تاماكا تۇتاشتۇرغاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— بىزنىڭ تام قوشنىمىز مىرغىياس ئىسىملىك بىر تاتار كىشى ئىدى، ئۇ كىشىنىڭ كەنجى قىزى نادىرە بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ساۋاقداش ئىدۇق. مەكتەپكە بارغۇچە - كەلگۈچە دائىم بىللە ماڭاتتۇق. ئۇ ناھايىتى ئۆتكۈر، تىرىشچان ھەم ئىنتايىن چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇنىڭ شۇ گۈزەل جامالى بارا - بارا مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىشقا باشلىدى. بەزىدە ئىنسان بالىسىنىڭ ئاشۇنداق گۈزەل بولۇشىغا ئىشىنەلمەيۋاتقاندەك ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ قالاتتىم.

بىز كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالدۇق، يېشىمىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ مۇھەببىتىمىزمۇ كۈچىيىپ، بىر كۈن كۆرۈشمىسەك تۇرالمايدىغان بولۇپ كەتتۇق. كېيىنكى چاغلاردا بىزنىڭ كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان يېرىمىز ئىشىك ئالدىدىكى چوڭ ئېرىقنى بويلاپ ئۆسكەن مەجنۇن تاللارنىڭ دالدىسى ئىدى. بىز شۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۇزاق - ئۇزاق پاراڭلىشاتتۇق. نادىرە تولاراق دۇكاندىن قايتىدىغان ۋاقتىمنى پايلاپ تۇرۇپ ئېرىق بويىغا چىقىپ يولۇمغا قارايتتى، مېنىڭمۇ دۇكاننى تاقاپ ئۆيگە قايتقۇچە تاقىتىم تاق بولاتتى.

شۇ يىلى قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا ئاخشىمى مەن نادىرەگە ھېيتلىق سوۋغات بېرىش ئۈچۈن بىر دانە ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك، بىر دانە گاز ياغلىق ۋە بىر قۇتا ئەترىنى چىرايلىق شايى قول ياغلىققا چىگىپ، ئىككىمىز كۆرۈشىدىغان ھېلىقى جايدا ئۇنىڭ چىقىشىنى

كۆتۈپ تۇردۇم. بىر كەمدە ئۇ ئاپتۇۋا كۆتۈرگەن هالدا هويلىسىدىن چىقتى. ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا باردىم:

— ياخشىمۇ سەن نادىرە؟ — دېدىم پەس ئاۋازدا. ئاندىن، — بىز ئاز بولسىمۇ ساڭا ھېيتلىقىم، — دەپلا چاققانلىق بىلەن ياغلىقنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم-دە، ئارقامغا قايتتىم. ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئارقامغا قارىسام ئۇ تېخىچە ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەنمۇ تا ئۇ هويلىسىغا كىرىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردۇم.

ھېيت كۈنى ئاغىنىلىرىم بىلەن ھېيتلىشىپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتاتتىم، كوچىمىزنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە بىرنەچچە قىزلار بىلەن كېلىۋاتقان نادىرەگە ئۇچرىشىپ قالدىم.

— ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن قىزلار، — دېدىم ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختاپ. قىزلارمۇ لايىقىدا سۆز قايتۇرۇشتى. شۇ ئارىدا نادىرە ئىككىمىزنىڭ كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قېلىۋىدى، ئۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. مەن ئۆز ھېسسىياتىمنى قىزلارنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھال مېڭىشقا تەمشەلدىم.

— خېلىل، — دەپ چاقىرىپ قالدى نادىرە، ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس ۋە يېقىملىق ئىدى. ئۇ ماڭا يېقىن كېلىپ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — رەھمەت ساڭا، — دېدى كۈلۈمسىرەپ، — مۇندىن كېيىن ماڭا سوۋغا بەرمىگىن. ئەنىيىم بىلىپ قالسا چاتاق بولىدۇ. مېنىڭمۇ ساڭا سوۋغام بار ئىدى، قاچان...

— بولدى نادىرە، ماڭا باشقا سوۋغا كېرەك ئەمەس، سېنى كۈندە بىر كۆرۈپ تۇرۇشقا مۇيەسسەر بولالىساملا ماڭا ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا شۇ، خەير-خوش، — دېدىم-دە، خوشلاشتىم. ئۇنىڭ بىلەن بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلىشىشكە ماجالىم يەتمەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن نادىرە تالاتۈزدە كۆرۈنمەي قويدى. تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئېلگىرى بىر كۈن كۆرەلمەي قالسام بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ ئۆگزىگە چىقاتتىم-دە، ئۇلارنىڭ هويلىسىدىكى بىزنىڭ ئۆگزىگە شاخ تاشلاپ تۇرغان يوغان گىلاس دەرىخىنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ هويلىسىغا قارايتتىم، بەزىدە ئۇنى كۆرۈپ قالاتتىم، بەزىدە ئۆزىنى كۆرەلمىسەممۇ ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالاتتىم-دە، ئىنتىزارلىقىم بىر ئاز بېسىلىپ، قايتىپ چۈشەتتىم. مانا ئەمدى تۆت كۈندىن بېرى ئۇنىڭ ئۆزى تۈگۈل، جىسمىغا ئارام بېرىدىغان يېقىملىق ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالمىدىم...

خېلىل سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا مەيۈس قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

— بىر كۈنى ئەتىگەندە دۇكانغا كېتىۋاتاتتىم، توساتتىن كەينىمدىن «خېلىل» دەپ چاقىرغان زىل ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇرۇلۇپ قارىسام نادىرەنىڭ يېقىن دوستى ئىززەت ئىكەن. ئۇ قىز يېشىپ كېلىپ:

— بۇنى نادىرە ئەۋەتتى، — دېدى-دە، ماڭا بىر پارچە خەتنى بېرىپلا كېتىپ قالدى. مەن خەتنى ئېلىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇچقاندەك مېڭىپ دۇكانغا كەلدىم، خەت تۆت قۇرلا ئىدى:

«سالام خېلىل:

ياخشىمۇ سەن؟ ساڭا بىر خەۋەر ئېيتاي، ۋاقتىنى چىڭ تۇتقىن. ماڭا بىزنىڭ ئائىلىگە يېقىن بىرىدىن ئەلچى كىرەرمىش. داداڭ بىلەن ئەتىيىم يېقىن دوست، بەلكىم ساڭا ئۇناپ قالار، تېز ھەرىكەت قىلىپ ئۇلاردىن بۇرۇن ئەلچى كىرگۈزۈشنىڭ ئامالىنى قىلغىن.

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سېنى سۆيگەن: ن»

خەتنى ئوقۇپ يۈرىكىم سىقىلىپ، ۋۇجۇدۇم شامال سوققان يوپۇرماقتەك تىترەشكە باشلىدى، بىردىنلا ھەم خۇشاللىق، ھەم ئەندىشە ئىلكىدە قالدىم. ئەھۋالنى دادامغا قانداق ئۇقتۇرۇشنى بىلمەي چۈشكىچە گاڭگىراپ يۈردۈم، كۆڭلۈم بىئارام بولغاچقا قولۇمىمۇ ئىشقا بارمىدى. بىر چاغدا دادامنىڭ ماڭا ئامراق بىر ئاغىنىسىنى ئېسىمگە ئالدىم ـ دە، شۇ ھامان دۇكاننى تاقاپ ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە قاراپ چاپتىم. بۇنداق گەپلەرنى چوڭلارغا ئېيتىش تولىمۇ تەسكەن. شۇنداق بولسىمۇ، تەمتىرەپ تۇرۇپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ، كەچتىلا دادام بىلەن كۆرۈشىدىغان بولدى. مەن خۇشال كەيپىياتتا ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. «دادام نېمىدەپ جاۋاب بېرەركىن، بەلكىم يېقىن ئاغىنىسى مىرغىياس ئاكا بىلەن قۇدا بولۇشنى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل كۆرەر، بىراق ئانامچۇ، ئۇ نېمە دەركىن، تايىنلىق قارشى چىقارمىكىن،» دېگەندەك خىياللار بىلەن تاڭ ئاتقۇچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. دېگەندەك ئۇلار ئۇنىماپتۇ، ئەكسىچە ماڭا ئاللىقاچان لايىق تاللاپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ، كاللام پىرقىراپ كەتتى. مەن ئۇ لايىقنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆڭلۈمدە جەزملەشتۈردۈم. چۈنكى ئانام بىرنەچچە قېتىم ماڭا دارىتىپ «رۇقىيەم قانداق يىگىتكە نېسىپ بولاركىن، ئۇنى ئالغان ئەر ئۇنىڭ ھەممە، بايلىقىغا ئىگە بولىدۇ» دېگەنىدى.

ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي ئىنتايىن ئازاب ئىچىدە قالدىم. ئاخىرى ھايانى قايرىپ قويۇپ، دادامغا يالۋۇرۇپ خەت يازدىم. ئەمما بۇ خېتىم ئۇلارغا قىلچە تەسىر قىلمىدى. ئەكسىچە، ئانام مېنى ئالدىغا چاقىرتىۋېلىپ:

— ھەي ئۇياتسىز ئەخمەق! بىر كۆك ـ كۆز سېرىق ئاسلان ئۈچۈن ئۇيالماستىن داداڭغا خەت يازدىڭمۇ؟ ئۇ نوغاينىڭ كىچىككىنە بىر قورۇ ـ جايدىن باشقا نېمىسى بار، بىر مەكتەپنىڭ ئابارچىلىقىنى قىلىپ، جېنىنى ئاران بېقىۋاتقان خەقنى قانداقمۇ قۇدىمىز دەپ يۈرگىلى بولىدۇ؟ رۇقىيەم دېگەن تۇتسا سېپى بار، قىچقارسا ئىتى بار باۋۇدۇن باينىڭ قىزى. چىرايىغا ئاش قويۇپ ئىچەمتىڭ؟ ئۇ ئائىلىگە كۈيئوغۇل بولساڭ ھۆرمىتىڭ ئاشىدۇ، ئانىسىنىڭمۇ تۆت كۈنلۈكى قالدى. رۇقىيەم ئۇلارغا بىر بالا، ئانىسىدىن قالسا ئۇلارنىڭ پۈتۈن مال ـ دۇنياسى سىلەرگە قالىدۇ، ئوغۇل بالا دېگەن پۇل بىلەن نام ـ ئابروي تاپىدۇ، خام ـ خىيال قىلما، مەن ھايات بولىدىكەنمەن، ساڭا رۇقىيەمنى ئېلىپ بەرگىنىم بەرگەن! — دېدى.

پۈتۈن ئۇرۇنۇشلىرىم بىكار كەتتى.

ئۆممىدىم ئۈزۈلدى. ھالىم كۈندىن ـ كۈنگە
خارابلاشتى، گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدۇ،
كۈنلەرنى ھەسرەت ئىچىدە ئۆتكۈزىمەن،
نە ئۆيدە، نە سىرتتا ھېچكىم بىلەن چىش
يېرىپ سۆزلەشكىم كەلمەيدۇ.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى.
ھەرخىل ئويلار، ھەرخىل گۇمانلار مېنى
ئازابلايتتى. نادىرەنىڭ مۇھەببىتى بارغان-
سېرى كۈچىيىپ مېنى ساراڭ قىلىۋېتەي
دېدى. بەزىدە ئۇنىڭدىن ئاغرىناتتىم، ئۇ
نېمە ئۈچۈن بىردىنلا كۆرۈنمەي، مېنى
قىينايدىغاندۇ ياكى ھېلىقى ئەلچىلەر
كىرگەن بولسا مەندىن يۈز ئۆرۈدىمۇ؟

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىززەت
بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭدىن
ئەھۋال سوراپ بولغۇچە ئۇ مېنى كۆرۈپلا
قايناپ كەتتى:

— خېلىل، سىز تازىمۇ نامەرد ئىكەن-
سىز، يىگىت دېگەن مۇشۇنداق بىغەم بو-
لامدۇ! بىچارە نادىرەگە ئۇۋال بولدى.
دادىڭىزمۇ تازا بىر باغرى تاش ئادەم ئوخ-
شىمامدۇ. سىلەرنى بۇنچىۋالا قىيىنغىچە
بالدۇرراق ئەلچى كىرگۈزسە بولمامدۇ.
ھېلىقىلارنىڭ ئەلچىسى كىرگەن كۈندىن
باشلاپ دادىسى نادىرەنىڭ تالا ـ تۈزگە
چىقىشىنى چەكلەپ قويۇپتۇ. ماقۇللاشقان
ئۇ تاتار بالا نادىرەدىن خېلىلا چوڭمىش.
تويىنىڭ ۋاقتىمۇ يېقىن ئوخشايدۇ. نادىرە
ئۇنىڭغا تەگمەيمەن دەپ ئاپىسىغا يىغلاپ
يالۋۇرۇپتىكەن، ئاپىسى: «بۇ خۇدانىڭ
ئىرادىسى بىلەن بولغان ئىش، تەقدىرنىڭ
بۇيرۇقىنى بىز بۇزالمايمىز، بىز ئۇنىڭغا
رازىلىق بېرىپ بولدۇق» دەپتۇ. بىچارە
نادىرە تولا يىغلاپ توڭمىشىپ كەتتى...
ئۇنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېگىنى قۇ-
لىقىمغا كىرمىدى. گاس ـ مەست ھالەتتە
ئالدىمغا قاراپ كېتىۋېرىپتىمەن. ھەتتا يولدا
كېتىۋېتىپ دۇكانغا قانداقچە كىرىپ، قان-
داق قىلىپ تاماكا سېتىۋالغىنىمنىمۇ بىل-
مەيمەن. بىر چاغدا ئېسىمنى يىغسام شە-
ھەر سىرتىدىكى تۆگمەن بېشىغا بېرىپ
قاپتىمەن. ئاچچىق ھەسرەتتە تاماكىنى
تۇتاشتۇرۇپ بىرنەچچە شورىۋىدىم، بېشىم
ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۆمرۈمدە تۇنجى
قېتىم چەككەن بولغاچقا چۆپنىڭ ئۈستىگە
ئۆزۈمنى تاشلاپ تا قاراڭغۇ چۈشكۈچە
يېتىپتىمەن. شارىلداپ ياغقان يامغۇرنىمۇ
سەزمەي چىلىق ـ چىلىق سۇغا چىلىنىپ
يېتىۋېرىپتىمەن. بىر چاغدا ئېسىمگە كېلىپ
ئۆيگە كەلدىم. قاتتىق سوغ تەگكەن بولسا
كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىن قىزىتمام ئۆرلەپ
ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ ياتتىم، بېشىمنى زادىلا
كۆتۈرەلمىدىم. بۇنىڭغا جۇدالىق دەردى
بىلەن ھىجران ئوتى قوشۇلۇپ ئورۇن
تۇتۇپ يېتىپلا قالدىم. شۇ ياتقانچە توپ-
توغرا بىر يېرىم ئاي ياتتىم.

بىرئاز ياخشى بولۇپ ھويلا ـ ئارامغا
چىققۇدەك بولغان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى.
ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ بۇرۇن نادىرە ئىك-
كىمىز دائىم ئولتۇرىدىغان ئېرىق بويىدا
خىيالغا بېرىلىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن.
قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. كىرىپ كېتەي
دەپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىمگە ئۆي ئىچىدە
دادامنىڭ چېچىلىپ سۆزلەۋاتقان ئاۋازى
ئاڭلاندى.

— مىرغىياس بىزگە ئۆزۈن يىللىق
قوشنا، ئۇنىڭغا ئوبدان قاراشمىساق
بولامدۇ؟

— يوغان قويىدىن بىرنى كىرگۈزدۇق،
يەنە نېمە قىلساق بولاتتى؟

بۇ ئانامنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ھەي، قوشنىدارچىلىقنىڭ ئۇنىچىلىك ھۆرمىتى بولمامدۇ؟ تولا تەرسالىق قىلماي ئوبدانراق داستىخان راسلاپ كىرىڭلار.

«ئاھ، نادىرەنىڭ تويى ھەققىدە بولۇۋاتقان گەپلەركەن - دە بۇ!» بىردىنلا يۈرەك - باغرىم شۇررىدە ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك، پۇت - قوللىرىم بوشىشىپ تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. شۇ ئەسنادا ئاپام:

— بىز «ئاقلىق چاي»نى قايسى كۈنگە توختاتتۇق؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— تەييارلىقنى باشلاۋېرىڭلار، ئەتە بۇلارنىڭ تويى ئۆتۈپ كەتسە، پەيشەنبە كۈنى چاي ئاپىرىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى دادام.

ھۇجرامغا قانداق كىرگىنىمنى بىلمەيمەن، ئۆزۈمنى تۆشەككە ئاتتىم. ئازابتا پۇچۇلاندىم، «ئاھ خۇدا! رەھىم - شەپقىتىڭنى مەندىن ئەجەبمۇ ئايىدىڭ، ئەتە ئۇنىڭ تويى: ئۇ، باشقا بىر يىگىتنىڭ ئايالى بولىدۇ، مەن ئەمدى ئاشۇ جادۇگەر سۈپەت قىزنىڭ ئېرى بولۇپ ياشامدىمەن؟ ياق! ياق! بۇنداق قىلالمايمەن...»

شۇنداق قىلىپ ئەل ئايىغى بېسىققاندا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

كۈنەس بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە كۈن ئاللىقاچان ئۇپۇققا يوشۇرۇنغانىدى. كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭلىشىپ قالغان، ماگىزىنلار، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئاشخانىلار ھەممىسى تاقالغان بولۇپ، شەخسىي ئوقەتچىلەر تېخى بار ئىدى. بىر بوۋاينىڭ چايخانىسىغا كىرىپ قورسىقىمنى ئازراق توقلىۋېلىپ پاناھلىق جاي ئىزدەپ بازار سىرتىغا چىقتىم. ئالدىمدا يوغان بىر توپ سېدە كۆرۈندى، بېرىپ ئاشۇ سېدىنىڭ تۈۋىدە دەم ئالدىم. تەلىيىمگە بۇ سېدىنىڭ تۈۋى ماڭا بىر نەچچە كۈن ئەپچىل ماكان بولدى. ياز بولغاچقا بىر ئاماللاپ كۈن ئۆتكۈزگىلى بولىدىكەن.

بىر - ئىككى كۈن دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، جان بېقىشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە كىرىشتىم. قارىسام ھېچ ئامال بولمىدى. ھېلىقى بىرىنچى كۈنى چاي ئىچكەن دۇكانغا باردىم - دە، چايخانىچى بوۋايغا سالام بېرىپ، قىلغۇدەك بىرەر ئىش ئىزدەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

بوۋاي ئۈستىبېشىمغا، مىسكىن چىرايىمغا قاراپ:

— سىز بىر ياقتىن كەلگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، ماناستىن كەلگەنتىم.

— بۇ يەردە ئۇرۇق - تۇغقان بارمىدى؟

— ياق، جاھاندارچىلىق قىلىپ كېلىپ قالدىم.

— ماناستىن كەلگەن ئادەم نېمىشقا ئىلىدا قالمىدىڭىز؟ ئۇ دېگەن چوڭ شەھەر، ئېتىكى كەڭ يەر، ئىش تاپماقمۇ ئاسان، — دېدى ئۇ ماڭا گۇمان بىلەن قاراپ.

ئېتىكى كەڭ ئۇ شەھەرنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك تار ئىكەنلىكىنى بىچارە بوۋاي نەدىن بىلسۇن، يەنە يالغان ئېيتىشقا توغرا كەلدى:

— مەن ئەزەلدىن چارۋىغا ھەۋەس قىلاتتىم، بۇ يەرگە كېلىپ بىرەر ئوقەتنىڭ بېشىنى تۇتسام بىر نەچچە تۇياق مالغا ئىگە بولۇپ قالارمەنمىكىن دەپ، ئويناشقاندەكلا چىقىپ قالدىم، يېنىمدا ئاز - تولا ئىقتىساد بار ئىدى، ئۇنىڭدىنمۇ

ئايرىلىپ قالدىم.

— ھە، قىماۋازغا ئۇتتۇرۇۋەتتۇقمۇ؟ — دېدى بوۋاي چاقچاق تەلەپپۇزىدا.

— ياق، ياق، چوڭ دادا. مەن ئەزەلدىن قىمار دېگەننى ئويناپ باقمىغان، — دېدىم. بوۋاي ماڭا تازا سەپسېلىپ:

— كېرەك يوق، ئوغۇل بالا دېگەننىڭ بېشىدىن تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلار ئۆتىدۇ. نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دېدى.

— 18 گە كىردىم.

— تېخى بالىكەنسىز. ئاتا - ئانىڭىز باردۇر؟

— بار، دادام ياشىنىپ قالدى. ئۆگەي ئانام بار.

— ھە، مۇنداق دەڭ. ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئاشۇ ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى دېسىڭىزچۇ؟

— .......

يائاللا! يالغان گەپنى قاملاشتۇرماقنىڭ تەسلىكى... نېمە دەيمەن. ئەگەر رەھىمدىل ئايال بولسا، ئۆگەي ئانا بولسىمۇ ماڭا رەھمى كەلگەن بولاتتى. ئۆز ئانامنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن مۇشۇنداق سەرگەردان بولۇپ، كىشىلەرگە يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمەن...

— ئىش تېپىلىپ قالار، قىينىلىپ قالغان بولسىڭىز بارنى تەڭ كۆرۈپ ئۆتۈپ تۇرايلى، قانداق؟ — دېدى بوۋاي ماڭا مېھرى بىلەن قاراپ.

— رەھمەت چوڭ دادا، — دېدىم خۇشال بولۇپ.

«خۇداغا شۈكرى، ھازىرچە مۇشۇ ئاقكۆڭۈل بوۋاينىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكىنىممۇ چوڭ ئىش» دېدىم ئىچىمدە.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

بوۋاينىڭ تۇيۇقسىز قويغان سوئالى مېنى سەل تەمتىرىتىپ قويدى. چۈنكى مېنىڭ ئۆز ئىسمىمنى ئېيتماي باشقا ئىسىمنى قوللىنىش نىيىتىم بولغانلىقتىن دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي سەل تۇرۇپ قېلىپ، ئابدۇكېرىم دەۋەتتىم - دە، ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. شۇندىن تارتىپ ئىسمىم ئابدۇكېرىم بولۇپ قالدى.

بوۋاي مەندەك ئايىغى يېنىك بىر ياردەمچىگە ئېرىشكىنىگە خۇش، مەن قورساق بىلەن ياتاقنىڭ غېمىدىن قۇتۇلغىنىمغا خۇش، ئوبدان چىقىشىپ قالدۇق.

* *

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چايخانىمىزدا چاي ئىچىشىۋاتقان بىرنەچچە خېرىدارنىڭ ئاغزىدىن «قاراشەھەردە يېتىمچىلار ئۈچۈن ئوقەتنىڭ يولى كۆپ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم - دە، بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ، قاراشەھەرگە كەلدىم.

دېگەندەك بۇ يەرگە كېلىپلا بىر ئاشخانىغا سۇ توشۇپ، قاچا - قومۇچ يۇيۇيدىغان ئىشقا ئورۇنلاشتىم. ھايت - ھۇيت دېگىچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھالال ئىشلىسە ھەممىلا يەرگە سىغىپ كەتكىلى، باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇپ قېلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدىكەن. دۇكاندىكى ئىمكار، ئىشلەمچىلەردىن تارتىپ دائىم كىرىپ تاماق يەپ تۇرىدىغان خېرىدارلارغىچە چىقىشىپ كەتتىم، خوجايىنىمۇ مېنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزۈممۇ ياخشى تاڭجاڭ بولۇپ قالدىم...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ سۆزلەۋېتىپ پىسسىڭگەندە بىر كۈلدى - دە، چايدىن بىر ئۇتلاپ يەنە سۆزگە كىرىشتى:

— بىر كۈنى كەچتە خوجايىن مېنى چاقىرتىپتۇ. بىردەم ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭلاشتۇق. ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىدى. ئانچە - مۇنچە يالغان ياۋىداقلارنى قوشۇپ جاۋاب بەردىم. ئۇ گەپ ئارىسىدا مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى دارىتىپ ئۆتتى. بۇ چاغدا بىردىنلا مېنى ئەنسىزلىك چۇلغىۋالدى. چۈنكى خوجايىننىڭ رىسىدە بولۇپ قالغان، تولمۇ ئەركە، شوق، ئەمما چىرايلىق بىر قىزى بار ئىدى. بۇ قىز دۇكاندىكى ئىشلەمچى باللارنىڭ ئىچىدە تولاراق مەن بىلەن چاقچاق قىلىشىپ ئوينايتتى. بۇنداق چاغدا ئۇستامنىڭ بۇ ئەتىۋارلىق قىزىغا كۆز قىرىدا قاراپ، مەسىلىكى كەلگەندەك كۈلۈپ قوياتتى. دۇكاندىكى ئاغىنە باللارمۇ بىر نەچچە قېتىم ماڭا «ئابدۇكېرىم، سەن ئۇستامغا ياراپ قالدىڭ، مايسىگۈلمۇ سېنىڭ ئەتراپىڭدىن كەتمەيدۇ، بېشىڭدا ئامەت قۇشى چۆگىلەپ قالدى، جۇمۇ!» دەپ چاقچاق قىلغانىدى. «ھەي، ئاغىنىلەر، سىلەر مېنىڭ قەلبىمىنى، يۈرەك يارامنى بىلمەيسىلەر - دە!» دەيتتىم ئىچىمدە.

دېگەندەك، خوجايىن دەل شۇ گەپنى دېدى،

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەي ئۇچۇقۇپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. ماقۇل دەي دېسەم، كۆڭلۈمدە بوشلۇق يوق، ياق دەي دېسەم، نەچچە يىلدىن بېرى مېنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ، ياخشىلىقلىرىنى مەندىن ئايىماي كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرغۇم كەلمەيتتى. ئامالىم قالمىغاچقا، بېشىمنى سىلىپ، تىرناق تاتىلاپ ئولتۇرۇۋەردىم.

— گەپ قىلمايسەنغۇ بالام؟ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مېنىڭ ئاشۇ قىزىمدىن باشقا ھېچكىمىم يوق، مەن ئۇزۇندىن بېرى سەندەك بىر يىگىتنىڭ ماڭا كۈيئوغۇل بولۇپ قېلىشىنى خۇدادىن تىلەپ كەلگەنىدىم، سېنى ماڭا خۇدا يەتكۈزدى...

— ئۇستام، — دېدىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا، — مەندەك بىر يېتىمەك مۇساپىرنى مۇناسىپ كۆرۈپ، مۇنداق ئاتىدارچىلىق قىلغانلىرىغا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن. لېكىن...

— بولدى، تولا كەمتەرلىك قىلما، ئىككىمىز ئوخشاشلا بۇ يۇرتقا مۇساپىر ئادەملەر...

شۇنداق قىلىپ مايسىگۈلگە ئۆيلەندىم. تويىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ئۇ ئاي، ئۇ كۈنلەردە مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلالمىساممۇ، ئەمما مايسىگۈلنى بەختلىك قىلىشقا تىرىشاتتىم، مايسىگۈل ماڭا كۆيۈنەتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مېنى كۈتۈشكە، خۇشال قىلىشقا تىرىشاتتى، مەن ئۈچۈن ھەرقانداق جاپالىق ئىشلاردىن باش تارتمايتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنىڭ ئاشۇ يۈكسەك مېھرى - مۇھەببىتى ئالدىدا خىجىللىق ھېس قىلاتتىم، ھەتتا ئەرلىك بۇرچۇمنىلا ئادا قىلىپ «ياخشىلىققا ياخشىلىق» قىلىشتەك تەكتى كاۋاك سۆيگۈسىز مېھىر - شەپقەت بىلەن ئۇنى قانائەتلەندۈرۈش كەيپىياتىدا بولۇپ يۈرگىنىمدىن ئويلىپمۇ قالاتتىم.

شۇنداق قىلىپ بۇ ھايات بەزىدە مەنىلىك، بەزىدە مەنىسىز داۋاملىشىۋەردى. بىزنىڭ ئاشخانىمۇ كۈلىكتىپ

ئاشخانىغا قوشۇلۇپ كەتتى. مەن ھۆكۈمەت
قارمىقىدىكى بىر ئاشخانىدا ئىشلەپ قال-
دىم. ھال ـ ئەۋقىتىمىز يامان ئەمەس
ئىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن بىر قىزغا
ئاتا بولدۇم. قىزىم تولىمۇ ئوماق، تات-
لىق قىز ئىدى. شۇندىن باشلاپ مېنىڭ
پۈتۈن ئېسى ـ يادىمنى ئاشۇ قىزىم ئىگى-
لىدى. تۇرمۇشنىڭ بۇ قىزىقى، تىرىكچى-
لىكنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ئارىدىن
تۆت يىل ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي
قاپتىمەن.

بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت ئاشخانىمىز-
دا تاماق يەۋاتقان بىر خېرىدارغا كۆزۈم
چۈشۈپ قالدى. ئۇ مېنىڭ باللىق چاغ-
دىكى ئاغىنەم ئىدى. ئۇنىڭ قېشىغا بار-
دىم. ئۇمۇ مېنى تونىدى، كۆرۈشتۇق،
ئۇزاق پاراڭلاشتۇق...

خېلىدىن سۆزدىن توختاپ قايغۇلۇق
بىر ئۇھ تارتتى، ئۆچەي دەپ قالغان
تاماكىسىنى قېنىپ ـ قېنىپ بىر نەچچە
شوراپ ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان كۈلدان-
غا باستى ـ دە، ئالدىرىماي سۆزىنى دا-
ۋام قىلدى:

ــ دادام ۋاپات بوپتۇ، ئانام ئېغىر
كېسەلكەن، ئائىلىمىزدە خېلى جىق كۆ-
ڭۈلسىزلىكلەر بولۇپ ئۆتۈپتۇ. بۇ شۇم
خەۋەر بېشىمغا چاقماق چۈشكەندەك تەگ-
دى ـ دە، شۇئان ئىچىمگە بىر ئوت تۇ-
تاشتى. كۆڭلۈمدە ئىلىغا قايتىپ دادام-
نىڭ تۇپرىقىنى زىيارەت قىلىپ، ئانامنىڭ
ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئىستىكى
ئويغاندى. كەچكىچە قولۇم ئىشقا بارمى-
دى، گېلىمدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى، خۇد-
دى بىر جانسىز ئادەمدەك بولۇپ قالدىم.
كەچقۇرۇنلۇقى قېين ئاتامنىڭ ئال-
دىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئۇ لام-
جىم دېمەي بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى.
ئاندىن كۆزۈمگە مەيۇس ھالدا قاراپ:
ــ بوپتۇ بالام، بارغىن. ئەمما ماي-
سەم قالسۇن. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مېنىڭ
ھاياتىم شۇ قىزىمغا باغلىق، ئۇنىڭدىن
ئايرىلىش ماڭا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر.
سەن ئۆزۈڭ بېرىپ، يۇرتنى، ئۇرۇق ـ
تۇغقانلارنى كۆرۈپ كەلگىن، بالا بىلەن
مايسەمنى دېسەڭ قايتىپ كېلەرسەن. مې-
نىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىم سىلەرنىڭ...ــ ئۇ-
نىڭ كۆز چاناقلىرىدا ئەگىپ قالغان ياش-
نى كۆرۈپ تىلىم تۇتۇلدى. نېمە دېيە-
لەيمەن، رازى بولدۇم. ئەھۋال ماڭا
ئايدىڭ، مايسىگۈلمۇ دادىسىنى يالغۇز
تاشلاپ ماڭالمايدۇ، ئامال قانچە!؟

بىچارە مايسىگۈل ئامالسىز، قار-
يامغۇر يىغلاپ مېنى يولغا سالدى، قانچە
ئىچ ئاغرىقى تارتساممۇ ئۇلارنى قالدۇ-
رۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

ئىلىغا كەلگىنىمگە ھەش ـ پەش
دېگىچە ئۈچ ئاي بوپ قالدى. ئانامنىڭ
كېسىلى سەل ياخشىلانغاندەك بولدى ـ يۇ،
سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمىدى. سوغۇق
چۈشۈپ كەتتى. مايسىگۈل بىچارە «تېز-
رەك قايتىپ كېلىڭ» دەپ ئارقا ـ ئار-
قىدىن خەت يازاتتى. قايتاي دېسەم
ئانامنى ئۇ ھالدا تاشلاپ كېتىشكە
بولمىدى.

يېرىم يىلدىن كېيىن ئانام ئالەم-
دىن ئۆتتى. بۇ مۇسىبەت تۈپەيلى ئۆيگە
ۋاقتىدا خەت يازالمىدىم. مايسىگۈل مەن-
دىن رەنجىپ قالدى بولغاي، بىر دىنلا
خەت كەلمەس بولۇپ قالدى. مېنىڭ
يازغان خەتلىرىم جاۋابسىز قالدى.

www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى تۇيۇقسىز قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭغا قوشۇپ مايسىگۈلنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىپ يازغان ئەرزنامىسىمۇ ئەۋەتىپتۇ. ئەرزدە: مېنىڭ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن ئىلىغا كېتىپ، قايتىپ بارمىغانلىقىمنى، ھازىر قاغىلىقتىكى تاغىسى ئۇلارنى ئۆز يېنىغا ئەكەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ كېسەلچان دادىسىنى تاشلاپ مېنىڭ يېنىمغا بارالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلىقىنى، بالا ئۈچۈن ھېچقانداق راسخوت تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئامال قانچە؟ ئۇنىڭ ئاشۇ تەلىپى بويىچە ئۈزۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ بىچارىمۇ ياخشى ئايال ئىدى. ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ بىر پارچە خەت بىلەن قولۇمدا بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئەۋەتىپ بەردىم.

خېلىل بىر پەس شۈككىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ چىرايىدىكى مەيۈسلۈك ئالامىتى خۇشخۇيلۇق بىلەن ئالماشتى.

ئۇ غاچچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، تاشقىرى ئۆيگە چىقىپ كېتىپ، ئانچە ھايال بولمايلا ھېلىقى ئايالنى خۇددى كىچىك بالىنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كىردى.

— مانا، مەن ياشلىقىمدا ۋەسلىگە يېتەلمەي ئوتتا كۆيۈپ، دەردىدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن، چاچ ئاقىرىپ، چىش سارغايغاندا ۋىسالىغا ئېرىشكەن مەھبۇبەم نادىرە، — دېدى خېلىل ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە. نادىرە بولسا ئېرىنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا مەستانىكى كەلگەندەك ۋىلىقلاپ كۈلۈپ قويدى.

— بەلكىم بۇلار قانداق تېپىشىۋالغاندۇ، دەپ ئويلاۋاتقانسىز، — دېدى ئۇ ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— دەل شۇ ئويدا ئىدىم، — دېدىم مەن قىزىقىپ.

— مايسىگۈل بىلەن ئۈزۈلۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن مەن قۇرۇلۇشتا ئىشلىدىم. بىر كۈنى تازا پېشىن ئاپتاپتا ئېگىز جازىنىڭ ئۈستىدە ئىشلەۋېتىپ، تۇساتتىن پەستە بىر ئايالنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئايالنىڭ خېلى ئۇزاقتىچە شۇ تەرىقىدە تۇرغانلىقىغا سەل ئەجەبلىنىپ قالدىم-دە، پەسكە چۈشتۈم. ئۇ ئايال ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىم دۈپۈلدەپ، ۋۇجۇدۇمنى ھاياجان چۇلغاشقا باشلىدى، كۆزلىرىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى.

— نادىرە! — دەپ توۋلىۋەتتىم ئۆزۈمنى تۇتالماي. ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق تەبەسسۇمى جىلۋىلىنىپ تۇرسىمۇ، كۆزلىرى لىق ياشقا تولغانىدى. ھەر ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە تەلمۈرگەنچە تۇرۇپلا قالدۇق. ئېغىزلىرىمىز گەپكە كەلمەيتتى.

بىز كۆرۈشتۇق، ئېرىق بويىدىكى ئاق تېرەكنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ مۇڭداشتۇق. شۇ ئارىدا بىردىنلا ئۇنىڭ بېشىغا تاڭغان ياغلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. مەن ئۇ ياغلىقنى تونۇپ قالدىم. توختىماي ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتقان قولىدا يالتىراپ تۇرغان

ئۇزۇكنىمۇ تونۇدۇم. ئاھ، نادىرە! بىر زامانلاردىكى مېنىڭ ھېيتلىق سوۋغامنى قەدىرلەپ، تا ھازىرغىچە ساقلاپسەن، مۇھەببىتىڭگە قايىلمەن، ــ دېدىم ئىچىمدە. خېلى بىردىنلا سۆزدىن توختاپ، نادىرەگە مېھرى بىلەن قاراپ كۈلۈپ قويدى.

ــ بۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ھەممىسى 1962 ـ يىلى ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن «ماي ۋەقەسى» دە، كۆچ ـ كۆچچىلەر بىلەن سوۋېتقا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ كېسەل بولغاچقا قېپقالغانىكەن، خېلىل نادىرەگە بۇرۇلۇپ، ــ قېنى، كېيىنكى ئىشلارنى ئۆزۈڭ سۆزلەپ بەرگىنە، ــ دېدى.

ــ سۆزلىگۈدەك نېمىسى بار، ــ دېدى نادىرە ئېرىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ.

ــ ھە قېنى، سىزدىنمۇ ئاڭلاپ باقايلى سىڭلىم، ــ دېدىم مەن ئۇنى سۆزلەشكە ئۈندەپ.

ــ نائىلنىڭ دادىسى بىلەن تويىمىز بولغاندىن باشلاپ سالامەتلىكىم ياخشى بولماي كېسەلچان بولۇپ قالدىم. چۈنكى، مېنىڭ يۈرىكىم خېلىل بىلەن قالغانىدى. يۈرەك بولمىغاندىن كېيىن ئادەم نېمە بولماقچى دەيسىز؟ ئۆيدىكىلەر سوۋېتقا ماڭىدىغان چاغدا مەن خېلىلدىن ئايرىلغان بولسامۇ ئۇنىڭ يۈرتىدىن رىشتىمنى ئۈزەلمەي، كېسەللىمنى باھانە قىلىپ كەتكىلى ئۇنىمىدىم. نائىلنىڭ دادىسىمۇ مېنى دەپ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، قېپقالدى. كېيىن «تاغنىڭ ھاۋاسى يېقىپ، ياخشى بولۇپ قالارسەن» دەپ مېنى تاغقا ـ ئۇمارتىغا *، ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۆزى ئۇمارتىدا ئىشلىدى، بىر كۈنى ئۇ تاسادىپىي بىر ھادىسىگە ئۇچراپ تاغدىن غۇلاپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئانا ـ بالا ئىككىمىز يېتىم قالدۇق. مانا ئەمدى بىز يېتىم ئەمەسمىز، ــ دېدى نادىرە خېلىلغا قاراپ ۋە تاتلىققىنە بىر كۈلۈپ قويۇپ يەرگە قاردۋالدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلسا كېرەك، يېشى ئەللىككە تاقاپ قالغان بولسىمۇ، روھىي ھالىتى ياش قىزلاردىن قېلىشمايتتى. كۆز قۇيرۇقلىرىنى، بويۇن ـ قۇلاقلىرىنى باسقان ئاز ـ تولا قورۇقلار ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ھېچبىر تەسىر يەتكۈزەلمىگەنىدى. مەن، قايتا ئېرىشكەن بۇ بەخت ئۇلارنى قايتىدىن ياشارتىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆز ئىرادىسىگە، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق ھەربىر ئىنسان ھەقىقىي ھايات يولىنى تاللاپ ئۈمىد بىلەن تىرىشسىلا ئاخىرى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتەلەيدىغانلىقىغا، بەختىيار تۇرمۇش ئىنسانغا مەنىلىك ھايات ئاتا قىلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەندىم.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

* ھەسەل ئېرەمىسى.

مەلىك كېرەم

# ئىككى ھېكايە

## ليەننىڭ ئۆلگىسى

ئىشخانىسىدا توختىماي ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ليەنجاڭ پات ـ پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى. ئاخىرى ئۇ، ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان گېزىتنىڭ بىر بۇرجىكىنى شارتتىدە يىرتتى ـ دە، موخۇركا يۆگەپ كۆچەپ شورىغىلى تۇردى. تۇرقىدىن ئۇنىڭ نېمىگىدۇر ئاچچىقى كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى: ئېست، ئېست، بۈگۈن مېنى ئەجەبمۇ يەرگە قاراتتىڭا، ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ، دېگەن شۇ ـ دە، دېدى ليەنجاڭ ئۆز ـ ئۆزىگە.

بۈگۈن ليەنجاڭغا ئەلەم قىلغىنى پولك تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەلگەن چاغدا، ئەكبەرنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقى بولدى. جەڭچىلەرنى سەپكە تىزىپ بىر ـ بىرلەپ يوقلىما قىلغاندا، ئەكبەر يوق بولۇپ چىقتى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى بۇ «كاۋاك»نى تۇتۇۋېلىپ، ليەننىڭ نەتىجىسىنى يوققا چىقاردى، ليەنجاڭنىمۇ خېلى قىزارتتى.

ئەسلىدە قىسىمدىن بايرام مەزگىلىدە شەھەرگە ئادەم كىرگۈزۈش چەكلەنگەنىدى. ليەنجاڭ ئەكبەرنىڭ ليەندىكى جەڭچىلەرنىڭ ئۈلگىسى ئىكەنلىكىنى، قىلغان ئىشىدىن يوچۇق چىقمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا شەھەرگە كىرىپ زۆرۈر بىر ئىشنى بېجىرىپ كېلىشنى تاپىلىغانىدى. ئەمما ئەكبەر بەرگەن ۋاقىتتىن نەق ئىككى سائەت كېچىكتى. شۇڭا ليەنجاڭ ئاچچىقىدا ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي، خۇددى ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغان بومبىدەك بولۇپ تۇراتتى.

— ئەكبەر قايتىپ كەپتۇ، — دېدى، چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن خەۋەرچى.

— ئۇنى دەرھال چاقىر، مېنىڭ ئالدىمغا كىرسۇن! — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى ليەنجاڭ. خەۋەرچى بۇ قوپال ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى ـ دە، ئالمان ـ تالمان ئىشخانىدىن چىقتى.

— رۇخسەتمۇ؟

— كىر!

ئەكبەر ھاسىرىغان پېتى كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ يۈزلىرى خۇددى تىكەن تىلىۋەتكەندەك قاناپ كەتكەنىدى.

ليەنجاڭ دەرھال ئۆزىنى رۇسلىۋېلىپ، ئەكبەرگە قاراپمۇ قويماستىن قايناپ كەتتى:

— بېرىلگەن ۋاقىتتىن ئىككى سائەت ئاشۇرۇۋەتتىڭ، دەرھال تەكشۈرۈشنامە ياز، پۈتۈن ليەننىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى تەكشۈرىسەن. قانداق چارە كۆرۈش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشكە قاراپ ئويلىشىمىز.

لىيەنجاڭنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئەكبەر جىمپىلا قالدى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئاران تەستە ئېغىز ئاچتى:

— لىيەنجاڭ، مەن ... بۇ ... بۇ مۇنداق ئىش ... — دېيىشىگىلا لىيەنجاڭ يەنە ۋارقىراپ كەتتى:

— تولا كېكەشلىمەي چىقىپ كەت!

ئەكبەر خۇددى يەلكىسىنى تاغ بېسىپ تۇرغاندەك ئاستا قەدەم بىلەن ئىشخانىدىن چىقتى.

ئەكبەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، لىيەنجاڭ ئۆزىنى خېلى يېنىك ھېس قىلدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، لىيەنجاڭ دىجۇرنى كادىرغا پۈتۈن جەڭچىلەرنى يىغىشنى بۇيرىدى.

ئۇ جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئادىتى بويىچە، گېلىنى ئىككى قېتىم قىرىپ قويغاندىن كېيىن، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— يولداشلار، بۈگۈن 1 - بەندىكى ئەكبەر سىرتقا چىقىپ كېچىكىپ كەلدى. شۇڭا ئۇ ھازىر ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ.

بېشى تېڭىلغان، ئېڭىكىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئىششىپ چىققان ئەكبەر قولىدىكى تەكشۈرۈشنامىنى تۇتقان ھالدا مەيدانغا چىقتى. ئۇ غەزەپ بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان لىيەنجاڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ قولىدىكى خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

— مەن ...

دەل شۇ چاغدا مەيدانغا بىر ساقچى ماشىنىسى كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن پولكنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋە ئىككى نەپەر ساقچى چۈشتى - دە، بىرى ئۇدۇل لىيەنجاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى. يەنە بىر ساقچى يىگىت ئەكبەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قاراپ سىياسىي كومىسسارغا:

— دەل شۇ يىگىتكەن، ئاخىرى تاپتۇق، — دېدى. كەلگەنلەر ئەكبەرنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. جىددىي قىياپەتتە تۇرغان جەڭچىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران بولۇشۇۋاتاتتى.

شۇ چاغدا سىياسىي كومىسسار جەڭچىلەرگە قاراپ سۆز باشلىدى:

— يولداشلار، جەڭچى ئەكبەرنىڭ بۈگۈن شەھەرگە خىزمەت بىلەن كىرگەنلىكىنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر، ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ئىككى نەپەر قوراللىق بۇلاڭچى بىلەن ئېلىشىپ، دۆلەتنىڭ 30 مىڭ يۈەن پۇلىنى ۋە ئىككى نەپەر بانكا خادىمىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان. گەرچە ئۆزى يارىلانغان بولسىمۇ، يەنە يارىسىنى تاڭدۇرۇشقىمۇ ئۇنىماي، قىسىمغا قايتىپ كەلگەن. مانا بۇ تەقدىرلەشكە ئەرزىيدىغان روھ، مانا بۇ قىسىمىمىزنىڭ ھەم لىيەنىڭلارنىڭ پەخرى. يولداش ئەكبەر ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئېسىل خىسلىتىنى نامايان قىلدى. مەن پولك پارتكومىغا ۋەكالىتەن يولداش ئەكبەرگە تەشەككۈر ئېيتىمەن.

سىياسىي كومىسسارنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا، مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. لىيەنجاڭنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ دەرھال كېلىپ، ئەكبەرنىڭ تېخىچىلا تۇتۇپ تۇرغان تەكشۈرۈشنامىسىنى ئالدى - دە، ئۇششاق يىرتىپ يەرگە تاشلىدى.

— يارايسەن يىگىت، يارايسەن ....— دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن ۋە ئەكبەرنى باغرىغا چىڭ باستى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «تەپسىلىي» يېزىلغان تەرجىمىھال

شۆبە ھەربىي رايونى كادىرلار باشقارمىسى بىر نەپەر جەڭچىنى كادىرلىققا ئۆستۈرمەكچى بولدى. بۇنىڭ شەرتلىرى ۋە تەلىپى توغرىسىدا يۇقىرىنىڭ تەپسىلىي ھۆججىتى بار ئىدى. يەنى مۇستەقىل باشقۇرۇش، تەربىيە بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن مەلۇماتلىق بولۇشى كېرەك ئىدى.

كادىرلار باشقارمىسىغا تۆۋەندىن ئۈچ نەپەر جەڭچىنىڭ ئانكېتى ئېلىپ كېلىندى. باشقارما باشلىقى ئىككى ئانكېتنى چالا-پۇچۇق كۆرۈپلا بىر يانغا چۆرىدى:

— بۇ ئىككىسىلا يارىمايدۇ. بىرى ئاساسىي قاتلامدا چېنىققان، ئەمەلىي تەجرىبىسى بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي مەلۇماتى تۆۋەنرەككەن. يەنە بىرى ئورگاندا سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان، لېكىن ئاساسىي قاتلامدا چېنىقمىغان. ئۇ بەلكىم قورالنى قانداق تۇتۇشنىمۇ بىلمەيدىغاندۇ. بىز كادىرلىققا ئۆستۈرۈشتە پرىنسىپتا چىڭ تۇرمىساق زادى بولمايدۇ.

باشقارما باشلىقى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۈچىنچى جەڭچىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

«... مەن بىر ھەربىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدىم، — دەپ يازغانىدى ھېلىقى جەڭچى، — ھەربىي سەپكە كىرىشتىن بۇرۇن دادام ×× ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. ئاكام كۈرەش قەھرىمانى. ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان، ئاپام بولسا ھەربىي رايون دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەن شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ بۆجاڭى ئەخمەتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھەربىي سەپكە قاتناشتىم. ئەخمەت بۆجاڭ مېنىڭ تاغام بولىدۇ.

ئەمدى باشقا تۇغقانلىرىمغا كەلسەك، بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئاچامنىڭ يولدىشى قادىر ۋە بىر نەۋرە ئاكام دىلشاد. ئالدىنقىسى ×× ھاۋا ئارمىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، كېيىنكىسى مەلۇم ئالاقىلىشىش باش پونكىتىنىڭ باشلىقى، بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن. مېنىڭ كەسپىي سەۋىيەم ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىم دادامنىڭ خېتىدە ئېنىق يېزىلغان. خەت رەسىم بىلەن بىللە ...»

— بەللى، بەللى، — دېدى باشقارما باشلىقى سىياسىي كومىسسارنىڭ رەسىمىگە زەن قويغاچ، — تەرجىمىھال دېگەننى مۇشۇنداق تەپسىلىي يازسا بولمامدۇ؟! مۇشۇنداق يازغاندا بەزى ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

باشقارما باشلىقى دەرھال تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ، كېرەكلىك نومۇرنى بۇرىدى ۋە تولىمۇ سىپايىلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ۋەي، سىياسىي كومىسسار ئۆيدە بارمۇ؟ ھە، راست، شۇنداق، ئۇياق بەك ئالدىراش، ھە ... ئەمىسە سىز يەتكۈزۈپ قويىسىز، بىز ئۇنىڭ ئوغلىنى كادىرلىققا ئۆستۈردۇق ...

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

ئەسقەر ياسىن

# نامرات كىراكەش

(ھېكايە)



بىكەت دەرۋازىسىدىن ئىككى تەردىپىگە تەكشى چايقىلىپ كىرىپ كەلگەن ئاپتوبۇسنى كۆرگەندە ئۇنىڭ قەلبىدە بىلىنەر-بىلىنمەس ئۈمىد شولىسى پەيدا بولدى. بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ ھارۋىسىنى كىرا قىلىدىغان بىرەر يولۇچى چىقار. ئۇ ھارۋىسىنى دەرھال ئاپتوبۇسنىڭ يېنىغا ھەيدەپ كېلىپ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتقان يولۇچىلارغا تاقەتسىزلىك بىلەن كۆز تىكتى. گىلەم، كۆرپىلەر سېلىنغان لەمپىلىك كىرا ھارۋىلىرى ئاللىقاچان ئاپتوبۇس ئەتراپىنى قورشاپ ئېلىشقانىدى. ئاپتوبۇستىن چۈشكەن يولۇچىلار سەپەر سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان چىرايلىرىنى يورۇشتۇرگىنىچە ھارۋىلارغا چىقىشىۋاتاتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھارۋىسىغا قاراپ قويدى ۋە خورسىنغان ھالدا: ھارۋىغا بىرەر پارچە كىگىز بولسىمۇ سېلىپ قويسام بولاتتى-دە، دەپ ئويلىدى.

ئۇنىڭ ئورۇقلاپ قوۋۇرغىلىرى بۆرتۈپ چىقىپ قالغان قارا ئېشىكىمۇ ئىگىسىگە ئوخشاش ياۋاش، جىمغۇر ۋە ئېغىر بېسىق ئىدى. ئۇچىدا بىر تۇتام ئاق تۈكى بار ئۇزۇن قۇلىقى سالپىيىپ تۇراتتى. ھارۋىنىڭ بىر چاقى كالاڭغا كەتتى، قولۇمغا جىقراق پۇل چۈشسە جەزمەن يېڭى چاق ئېلىۋالىسام بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ. گەرچە ئۇ جىقراق پۇلغا ئېرىشىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھامان ئاشۇنداق شېرىن خىياللىرى بىلەن كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزاتتى.

ئۇ مەيۈس قىياپەتتە ئەتراپىغا

www.uyghurkitap.com

قارىدى. چىرايلىق بېزەلگەن لەمپىلىك كىرا ھارۋىلىرى كولدۈرمىلىرىنى جاراڭلاتقىنىچە يولۇچىلارنى ئېلىپ بىكەتتىن چىقىپ كېتىشىۋاتاتتى. ھارۋا ئىگىلىرىنىڭ چىرايىدا مەنىسىز، كىشىنى بىزار قىلىدىغان كۈلكە قېتىپ قالغانىدى. ئۇلار خۇددى ھارۋىسىغا بۇدۇنيانىڭ بارلىق شادلىق ۋە بەخت - سائادىتىنى بېسىپ كېتىپ بارغاندەك ناھايىتىمۇ مەغرۇرلانغان ھەم پەخىرلەنگەن ھالدا گىدىيىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ئۇلارنىڭ ھارۋىسى يېڭى، چاقىمۇ كالاڭغا كەتمىگەن، گىلەم، كۆرپە سالىسمۇ يارىشىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

يولۇچىلار بىكەتتىن چىقىپ كېتىشكەن، ئاپتوبۇس ئەتراپى بوشاپ قالغانىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ھارۋىسىغا چۈشىدىغان بىرمۇ يولۇچى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئېشىكى قۇلىقىنى سالپايتىپ، تۇمشۇقىنى يەرگە تىرەپ ئۈگدەۋاتاتتى. ئۇ يەنە بىر ئاپتوبۇس كەلگەندە مېنىڭ ھارۋامنى كىرا قىلىدىغانلار جەزمەن چىقىدۇ، تونۇگۈنمۇ چۈشكىچە بىكار تۇرۇپ چۈشتىن كېيىن خېلى تاپاۋەت قىلىدىمىمۇ، دەپ ئۆزىنى بەزلىدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇ تونۇگۈنمۇ ھېچقانچە تاپاۋەت قىلالمىغانىدى. باشقا كىرا ھارۋىلىرى ۋە ماشىنىلار بىكەتتىن كېتىپ قالغان بىر پەيتتە، ئېغىر سومكا ۋە چامادانلارنى كۆتۈرۈۋالغان ئىككى يولۇچى چارىسىزلىقتىن ئۇنىڭ ھارۋىسىغا چۈشكەنىدى. بۇ ئىككى يولۇچى مۇشۇنداق شالاقلاپ كەتكەن ھارۋىغا چىققانلىقىغا نومۇس قىلغاندەك، يول بويى بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي، بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلماي مېڭىشقان...

ئۇ پاكار بويىغا ئانچە ياراشمايدىغان، كىرلىشىپ ئەسلى رەڭگىنى يوقاتقان كاستۇمنى ئۈچىسىدىن زادىلا سالمايتتى. بۇ ئۇنىڭ بۇ چاپانغا بەكمۇ ئامراقلىقىدىن ئەمەس بەلكى كىيگۈدەك باشقا چاپىنىنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئىدى. بۇ كاستۇمنى ئۇنىڭ ئانىسى بىر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىدىن كىر يۇيۇپ بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭغا ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ گومۇشراق كۆرۈنىدىغان چىرايىدىن پەرۋاسىزلىقىنى، ئاقكۆكۈللۈكتىن كۆپىرەك مۆمىنلىكىنى بايقىغىلى بولاتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇ بىرەر نەرسە ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ پىكىر يۈرگۈزەلمەيتتى. ھەممە ئىشقا پەرۋاسىز قارايتتى. ئۇ ھازىرمۇ بىرەر خېرىدار تاپالمىغىنىغا ئانچە قايغۇرۇپ كەتمىدى ھەم بۈنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان ئاپتوبۇستىكى يولۇچىلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش توغرىسىدىمۇ ئويلاپ قويمىدى. ئەكسىچە ھارۋىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئاسمانغا قارىدى. قۇياش قويۇق بۇلۇتلار قاتلىمىدىن ئاستا بېشىنى چىقاردى. نېمە بولدى بۈگۈن بۇ ھاۋاغا...بىردەم تۇتۇلىدۇ، بىردەم ئېچىلىدۇ... يامغۇر يېغىپ قالامدۇ-يا؟ يامغۇر ياغسىمۇ مەيلىدى. ئەجەپمۇ زېرىكتىم بۇ ئاپتاپتىن... دەپ ئويلىدى ئۇ. ھەقىقەتەنمۇ تىنجىق ئىسسىقنىڭ تەپتى كىشىنىڭ دىمىنى سىقاتتى. ئۇ گەز باغلاپ كەتكەن قېلىن كالپۇكلىرىنى يالىغان ھالدا خىيالغا چۆمدى. ئۇ قەدىردان ھارۋىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى خىيال قىلاتتى. ئانىسى، يامغۇر ياغسىلا تامچە ئۆتۈپ كېتىدىغان كىچىككىنە ئۆيى، بىرەر چىرايلىق ئايال ۋە ھارۋىسى توغرىسىدا

ئويلايتتى. بولۇپمۇ ھارۋىسىنى يېڭىلاش ھەققىدىكى خىيالنى كۆپرەك سۈرەتتى. چۈنكى يېڭىراق ھارۋا بولغاندىلا كۆپرەك پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇ بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشىنىشكە باشلىغانىدى.

ئۇ، چىرايلىق بېزەلگەن، لەمپىلىك كىرا ھارۋىلىرىنىڭ قاچاندىن بېرى مۇنداق كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي ھەيران بولاتتى. ئۇ لەمپىلىك كىرا ھارۋىلىرىنى نەپرەت بىلەن خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ، ئېشىكىنىڭ بېشىنى ئاستا سىلاپ قويدى. يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز مەنزىلىگە كەتكەن بولسىمۇ، بىكەت يەنىلا ئاۋات ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق ئىدى. بىر توپ كەپسىز باللار بىر-بىرىنى قوغلاپ ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى. ئۇ بۇ قىلاق كەستىلەرگە ناھايىتى ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ دادىسىدىن قالغان تەۋەرۈك قامچىسىنىڭ يوقىلىشىغا مۇشۇ باللار سەۋەبچى بولغانىدى.

ئۇ باللارغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ھارۋىسىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ يەنە ئىلگىرىكىدەك باش-ئايىغى يوق خىياللىرى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا ھەممە نەرسە: تۈنۈگۈنمۇ، بۈگۈنمۇ، يىراق ئەتىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەممە نەرسە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى، لېكىن بۇ خىيال ۋە پىكىرلىرىنىڭ يەكۈنىنى چىقىرالمايتتى. ئۇ بەزىدە باللىق چاغلىرىنىمۇ ئەسكە ئېلىپ قوياتتى. ئۇ ئائىلىدە بىرلا بالا ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ ھەممىلا نەرسىنى ھودۇقۇش، ۋەھىمە ئىچىدە كۆزىتەتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى ئەڭ يېقىن، ئەڭ مېھرىبان ئادىمى — كەمسۆز ۋە ياۋاش ئانىسى ئىدى. دادىسىغا قارىتا ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئالاھىدە ھېسسىيات يوق ئىدى.

ئۇنىڭ دادىسى خىيانەتچى دېگەن بوھتان بىلەن ناھەقلىك بانكىدىكى خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئىشسىز قالغان دادا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھاراققا بېرىلىپ كەتتى. ئۇ مەست بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئۆزىگە بوھتان چاپلىغان قايسىدۇر بىر قارا نىيەت خىزمەتدىشىنى ئەڭ قوپال سۆزلەر بىلەن تىللاشقا باشلايتتى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ھەممىنى: تۇرمۇشنى، خۇدانى، جەمئىيەتنى، ھەتتا ئايالى ۋە ئوغلىنى قويماي تىللاپ چىقاتتى. بۇنداق چاغدا بالا سەندىرەكلەپ تۇرغان بىچارە دادىغا ئىپادىسىز، ھېس-تۇيغۇسىز ھالدا قاراپ تۇراتتى. ئېغىر تۇرمۇش بىر ئائىلە كىشىلىرىنى پۈتۈنلەي چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ دادىسىغا ياخشى ياكى يامان دەپ باھا بېرەلمەيتتى. بۇ دادا ھەر دائىم ئۇنىڭ كۆزىگە يات، ئەمما قەدىرلىك بولۇپ كۆرۈنەتتى. كېيىن بۇ ئېتىبارسىز قالغان ئۈچ جان ناھىيىدىن شەھەرگە كۆچۈپ باردى. لېكىن شەھەر ئىچىدىن تۈزۈكرەك ھەم ئەرزان ئۆي تېپىلمىغاچقا، شەھەر ئەتراپىدىن بىر ئېغىزلىق كونا ھەم كىچىك ئۆينى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ دادىسى قاياقتىندۇر بىر كونا ھارۋا تېپىپ كەلدى. ھارۋىنى غۇدۇراپ يۈرۈپ، ئۇزۇن ھەپىلىشىپ ياساپ چىقتى. ئاندىن بىكەت ئەتراپىغا بېرىپ، قول بىلەن سۆرەپ يۈرۈپ كىراكەشلىك قىلدى. ئۇ چاغلاردا بۇنداق كىرا ھارۋىلىرى بۇ كىچىككىنە شەھەردە يوق دېيەرلىك ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئايلار ۋە يىللار بىر خىل رىتىمدا ئۆتۈۋەردى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا قىلچىمۇ ئۆزگىرىش بولمىدى. ئەرزان باھادا ھېلىقى قارا ئېشەكنى سېتىۋالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا قورساق تويغۇزۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى ھاراقكەشلىكنى تاشلىمىغانىدى.

بۇندىن ئالتە يىل بۇرۇن ئۇنىڭ دادىسى ھاراقتىن زەھەرلىنىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئۇ بۇ چاغدا توپتوغرا 20 ياشقا كىرگەنىدى. مېيىت ناھايىتى ئاددىيلا ئۇزىتىلدى. كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق يىغا-زارمۇ بولمىدى. پەقەت ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بىرقانچە ھاراقكەش دوستلىرى جىنازىنى ئۈن-تىۋشسىز ھالدا قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىپ، مېيىتنى ئالدىراپلا كۆمۈپ قويۇشتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئاددىي قەبرىسى ئالدىدا يالغۇز يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يىغلىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ ياشاشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا دادىسىدىن بىر قامچا، ھارۋا ۋە ھېلىقى قارا ئېشەك مىراس قالغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ بىركەت ئەتراپىدا كىراكەشلىك قىلىشنى باشلىۋەتتى...

ئېشەك بوشقىنا قىمىرلىدى. ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئېشىكىگە ئاچچىقلانغان ھالدا ھومىيىپ قويدى ۋە يەنە خىيالغا چۆكتى.

يېڭى چاق ئېلىۋالسام بەلكىم مېنىڭ ھارۋامنى كىرا قىلىدىغانلارمۇ كۆپىيەر. شۇ چاغدا بار كۈچۈمنى يىغىپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ، خوتۇن ئالىمەن. ئاناممۇ شۇنداق دەۋاتامدۇ. ئانام توغرا دەيدۇ. مېنىڭ تەڭتۇشلىرىمنىڭ توي قىلىپ بولغىنىغا نىكەم.

— ھوي، ھارۋىكەش!

ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. شادلىقتىن ئۇنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۆڭۈپ كەتكەن خىزمەت كىيىمى كىيىۋالغان سېمىز ھەم پاكار بىر ئادەم ئۇنىڭغا غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن ھومىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئاخىرى ھارۋامغا خېرىدار چىقتى مانا...

— ھە ئاكا، ھارۋامنى كىرا قىلامسىز؟ — ئۇ سېمىز ئادەمنىڭ چىرايىغا بىچارىلارچە كۆز تىكتى.

— تارت نېرى! بۇ يەرگە مال چۈشۈرىمىز! — دېدى ھېلىقى ئادەم يېنىدىلا تۇرغان كىچىك تىراكتۇردىكى قەغەز يەشىكلەرنى كۆرسىتىپ.

ئۇ خورسىنغان ھالدا ھارۋىسىنى ھەيدەپ نېرىغا كەتتى. يەشىكلەرنى چۈشۈرۈۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭ كۆزىگە تولىمۇ رەھىمسىز ۋە سەت كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقى بىلەن ئۇلار تەرەپكە قاراپ تۈكۈرمەكچى بولدى. لېكىن تۈكۈرمىدى. چۈنكى ھېلىقى سېمىز، چىرايىدىن رەھىمسىزلىك، قۇرۇلۇق چىقىپ تۇرىدىغان پاكار كىشى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراۋاتاتتى.

— ھوي، بۇياققا كەلگىنە... — دېدى سېمىز ئادەم قولىنى پۇلاڭلىتىپ. ئۇ ئېشىكىگە بىر قاراپ قويۇپ، يەشىك چۈشۈرۈۋاتقانلارنىڭ يېنىغا باردى.

— بۇلارنى چۈشۈرۈشۈپ بەرگىن، 50 تىيىن بېرىمەن، — دېدى سېمىز ئادەم.

— نېمە ئۇ؟
— پۇل!
ئۇ ئارىسالدا بولۇپ قالدى. 50 تىيىن، 70 تىيىن بەرگەن بولسا يېنىمدىكى 30 تىيىن بىلەن بىر سوم بولاتتى-دە.
— 70 تىيىن بېرەلەمسىز؟
— ماڭ، ماڭ ئېشىكىڭنى ھەيدە. بىكار تۇرغىچە پۇل تاپسۇن دېسەم... ماڭ، مۇشۇ بەشىمىز يېتىشمىز...
سېمىز كىشى خېلى ئۇزۇنغىچە غوتۇلداپ، ئەپسانە گەپلەر بىلەن ئۇنى تىللاپ كەتتى.
ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھارۋىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ مەيۇس ھالدا كۆككە تىكىلدى. قۇياش كۆك ئاسماندا ھەرىكەتسىز ئېسىلىپ تۇراتتى. بۇلۇتلار ئاستىغىنا تاغ تەرەپكە سۈرۈلۈۋاتاتتى. كۈن چۈشكە يېقىنلاشقانىدى. ئۇ قورسىقىنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.
دەل شۇ پەيتتە بىر ئاپتوبۇس چايقالغان ھالدا بىكەت دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. يولۇچىلار ئالدىرىشىپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بەختىگە يارىشا بىكەتتە لەمپىلىك ھارۋىلارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. بۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى بولۇپ تۇيۇلدى. لېكىن يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى كىرا ماشىنىلىرىغا، بەزىلىرى لەمپىلىك ھارۋىلارغا چىقىپ بىكەتتىن چىقىپ كېتىشتى. يولۇچىلارنىڭ بىر نەچچىسى ئۇنىڭ ھارۋىسىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەرمۇ خېرىدارغا ئېرىشەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەتراپىغا چۆچۈپ-چۆچۈپ قاراشقا باشلىدى.
ئاپتوبۇس شوپۇرى ئۇنىڭغا ھارۋاڭنى نېرى تارت، ئاپتوبۇسنى ئارقىغا ياندۇرىمەن، دېگەندىلا ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن بىرەرمۇ خېرىدارغا ئېرىشەلمىگەنلىكىگە ئىشەندى.
لەمپىلىك ھارۋىلارغا چىققان يولۇچىلار قىستىلىپ ئولتۇرۇپ كولدۇرما سادالىرى ئىچىدە يىراقلاپ كېتىپ باراتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ قەلبىدە بارلىق لەمپىلىك ھارۋىلارغا قارىتا ئۆچمەنلىك پەيدا بولدى.
ئېشەك قۇلىقىنى سالپايتىپ مۈگدەپ تۇراتتى. ئېشەكنىڭ ئەتىگەندىن بېرى ھېچنېمە يېمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشكەندە كۆڭلى غەشلىككە تولدى. ئۇ خېرىدارلىق بولۇشتىن ئاللىقاچان ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى. شۇڭا ئۆچكە ساقاللىق، نۇرسىز كۆزلىرى ئىچكىرى كىرىپ كەتكەن، ئورۇق بىر بوۋاينىڭ پۇتلىرىنى سۆرەپ دەسسىگىنىچە ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىنى يا بولمىسا بىرەر يەرنى سورايدۇ ھەقىچان، دەپ ئويلىدى ئۇ.
— سايدۆڭگە نەچچە پۇل ئالارسەن؟ — بوۋاي تويا چاڭلىرى سىڭىپ كەتكەن كونا سومكىسىنى يەرگە قويۇپ سورىدى.
ئۇ بىرئاز تەئەججۈپلەندى. سايدۆڭگە... ئون نەچچە كىلومېتىرلىق يولغۇ بۇ...
— سايدۆڭگە دەملا؟ سايدۆڭگە ئاپتوبۇس قاتنايدىغۇ. يېرىم سائەت ساقلاپ تۇرسىلا سايدۆڭنىڭ ئاپتوبۇسى مۇشۇ يەرگىلا كېلىدۇ.
— لېكىن ئاپتوبۇس شوپۇرىغا پۇلنى ئۆيگە بارغاندا بېرەي دېگىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ ـ دە. پۇلۇمنى ئوغرى ئالمىغان بولسىغۇ، ئاپتوبۇسقىلا چىقاتتىم.

— پۇللىرىنى ئوغرى ئېلىۋالدىما؟

— ھەئە، بىر ئاي ئىلگىرى سىڭلىمنى كۆرگىلى كۇچاغا بارغانىدىم. تۆنۈگۈن ئاپتوبۇستا بىخەستەلىك قىلىپ پۇلۇمنى ئوغرىغا بەردىم. ئاپتوبۇستىكىلەرگە قارىساڭ بىر چىرايلىق ئادەملەر، ھېچكىمنى ئوغرى دېگۈڭ كەلمەيدۇ. لېكىن يېنىمدا بىر سىنتىنى قويماي، بەلبېغىم بىلەن قوشۇپلا ئېلىۋالدى ئەمەسمۇ، سەزمەيلا قاپتىمەن... ئاخىرى باشكۆزۈمنىڭ سەدىقىسى، دېدىم.

ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى دادىسىدىن قالغان چىرايلىق قامچىسىنىڭ يوقالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. بۇ قامچىنى بىكەت ئەتراپىدا يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان كەپسىز باللار ئېلىۋالغانىدى. ئۇ بۇ قامچىنى ئېشەكنى باشقۇرۇشقا ئىشلىتىشتىن كۆرە كۆپرەك تۇتۇپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. قامچىنىڭ دەستىسى ئالاھىدە كۆركەم ياسالغانىدى. دادىسىدىن قالغان بۇ تەۋەررۇكنىڭ يوقالغانلىقى ئۇنى خېلى ۋاقىتلارغىچە ئازابلىدى.

— ئۆيلىرى سايدۆڭدىمۇ؟ — ئۇ بوۋايغا ھېسداشلىق نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

— ھەئە... — بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ھارۋىغا چىقىسىلا، ئاكا.

ئۇ بوۋاينىڭ كونا سەپەر سومكىسىنى ئېلىپ ھارۋىغا قويدى.

— سايدۆڭگە نەچچە پۇل ئالارسەن؟

ئۇ بۇ سوئالدىن بىر ئاز تېڭىرقاپ قالدى. سايدۆڭگە نەچچە پۇل ئالسا بولىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيتتى. نەچچە پۇل ئالسام بولار؟ ئىككى سوم ئالايمىكىن...

— ئىككى سوم!

ئۇنىڭ كىراكەشلىك قىلىش جەريانىدا خېرىدارلاردىن سورىغان ئەڭ يۇقىرى ھەق مانا مۇشۇ ئىدى. بوۋاي ئۈنسىز ھالدا ھارۋىغا چىقىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— كەتتۇق ئەمىسە، خىت چۇھ!...

ئېشەك شۇنچە ئاچ، مادارسىز ئىكەنلىكىگە قارىماي يورغىلاپ مېڭىپ كەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ بىر يەردە تۇرۇۋېرىشتىن زېرىككەنىدى. بىراق ئۇ ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا مېڭىشتىنمۇ زېرىكىشكە باشلىدى. قەدەملىرى بارغانسېرى ئاستىلىدى. چۈنكى ئۇ ئاچلىقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۇ پات ـ پات ئېشىكىنى دېۋىتىپ قويۇپ، بوۋاينىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ قوياتتى. بوۋاينىڭ لەۋلىرى تىنىمسىز قىمىرلايتتى.

— ئاكا، بالا ـ چاقىلىرى بارمۇ؟ — ئاخىرى ئۇ جىملىقنى بۇزۇپ سورىدى.

— بار، ئىككى قىزىم، تۆت ئوغلۇم بار، باللار ئۆيلىنىپ، ياتلىق بولۇپ چىقىپ كېتىشتى. ھازىر ئۆيدە كېسەلچان مومىيىم ئىككىمىزلا قالدۇق. ھايات دېگەن مۇشۇنداقكەن ئۇكام، تۈنۈگۈنلا مەنمۇ ساڭا ئوخشاش قىران يىگىت ئىدىم. مانا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە مۆكچىيىپ كەتتىم، ئۇھ...

ئۇ بوۋاينىڭ ئۆزىنى قىران يىگىت دېگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇشال بولدى. ئۇ ئۆزىگە بېرىلگەن بۇنداق ياخشى باھانى

پەقەت ئانىسىنىڭ ئاغزىدىنلا ئاڭلىغانىدى.

— ئىككى - ئۈچ كۈن ئىلگىرى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بوۋاي، — موماي چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ئاپئاق كۆڭلىكىنى كىيىپ ئالدىمغا ئۈچۈپ كېلىۋاتقۇدەك، يېنىمغا كەلگەندە تۇتۇۋالاي دېسەم، تۇساتتىن يوقاپ كەتكۈدەك. چۈشۈم شۇ يەرگە كەلگەندە ئويغىنىپ كەتتىم. يۈرىكىم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى...

— ياخشى چۈش كۆرۈپلا.

بىرەر كىشى چۈشىنى سۆزلەپ بەرگەندە ياخشى چۈش كۆرۈپلا، دەپ قويۇشنى ئۇ ئانىسىدىن ئۆگىنىۋالغانىدى.

بوۋاي قايغۇرغان، خاتىرجەمسىزلەنگەن هالدا ئاسمانغا قاراپ ئۇھ تارتىپ قويدى. ئارقىدىنلا كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ جىمىپ قالدى. بوۋاينىڭ چۈشى ياخشى چۈشمىدۇ، يامان چۈشمىدۇ؟ ئۇ ئېشىكىنى دېۋىتىپ قويۇپ خىيالغا چۆمدى. ئۇنىڭ بوۋاي بىلەن كۆپرەك پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى. لېكىن بوۋاي پۈتىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ ئۈگدەۋاتاتتى. هارۋىنىڭ چاقى يېقىمسىز غىچىرلايتتى. ئۇ ئۈگدەپ ئولتۇرغان بوۋايغا ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا قاراپ قويدى - دە، يەنە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ خىياللىرى ئىچىگە غەرق بولدى.

ئۇ خىيالىدا ئۆزىنىڭ گىلەم سېلىنغان، ئاجايىپ ياسىداق، لەمپىلىك هارۋىسىنى هەيدەپ كېتىپ باراتتى. ئاپئاق ئېتى يېنىك يۈرغىلايتتى. هارۋىدا لىققىدە ئادەم... ئۇ، قولىدىكى پۇللارنى ساناپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتاتتى... كېيىن ئۆزىنىڭ پېشايۋانلىق، كەڭرى هويلىسى بار ئۆيىگە كىردى. چىرايلىق ئايال...ئوماق باللار...

— خىت، قوتۇر! — ئۇ خىيالىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يول ئۈستىدىكى ئىككى-ئۈچ تال چۆپنى يەپ توختاپ قالغان ئېشەككە ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى. بوۋاي بوشقىنا قىمىرلاپ قويدى - يۇ، لېكىن كۆزىنى ئاچمىدى. ئەجەبمۇ ئۇيقۇغا ئامراق ئادەمكىنا بۇ. ئادەم قېرىسا شۇنداق بولۇپ قالامدىكىن - يا. كۈن پېشىن بولاي دېگەن بولسىمۇ، يولنىڭ ئايىغى زادىلا چىقمايتتى. ئېشەك هورۇنلۇق بىلەن بەكمۇ ئاستا مېڭىۋاتاتتى. ئېشەكنىڭ بۇنىڭدىن ئىتتىك ماڭمايدىغانلىقىنى ئىگىسى ياخشى چۈشىنەتتى.

ئۇلار كۈن پېتىشقا ئاز قالغاندا سايدۆڭگە كىرىپ كەلدى. بوۋاي شۇ چاغدىلا كۆزىنى ئېچىپ، قايسى تەرەپ بىلەن ئۆيگە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويدى.

هارۋا ناهايىتى باراقسان ئۆسكەن ئۈجمە دەرىخى تۈۋىدىكى كومۇلاچ تاملىق هويلا ئالدىدا توختىدى. بوۋاي هارۋىدىن چۈشمەيلا هويلا تەرەپكە قاراپ: هوي، مەريەمخان، دەپ توۋلىدى. ئاندىن قارىداپ كەتكەن ۋە تارشىدەك قاتقان قوللىرى بىلەن هارۋىنىڭ يان قىرلىرىغا تايىنىپ پەسكە چۈشتى.

كونىراپ كەتكەن دەرۋازا غىچىرلاپ ئېچىلدى. بېشىغا ئاق داكا ياغلىق چىگىۋالغان ياشقىنا ئايال ئېتىلىپ كېلىپ، بوۋايغا ئېسىلغىنىچە پۈتۈن بەدىنىنى تىترىتىپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ۋاي ئانام... دادامنىڭ ئالدىغا چىقمامسەن ئانام، باللىرىڭنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ ئانام... ۋاي ئانام...

بوۋاينىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ لاغ - لاغ تىترىگىنىچە يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. بىردەمدىلا بوۋاينىڭ ئەتراپىغا بىر توپ كىشىلەر يىغىلدى ۋە بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كېتىشتى. ئۆيدىن ئاياللارنىڭ هازا

ئېچىپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

بىچارە بوۋاينىڭ خوتۇنى تۈگەپ كېتىپتۇ – دە، بايىلا تېخى خوتۇنۇم چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ دەۋاتاتتى، دەپ ئويلىدى ئۇ. بىردىنلا قېرىپ قالغان كېسەلچان ئانىسى كۆز ئالدىغا كېلىپ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كىرا پۇلىنى تۆلىۋېتىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۆي ئىچىدىن مۇڭلۇق يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ گۈگۈم چۈشكەنگە قەدەر دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان بولسىمۇ ئۆيدىن ھېچكىم چىقمىدى. ئاشۇ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا كىرىپ پۇلۇمنى بەر دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇ بېشىنى چايقاپ قويدى ۋە ئامالسىز ھالدا ھارۋىسىنى ئارقىغا بۇراپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. نېمە ئامال؟ ئىككى سوم پۇلنى ئالمىغانغا ئۆلۈپ كەتمەسمەن...

بۈگۈن بىر تىيىنمۇ تاپاۋەت قىلالمىغانلىقى ئۇنىڭغا ئەلەم قىلدى. خۇدايىم بۇيرۇسا...ئەتە مېنىڭ ھارۋامنى كىرا قىلىدىغانلار بىردىنلا كۆپىيىپ كېتەمدۇ تېخى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ قويدى. تۈن پەردىسى ئەتراپقا يېيىلغاندا، ئاندا – ساندا يامغۇر تامچىلىدى. تۈن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە كىمدۇر ئۇنى چاقىرىۋاتقاندەك ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەتراپقا قاراپ قويدى. ئېشەك تولىمۇ ئاستا ماڭاتتى. ھېچقىسى يوق، ئاستا ماڭسا مېڭىۋەرسۇن، بەربىر ئۆيگىمۇ يېقىنلاپ قالدۇق. ئانام نېمە تاماق ئەتتىكىن...ئۇ، تاماقنى خىيالىغا كەلتۈرۈش بىلەنلا قورسىقىنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەتىگەندە چالا – بۇلا ناشتا قىلىپلا ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن، چۈشتە ھېچنېمە يېمىگەنىدى.

ئۇ ئاسمانغا قارىدى، كۆك يۈزىنى بۇلۇت قاپلاپ كەتكەچكە، بىرەرمۇ يۇلتۇزنى كۆرگىلى بولمايتتى. يامغۇر ئاندا – ساندا تامچىلاپ توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يامغۇرنىڭ يەنە يېغىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. بۈگۈن ھاۋا نەلەتلا بولۇپ قالدى دەيمىنا... بىردەم ئېچىلىدۇ، بىردەم تۇتۇلىدۇ... كېچىچە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتمىسە بولاتتىغۇ... يامغۇر ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆيىنى ئېسىگە ئالغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەندىشە قاپلىۋالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

---

(بېشى 160 – بەتتە)

قاتارلىق ئۈچ رومانىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇ، بۇ ئەسەرلىرىدىمۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يۈزەلا سۈرەتلىگەن. بۇ ئەسەرلىرى بازىرى ئىتتىك كىتابلار بولۇپ، جەمئىيەتتە خېلىلا غۇلغۇلا قوزغىغان.

1986 – يىلى سىنتەبىر بىر مۇخبىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە: «مەن ئەزەلدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىمنى ئويلاپ باقمىغان» دەيدۇ. ئۇ بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ئۆسۈۋاتقان ئابرويىنى تاغقا چىقىش ماھىرلىرىنىڭ ئاسمانپەلەك تاغ چوققىسىغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئوخشاتقان. ئۇ «مەن ئۇنىڭ ئۈستىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ بولۇپلا، ئۆز ئورنۇمغا قايتىپ كېلىمەن» دەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ مول ھوسۇللۇق يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى تېخىمۇ جانلانماقتا.

(«ئەدەبىيات – سەنئەت گېزىتى»نىڭ 1991 – يىللىق 2 – يانۋار سانىدىن ئېلىندى)

ئادىل تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

مۇختار دەۋبۇرگى

# غەزەللەر

1

ھېجىر دەشتىمگە سۇ باشلاپ كېلەرسەنمۇ كۈتۈپ تۇرسام،
ئەقىدەمگە ۋاپا، ئىقبال تىلەرسەنمۇ كۈتۈپ تۇرسام.
كېتەرنىڭ كەلمىكى بار دەپ، يولۇڭدىن ئۈزمىدىم كۆزنى،
گۈزەل كۆكلەمدىكى گۈلدەك كۈلەرسەنمۇ كۈتۈپ تۇرسام.
جېنىمدىن ئۆتتى ھېجراننىڭ رەھىمسىز خەنجىرى يارەب،
مېنى قۇتقۇزغىلى دەرھال ئۈنەرسەنمۇ كۈتۈپ تۇرسام.
سېنىڭدىن ئەنسىرەيمەن يار ئېزىتقۇ ئازدۇرارمۇ دەپ،
ئەگەر ئازدۇرسا شۇ يولغا كۆنەرسەنمۇ كۈتۈپ تۇرسام.
مېنىڭسەن ئەلمىساقتىنلا، ئۇتۇڭدا كۆيگىنى ھەم مەن،
ئۆزۈمگە خاسلىقىڭنى يار سېزەرسەنمۇ كۈتۈپ تۇرسام.
سېنى سۆيمەكلىكىم ئۈنچە قىيىنغا توختىماس دەيمەن،
مېنى باغرىڭدا ئەللەيلەپ سۆيەرسەنمۇ كۈتۈپ تۇرسام.
بىراۋلار دەپتىكەن باشتا «مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق» دەپ،
مېنى تاشلاپ رەقىب بىرلە يۈرەرسەنمۇ كۈتۈپ تۇرسام.
يولۇڭدا يىغلىبان ياشىن ئېقىتسام بىر ئەزىم دەريا
مېنىڭچۈن ئاقىقىنى راست دەپ، ئۆزەرسەنمۇ كۈتۈپ تۇرسام.
سېنى ساقلاپ تالاي يىلدىن ۋىسالسىز ئۆتتى قۇش كىرپىك،
مېنى دەپ سەنمۇ بىر ئاخشام تۈنەرسەنمۇ، كۈتۈپ تۇرسام.

2

سەن كېلەمسەن ياكى مەن ئىزدەپ بارايمۇ، ئامرىقىم،
ھالۇ ـ ئەھۋالىڭ سوراپ مەكتۇپ يازايمۇ، ئامرىقىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كەچ كېلەمسەن يا سەھەر، يا كۈزدىمۇ، كۆكلەمدىمۇ،
يولغا ياشتىن سۇ سېپىپ ساقلاپ تۇرايمۇ، ئامرىقىم.
ئايدىن ئېيتتىڭمۇ سالام، چولپاندىن ئېيتتىڭمۇ سالام،
ئاي ۋە چولپان تۇغقىچە كۆككە باقايمۇ، ئامرىقىم.
سېنى ساق دەپ ئاڭلىدىم، تاڭدا كېلەر دەپ چاغلىدىم،
ئاتمىسا تاڭ پات، ئۆزۈم گۈلخان ياقايمۇ، ئامرىقىم.
چىقسا يامغۇردىن كېيىن نۇر يول بولۇپ ھەسەن ـ ھۈسەن،
سېنى ئۇندىن كەلدى دەپ باغرىم ئاچايمۇ، ئامرىقىم.
مەن سېغىندىم ئوت بولۇپ، سەنمۇ سېغىنغانسەن مېنى،
ئوتقا چۈشكەن قىل بولۇپ ئاھ، تولغىنايمۇ، ئامرىقىم.
سەن كۆرۈپ كەتكەن شۇ ئاي تۇلپارغا ئايلاندى چوڭۇپ،
ئەمدى تۇلپارنى توقۇپ يولغا چىقايمۇ، ئامرىقىم.

3

ئوتقا ئىنتەردىڭ مېنى، ۋولقانغا ئىنتەردىڭ مېنى،
يەردە جايىم تۇرسىمۇ ئاسمانغا ئىنتەردىڭ مېنى.
بىلمىدىم بۇ سۆيگۈنىڭ قانداقچە پىنھان سىرلىرى،
قۇچىقىڭدا كۆيدۈرۈپ ھىجرانغا ئىنتەردىڭ مېنى،
مېنى سۆيسەڭمۇ لېكىن باغرىڭدا ئاتەش يانمىدى،
لەۋلىرىڭدە سۇ بېرىپ ئارمانغا ئىنتەردىڭ مېنى.
مەن ئوتۇڭدا تاۋلىنىپ ئالماسقا ئايلانغان ئىدىم،
ئەمدى نېمە ئويلىدىڭ، قاسقانغا ئىنتەردىڭ مېنى.
تۇت ئېسىڭدە ئەي نىگار، ئىشقىم قىساسكار مەن ئۈچۈن،
مەن قوزاڭ تۇرسام ياۋاش، قاپلانغا ئىنتەردىڭ مېنى.

4

يىگىت بولساڭ ۋەتەننى سۆي، ۋەتەندۇر جان ئانا، بىلسەڭ،
ئېلىڭ ئالدىدا خار ئىت سەن بۆلەك يۇرتنى پاناھ بىلسەڭ.
ئۆزۈڭنىڭ يارىدەك سۆيمەس سېنى جان ـ باغرى ئاتەش بوپ،
بېھىشتىن نازلىنىپ چىققان پەرىنى دىلرەبا بىلسەڭ.
ھاياتىڭنىڭ قىممىتى يۇرتقا ئېقىتقان تەرگە باغلىقتۇر،
شۇ تەردە چاقنىغاي قەدرىڭ، تۆكۈشنى بىباھا بىلسەڭ.
ئانا يۇرت قوينى ئۆز قەلبىڭ بىلەن ئوخشايدۇ ئۆزلۈكتە،

قەلب شاد بولمىغان بىر كۈن تۈمەن يىللىق ھازا، بىلسەڭ.
يىگىتلىك مەنىسى — يۇرتىنىڭ تېغى بولماق بۆيۈك، ھەيۋەت،
ئاشۇ تاغ يۇرت ئۈچۈن سەمۋول، تېپىلماس تۈتىيا، بىلسەڭ.

5

ئەگەر سەن ئاتمىساڭ تاشنى ئىماندىن ئازدۇرار شەيتان،
ئۆزۈڭنىڭ گۆرىنى ئەپلەپ ئۆزۈڭگە قازدۇرار شەيتان.
گۇناھسىز بەندە سەن گەرچە، لېكىن بولساڭ نادان، دىتسىز،
ئۆلۈم نامەڭنى ئۆز قولدا ئۆزۈڭگە يازدۇرار شەيتان.
ئاتاڭنى قەتلە قىلغاننى كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ چىن دوست،
ۋۇجۇدۇڭدا ئاڭا ھۆرمەت ئوتىنى ياندۇرار شەيتان.
دەقىق غەپلەتتە قالساڭلا بولۇپ ئالدىڭدا گۈل پەرى،
ۋاپادار ئاشنا يارىڭدىن بىراقلا تاندۇرار شەيتان.
ئۇنىڭ ئەزايى پۈتكەندۇر نومۇسسىز ھىيلە، پەسلىكتىن،
ئاناڭنىڭ ئالدىدا ھەتتا كىيىمنى سالدۇرار شەيتان.
كېلەر ئالدىڭغا ھەر دائىم ئېسىل تون سەللىسى بىرلە،
ئوقۇپ سەن بايقىماس سۈرە، بېشىڭنى قايدۇرار شەيتان.
ئۇنىڭ سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىشنى بىلمىسەڭ ئەي دوست،
ئۆزۈڭنىڭ ئوغلىنى ئالداپ جېنىڭنى ئالدۇرار شەيتان.

6

تۆھپىكارمەن، شاھ ئەمەس، ئەمگەكچى خەلقىم ئالدىدا،
پاك ياشاشتۇر ئىستىكىم ئىنسانىي قەلبىم ئالدىدا.
مەيلى يۆتكەي تاغنى مەن ۋە ياكى يولۋاس ئۆلتۈرەي،
قىلمىغايمەن پەش ئۇنى ھېچكىمگە، قەرزىم ئالدىدا.
يۇرت ماڭا ئاچتى قۇچاق سۆيگۈ - ۋاپادىن دەرس بېرىپ،
بىلمىسەم شەرمەندە مەن كۆيگەنگە ئىشقىم ئالدىدا.
يۇرت ئۈچۈن جانىم پىدا دەپ قىلمىسام جاننى پىدا،
دوۋزىخى بولمامدىمەن ئۆلگەندە شەرتىم ئالدىدا.
تامچە تەر تۆكمەي تۇرۇپ مېھنەتكە سۇلتان مەن دېسەم،
شۇ دەقىق چىقسۇن جېنىم تەييارلا رىسقىم ئالدىدا.

7

دېمەيمەن يار كۆزۈڭدىن ئۇز قارا تۈن ئەختىرى كەلسە،
كىيەرمەن تاج بىلىپ سەندىن كۇلاھىنىڭ ئەستىرى كەلسە.

سېنى بىر ھىدلىسام شۇ ھىد يېشىمغا قوشقىسى مىڭ يىل،
ئىچىمگە ماڭمىغاي بىر تىن ئەرەبنىڭ ئەنبىرى كەلسە.
قانار تەشنالىقىم تارىم سۈيىدىن بىر يۇتۇم بەرسەڭ،
تىكىلمەس كۆز قىرىم ھەرگىز بىھىشنىڭ كەۋسىرى كەلسە.
سېنى قۇل قىلسا گەر دۈشمەن بويارمەن قانغا جەڭگاھىنى،
كېلەلمەس تەڭ ماڭا ھەتتا زىۋسنىڭ لەشكىرى كەلسە.
يۈرەكىم تۇشتىدا كۆلگەن گۈزەللىك ئۆلگىسى ھۆسنۈڭ،
قىلالماس لال مېنى مىڭ خىل پەرىزات تەسۋىرى كەلسە.
جاھان بۇلبۇللىرى ئاجىز كېلەر كۈيلەشكە ئىشقىڭنى،
سېنى تەسۋىر قىلار ئەينەن خوتەننىڭ دەمدىرى كەلسە.

8

سەن قەدىناس ھەم يېڭى، چېھرىڭگە باقسام ھەر كۈنى،
توي كۈنىدەك قۇت تىلەپ باغرىڭغا باسسام ھەر كۈنى.
بەختىمىزنىڭ شاھىدى — كۈلگەندە تۇنجى قىزىمىز،
سەن سۆيۈندۈڭ مەڭزىدىكى مەڭزىمنى ياقسام ھەر كۈنى.
سەن ئىلاھ، قەلبىمدە چىن سۆيگۈ ياراتتىڭ بىباھا،
بەندە سەن رىشتىمنى دىل رىشتىڭغا چاتسام ھەر كۈنى.
ئۆتتى شېرىن ئاي كەبى قانچە باھار ئامراق - ئىناق،
سەن ئۇنتۇمغا سەكرىدىڭ، سۆيۈنگىدە ئاقسام ھەر كۈنى.
بىر سۆيۈنسەم مىڭ كۈلۈپ يايراپ كېتەرسەن، جانىجان،
جۈپ بۇلاقنىڭ توختىماس، ھەسرەتكە پاتسام، ھەر كۈنى.
سەن پەرىشتەم سەن ۋاپا، سەن — روھ تېنىمگە ئورنىغان،
ئويغىتارسەن تاڭ بولۇپ، غەپلەتتە ياتسام، ھەر كۈنى.
سۈپسۈزۈك ئاسمان بىلىپ كۆكلۈكىڭ، قۇچاقىڭنى ئاڭا،
ئارمىنىم يۇلتۇز قىلىپ ئىشقىمنى چاچسام ھەر كۈنى.

سەلەي قاسىم

# يۈرىكىمدە ئەكس سادالار

## ئىچىمگە سىغمىدى خۇشاللىق

مەن كۆرۈپ، شەھرى ئەزىمنى پاھ، دېدىم، ئاڭلىدىم ئاققان نېفىتنىڭ نەھرىنى،
سۆيۈنۈپ كەتتىم، دىلىمدىن ماختىدىم. بويلىدى پىكرىم زېمىنىنىڭ قەرىنى.

بىر غىلاڭ سايدا كۆرۈپمەن مۆجىزە،
چىن ئىجاد كۈيىگە ئالدىم ئەندىزە.

ياش نېفىت شەھىرىگە باستىم مەن قەدەم،
يورغىلاپ كەتتى قولۇمدا شاش قەلەم.

ئىشچىلار قەيسەر، تىرىشچان ئىش بىلەن،
كارى يوق ئىسسىق ۋە ياكى قىش بىلەن.

بىر يولى كۆڭلۈمنى ئۇتتى بۇ دىيار،
مەن دېدىم: بولسۇن سىلەرگە غەلىبە يار.

بۇندا دوستلۇق گۈللىرى پورەك - پورەك،
بىر - بىرىدىن ساز، ئىناق ئوتلۇق يۈرەك.

مەن قىلىپ نېفىتنى سىياھ نەزمىگە،
كەلتۈرۈپ، ئىلھام نېفىتنى لەرزىگە.

ناخشىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى باشلىدىم،
ئاشۇ دەم كەلدى ئېسىمگە ياشلىقىم.

شۇ نېفىت ئاققان تۇرۇبا ئالدىدا،
زوقلىنىپ باقتىم پايانسىز ۋادىغا.

## پوسكام نېفىت شەھىرىگە

پامىر، ئالتاي، تىيانشان
بويۇن سوزۇپ قارىدى.
تارىم سۇمبۇل چېچىنى
نازلىق كۈلۈپ تارىدى.
مىڭ كۆز بىلەن تەلمۈرۈپ،
پوسكام نېفىت شەھرىگە.

تەكلىماكان قۇتلۇقلاپ،
ئاي قۇياشنى قولتۇقلاپ.
نۇسرەت چېچىپ قۇملۇقتا.
دەككە بېرىپ شۇملۇقتا،
قانات ياساپ دۇلدۇلدەك،
ناۋا ئەيلەپ بۇلبۇلدەك.
قىلدى چاچقا خۇشلۇقنى،
پوسكام نېفىت شەھرىگە.

ئاپئاق ساقال زەرەپشان
مۇقامىنى ياڭراتتى.
شاد بەختىنى مەدھىيىلەپ،
كەڭ ئالەمگە ئاڭلاتتى.
ياغدى ئارزۇ تىلەكلەر
پوسكام نېفىت شەھرىگە.

كەلدى سانسىز غەزەلخان
ئېلىپ قولغا قەلەمنى.
كۈيگە قېتىپ نېفىتلىك
باسقان غالىب قەدەمنى،
مىڭ تەمەننا ئەيلىدى
پوسكام نېفىت شەھرىگە.

## تۆتلىكلەر

جەنۇب خەلقى باي بولسۇن،
ھۆسنى چاقناپ ئاي بولسۇن.
نېفىت تاپتۇق تارىمدىن،
ئېغىز - بۇرنى ماي بولسۇن.

قەد كۆتۈرسە ۋىشكىلار،
يايراپ كېتەر ئىشچىلار.
نېفىت بىلەن بەختنىڭ
دەرۋازىسى ئېچىلار.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇللا ياقۇپ

# جەمرلايدۇ نۇرلۇق يۇلتۇزلار

## كۆيدۈرۈپ

قىلدى جەمسىمنى كۆسەيدەك ئىشتىياقىڭ كۆيدۈرۈپ،
ئۇرتىدى قەلبىمنى ئاتەشتەك پىراقىڭ كۆيدۈرۈپ.

چاڭقىساڭ تۇتتۇم ساداقەت جامىدا كەۋسەر ساڭا،
ئەيلىگەچ خۇشتار مېنى ھۆسنى ـ سىياقىڭ كۆيدۈرۈپ.

تەلمۈرۈپ باقسام گۈزەل نازۇ ـ كەرەشمەڭ قىلدى لال،
قاپقارا ساچىڭ بىلەن قاشىڭ ـ قىياقىڭ كۆيدۈرۈپ.

ئېيتقىنا، قانداق چىراي سالسا نادامەتكە مېنى،
ئالمىدەك مەڭزىڭدىكى خالىڭ ـ زىناقىڭ كۆيدۈرۈپ.

كەتمىسەم دەيمەن يېنىڭدىن ئايلىنىپ پەرۋانىدەك،
قىلسىمۇ جەسمىمنى كۆل ياققان چىراغىڭ كۆيدۈرۈپ.

## نازىك چىرايلىق يار سېنىڭ

باغدا كۈلگەن گۈلمۇ سەن نازىك چىرايلىق يار سېنىڭ،
خۇش ناۋا بۇلبۇلمۇ سەن سازىك چىرايلىق يار سېنىڭ.

چاچلىرىڭ تەۋرەنسە تالدەك، كۆزلىرىڭ ئوت چاقنىتار،
جۇش ئۇرۇپ تۇرغان قىران چاغىڭ چىرايلىق يار سېنىڭ.

چىشلىسەم دىل قانىغاي مەڭزىڭنى پىشقان ئالما دەپ،
نۇرغا چۆمگەن ياپيېشىل باغىڭ چىرايلىق يار سېنىڭ.

بىر كۆرۈپلا ئەس ـ ھوشۇم قالماي ساڭا بولدۇم ئەسىر،
سېنى دەپ مەي ئوتلىسام جامىڭ چىرايلىق يار سېنىڭ.

ئۆزەڭگەي سەندىن ئۆمۈرۋايەت دىلىم زەر رىشتىنى،
مەن كەبى يانىڭدىكى يارىڭ چىرايلىق يار سىنىڭ.

## چىقساڭ

قاماشتى كۆزلىرىم ھويلاڭ ئىچىدىن يۈز ئېچىپ چىقساڭ،
سىيناقىڭغا قاراپ قالدىم كۈمۈش شولا چېچىپ چىقساڭ.

كاۋاپقا ئايلىنىپ كەتتىم كۆيۈپ مېھرىڭ ئوچاقىدا،
پىراقىڭ تەپتىدىن شۇدەم يۈرەككە ئوت يېقىپ چىقساڭ.

قىلىپ تۇتقۇن مېنى ئالدى خىيالىڭ ئىلكىگە نازىڭ،
چىۋىقتەك تولغىنىپ جانان چىرايلىق كۆز قىسىپ چىقساڭ

يېنىڭدا پارلىدىم يۇلتۇز بولۇپ مەن ھېچ نېرى كەتمەي،
جۇلالاپ كۆكتىكى ئايدەك بۇلۇتلارنى يېرىپ چىقساڭ.

ساڭا ئاچتىم قۇچاقىمنى تومۇزدا چاڭقىغان دەشتتەك،
چېچىپ ئۇنچە جاۋاھىرنى بۇلاقلاردەك ئېقىپ چىقساڭ.

## جىمىرلايدۇ كۆكتە يۇلتۇزلار

جىمىرلايدۇ كۆكتە يۇلتۇزلار،
قەلبىمگە زوق ئېتىدۇ بەخش.
تال - تال نۇرى بولۇپ زەر قەلەم
ھېس قەسرىمگە چېكىدۇ نەقىش.

جىمىرلايدۇ كۆكتە يۇلتۇزلار،
چېچىلغاندەك ئاڭا ئاق ياقۇت.
جۇلالىغان چېھرىدىن ئۇنىڭ
ساقىپ چۈشەر ۋۇجۇدۇمغا ئوت.

جىمىرلايدۇ كۆكتە يۇلتۇزلار،
يەردە شېرىن ئۇيقۇدا ھايات.
يۇلتۇزلارغا قۇت تىلەپ كۆڭلۈم،
كۆك يۈزىدە قاقىدۇ قانات.

## تۈن يېرىمىدا ئۆتتۈم مەھەلڭدىن

تۈن يېرىمىدا ئۆتتۈم مەھەلڭدىن،
تۈن يېرىمىدا بېغىڭنى بويلاپ.
تۈن يېرىمىدا ئۆتتۈم مەھەلڭدىن،
سېنىڭ گۈزەل ۋەسلىڭنى ئويلاپ.

تۈن يېرىمىدا ئۆتتۈم مەھەلڭدىن،
ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرگەچكە ئوت.
تۈن يېرىمىدا ئۆتتۈم كۆكتە ئاي
سۆيگۈمىزگە چاچقان چاغدا قۇت.

تۈن يېرىمىدا ئۆتتۈم مەھەلڭدىن،
تۈن يېرىمىدا ناخشامنى توۋلاپ.
تۈن يېرىمىدا ئېيىپ كەتتىم جانان
ناخشام بىلەن كۆڭلۈڭنى ئوۋلاپ.

www.uyghurkitap.com

ئەكرەم ئابدۇمەجىت

# ئىككى شېئىر

## قالار پەقەت ئەسلەش، سېغىنىش

سەبىي ئىستەك، سەبىي خىياللار
چۈش مىسالى كېتەر ئۇنتۇلۇپ.
بىغەملىكلەر قېلىپ يىراقتا،
بەڭباشلىقتا سېلىنار قۇلۇپ.

تىلەك بىلەن سۆيگۈ ئارىسى
ئىنسان ئۈچۈن گويا جۈپ ئۆتەك.

تەسەۋۋۇرلار قالار مېيىپ بوپ،
بېرىلگەندە مۇھەببەتكە رەڭ.

قايتىلانماس ھايات دېگەن كۆي،
ئالماشقاندەك كۆكلەم بىلەن قىش.
ئۆتۈپ كېتەر ھەممە، ھەممىسى...
قالار پەقەت ئەسلەش، سېغىنىش.

## ئاي نۇرىدا ئاقارغان دالا

كۆك قەرىدە نۇرلۇق بىر سىيما،
كەچمىشنى قىلىدۇ بايان.
كۆي تۆكىدۇ قايسى بىر تەنھا
تاپالماستىن ئۆزىگە جانان.

ئاي نۇرىدىن مۇھەببەت تىلەپ،
ياش تۆكۈشتىن تىنجىماس بۇلاق.
بەڭباش ئېقىن يۈرىدۇ تېنەپ،
يالپۇزلارغا ئەگىشىپ ئۇزاق.

ئۇيقۇسىنى بېلىگە باغلاپ،
چىرىلدايدۇ چېكەتكە تىنماي.
نالىسىنى ئاڭلاپ بۇلبۇلنىڭ
خىيال سۈرەر غۇنچە ئېچىلماي.

ئاي نۇرىدا ئاقارغان دالا
كۆرۈنىدۇ كۈمۈش ۋە كۈمۈش.
سۈبھىلەرگە بولۇپ مۇپتىلا،
چۈش كۆرىدۇ سۈبھى رەڭلىك چۈش.

ئابلەت قۇتلۇق (دېھقان)

## ياشانغاندا قالدۇق ئۇچرىشىپ

ئۇزاق مەزگىل تارتتۇق ھىجران ئازابى،
قار پەسلىدە قالدۇق قايتا ئۇچرىشىپ.
ئۆلىشىپتۇ باھارىڭغا كەچكۈزىمۇ،
كەتكەن ھەمدە مەندىن ياشلىق خوشلىشىپ.

ئۇزاققىچە تۇردۇق ئۈنسىز، زۇۋانسىز،
قارلىق دالا ئېتىكىدە سوغۇقتا.
ھەر ئىككىمىز ئەمەس ئىدۇق ئەيىبلىك،
كەچمىش يىللار قالغان بەكمۇ يىراقتا.

كەچۈر، دېدىڭ كۆزلىرىڭدە ئىسسىق ياش
جېنىم، دېدىم ئاۋۋالقىدەك، يېقىملىق
گىرەلەشتۇق، قۇچاقلاشتۇق، سۆيۈشتۇق،
قارلىق دالا بولدى بىزگە چىمىلدىق.

ئابدۇقەييۇمجان تۇرادىل

# سەھرا تۈيغۇلىرى

## قىشتىمۇ باھار

شامال ئېگراپ ئۇچماقتا غۇر ـ غۇر،
سارغايماقتا شاخلاردا ياپراق.
ئاي تۆكمەكتە دەستە ـ دەستە نۇر،
سۈكۈناتقا چۆممەكتە قىشلاق.

ئاق بۇلۇتلار چۈشكەندەك كۆچۈپ،
داللاردا ياتار ئاپئاق قار.
كەل سېغىندىم، سەھرايىمغا كەل،
كۆتەر بىزنى قىشتىمۇ باھار.

## ئېسىمدىمۇ

زىلال يالاپ ئۇپرىغان قىيا،
گىرۋەكلەردە خالسىز شېغىل تاش.
ساھىلدىكى يۇلغۇنلۇق دالا،
ئات يايلىدەك يېشىل چىملىق قاش.

خىلۋەتتىكى دۆۋە ـ دۆۋە قۇم،
بالىلىقتىن ئىز قالغان توقاي.
ئېسىمدىمۇ، ئېيتقىن ئالتۇنۇم،
ئېسىمدىمۇ بىز تونۇشقان جاي.

## بالىلار

كۆك قوينىدىن تۆكۈلەر لەرزان،
ئاق چېچەكتەك ئاپئاق ـ ئاپئاق قار.
چۇرقىرىشىپ ئوينار مۆكۈشمەك،
سەھرادىكى سەبىي بالىلار.

ئاق كېپەنگە مۆكۈنۈپ پىنھان،
ياتار بىغەم بىھوش داللار.
ھۇقۇيتىشىپ قوغلىشار توشقان
سەھرادىكى سەبىي بالىلار.

## كەچكۈز كېچىسى

مەست ئۇيقۇدا پۈتكۈل ھاياتلىق
شېرىن چۈشكە ھامىلدار زېمىن.
ناخشا ئېيتار تاتلىق، بەك تاتلىق،
كۈي ـ كۈيلىشىپ بەزەن ئىزغىرىن.

خىرە يانغان كۆكتىكى يۇلتۇز
مۈگدەلانغاندەك باقار مېھرىلىك.
ئېرىقلاردا ئاقار سۈزۈك سۇ،
قىياقلارغا لەۋ يېقىپ يېنىك.

بوشلۇقلاردا سەرسان يوپۇرماق
سۈكۈناتقا چۆمگەن دالا ـ ساي.
پەقەت ـ پەقەت خورازلار ئويغاق،
بەس ـ بەس بىلەن چىللايدۇ تىنماي.

ئەخمەتجان ئىسمايىل

# ياشلىق كۈيى

1

سىگنال بېرەر ئاتقان تاڭ مەنزىلىدىكى ئۇتتۇقتىن،
سوئاللارنى ئۇندەشكە ئايلاندۇرار ئارمانلار.

www.uyghurkitap.com

يۈرەكلەرنى سۆيمىدۇ قۇياش چىقىپ ئۈپۈقتىن،
چاچقۇ بولار نۇرلارغا شىجائەتلىك ئىمزالار.

ۋۇجۇدلاردا جاسارەت بويسۇندۇرار داۋاننى،
مەڭگۈ تاشتۇر ھاياتقا بۈركۈت كەبى پەرۋازلار.
زەبەردەسلىك كۆلدۈرەر ئۇسسۇلغا سىپىپ جاھاننى،
قەھ - قەھ ئۇرار ھەتتاكى شىۋىرغانلار، ئايازلار.

تۆكۈلگەن تەر نۇر بېرەر ئىجادلارنىڭ يولىغا،
ئىجتىماھاتتىن يارىلار تاڭدەك بۈيۈك كەشپىيات.
سۆيۈنۈش بار تەڭداشسىز زەپەرلەرنىڭ قوينىدا،
مېھنەتلەردىن تۆرەلگەن گۈزەل، ئىمزىگۇ بۇ ھايات.

سىگنال بېرەر ھەر كېچە سولغان ھەربىر ياپراقتىن،
غالىب بولغىن قۇت ئۈچۈن بىلمىكىنى تۈرگەنلەر.
نەۋرىلەرگە ئىمزالاردىن زەپەر كۈيى ئاڭلاتقىن،
ئەتىمىزنىڭ قۇياشى ياشلىقنى چىن سۆيگەنلەر!

2

نىگاھلاردا ئاتەش بار، ئوت چاچىدۇ يۈرەككە،
زەخمەك ئۇرار دىل تارغا ئۇماقىنە تەبەسسۇم.
ھاياجانلار يول قويماس دەقىقىلىك ھەيرەتكە
مۇھەببەتلىك قەسەملەر ئىپىتىلىدۇ زەپ مەسۇم.

مېھىر چاچقان بېقىشتا پەرىلەرنىڭ نازى بار،
ناخشا بولۇپ ئېيتىلار ئۆمۈردىكى ئارمانلار.
تەقدىرداشتۇر دىل سىرلار، تەقدىرداشتۇر خىياللار،
ساداقەتنىڭ باغرىدا تەۋرىنىدۇ جانانلار.

گىرەلىشەر يۈرەكلەر، گىرەلىشەر پاك لەۋلەر،
رەڭ بېرىدۇ ھاياتقا سۆيگۈ بىلەن يۈرگەنلەر.
سۇرۇلىدۇ مانانەدەك باتىناشتىكى ئەلەملەر،
بەختلىك بول، بەختلىك ياشلىقنى چىن سۆيگەنلەر!



# يالغانچى تۇسۇق

ئەخمەتجان قۇربان

(چاتما چۆچەك)

## ئېيىق مىنگەن پالۋان

كىچىكىمدە مومام دائىم ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بېرەتتى. قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە دائىم ئۇنىڭ چۆچەكلىرىگە بەنت بولۇپ، تۈن يېرىمىغىچە ئۇخلىمايتتىم. چۆچەكلەردىكى ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋەقەلەر ۋە خىيالىي دۇنيا بالىلىق تەسەۋۋۇرىمنى بېيىتىپ، زېھنىمنى ئاشۇراتتى. مومامنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ «يالغانچى تۇسۇق» دېگەن چۆچىكى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. مەن ئۇنى كېيىن ئۇكىلىرىمغا ۋە بالىلىرىمغا كۆپ قېتىم ئېيتىپ بەردىم. بۇ جەرياندا بۇ چۆچەكنىڭ قىسمەن يەرلىرى چۈشۈپ قالدى، قىسمەن يەرلىرى ئۆزگەردى، يېڭى تەپسىلاتلار قېتىلىپ، چۆچەكنىڭ مەزمۇنى بېيىپ باردى. بۈگۈن مەن بۇ چۆچەكنى كىچىك دوستلارغا — بالىلارغا ئېيتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىمەن. قۇلاق سېلىڭلار، كىچىك دوستلار، ئەمدى مەن چۆچىكىمنى باشلىدىم.

بۇرۇنقى زاماندا تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى كۆكدالا دېگەن يېزىدا تۇرسۇنجان ئىسىملىك بىر بالا ئۆتكەنىكەن، تۇرسۇنجاننىڭ ئاتا-ئانىسى خېلى ئۇزۇنغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ. كېيىن ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، ھەممىسى تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كېيىن تۇرسۇنجان تۇغۇلۇپتۇ. تۇرسۇنجاننىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يېتىپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە بالىسى ئۆلۈپ قالغاچقا، ناھايىتى يۈرەك ئالدى بولۇپ كەتكەنىكەن. شۇڭا يۇرتقا نەزىر بېرىپ، بالىسىنىڭ ھايات قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى تۇرسۇنجان قويۇپتۇ. تۇرسۇنجان ناھايىتى چىرايلىق ۋە ساغلام چوڭ بوپتۇ. تۇرسۇنجان بىر تاللا بالا بولغاچقا، ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ، ئۇنى ناھايىتى ئەركە چوڭ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇنجان 7—8 ياشقا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ھەدېسىلا بالىلار بىلەن سوقۇشۇدىغان، كىچىكلەرنى بوزەك قىلىدىغان، چوڭلارنى ئەخمەق قىلىدىغان بولۇۋاپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى بوغچىسىنى ئېلىپ

مەكتەپكە بارىمەن، دەپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، بوغچىنى ئۆستەڭ بويىدىكى كۆكتاتلار ئارىسىغا تىقىپ قويۇپ، بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە يۈرىدىكەن. ئەڭ ياماني ئادىتى — ئۇناھايىتى يالغانچىكەن. ئۇ يالغان گەپ تاپالماي قالغان چاغلىرىدا راست گەپ قىلمىسا، پۈتۈنلەي يالغان سۆزلەيدىكەن. شۇڭا ئۇنى مەھەللىدىكى بالىلار ئانچە ئارىسىغا ئالمايدىكەن. گەرچە ئۇنىڭ ئىسمى تۇرسۇنجان بولسىمۇ، ئاتا-ئانىسىدىن باشقا ھەممىلا ئادەم ئۇنى «يالغانچى تۇسۇق» دەيدىكەن. شۇڭا مەن چۆچەكىمىدىمۇ ئۇنى «تۇسۇق» دەپ ئاتايمەن.

تۇسۇقلارنىڭ كۆكدالا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يېزىسى ئىسمى-جىسمىغا لايىق كۆكدالا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى كۆز يەتكۈسىز يايلاقلار، سالا-سالا ئېتىزلار، قۇشلار چاقىلداپ سايراپ تۇرىدىغان بوستانلىقلار ۋە تۈرلۈك ھايۋانلار ياشايدىغان جاڭگاللىقلار ئوراپ تۇرىدىكەن. تۇسۇق بىر كۈنى تاڭ سەھەردىلا ئاتا-ئانىسىغا مەن مەكتەپكە بارىمەن، دەپ قويۇپ، بوغچىسىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ-دە، بوغچىسىنى يوشۇرىدىغان يەرگە قويۇپ، يىراقتىكى بىر ئورمانلىقنى كۆزلەپ ناخشىنى دوك ئېيتىپ مېڭىپتۇ.

مەھەللىدىكى ئادەملەر
مېنى بەكمۇ شوخ دەيدۇ.
ئەسلى ئىسمىم تۇرسۇنجان،
لېكىن مېنى ئادەملەر
يالغانچى تۇسۇق دەيدۇ.
ھاي، ھاي، ھاي،
يالغانچى تۇسۇق دەيدۇ.

ئۇ بۇ ناخشىنى تەكرار ئېيتقىنىچە ئالدى-كەينىگە قارىماي مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇ بىر چاغدا نېمىگىدۇر ئۇسۇۋېلىپ، ئوڭدىسىغا چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى پىرقىراپ كېتىپتۇ. ئۇ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، بايا ئۇسۇۋالغان نەرسىنىڭ ئىشتىھا بىلەن ئوتلاۋاتقان ئات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ-دە، غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— ھەي ئات، سەن نېمىشقا بىكاردىن ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتقان ئادەمنى ئۇسۇۋېتىسەن؟!

شۇ چاغدا ئات بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىرىماي سۆزلەپتۇ:

— ھوي، قانداق بالىسەن، بېشىمنى كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتسام ئۆزۈڭ بىر نېمىلەرنى غىڭشىغىنىڭچە كېلىپ قورسىقىمغا ئۇسۇۋېتىپ، يەنە مېنى ئەيىبلەيسەنغۇ!


— ھە، مۇنداق دېگىن، — دەپتۇ تۇسۇق ھەييارلىق بىلەن كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، — مەن تېخى سېنى ئۇسۇۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپتىمەن. بوپتۇ، خاپا بولما، مەنمۇ خاپا بولماي، — ئۇ كىيىملىرىنى قېقىشتۇرغاچ ئۆزىنى بىلەلمىگەن ھالدا «مەھەللىدىكى ئادەملەر يالغانچى تۇسۇق دەيدۇ» دەپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئات:

— سېنىڭ ئىسمىڭ تۇسۇق ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، مېنىڭ ئىسمىم تۇسۇق ئەمەس، بىزنىڭ مەھەللىدە كەچكىچە يالغان سۆزلەيدىغان شۇنداق ئىسىملىك بىر بالا بار، شۇنىڭغا ئاتاپ بىر قوشاق توقۇغانىدىم. ئېيتىپ بېرەي، ئاڭلاپ باقامسەن، — دەپتۇ تۇسۇق.

— ياق، بولدى، ئاڭلىمايلا قوياي، — دەپتۇ ئات پۇشقۇرتۇپ قويۇپ، شۇ چاغدا

تۈسۈقنىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە بىر خىيال كەپتۇ ـ دە، ئاتقا قاراپ ئالدىرىماي سۆزلەپتۇ:



— سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ سەن ئۆزۈڭ بۇ يەرلىك ئەمەس ئوخشىمامسەن؟ مەن سېنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. بىزنىڭ بۇ يايلاقتىكى ئاتلار بەك يۈگرۈك، مەن يۈگرۈك ئاتلارنى بىرلا قاراپ بىلىۋالالايمەن. سەن ئانچە يۈگرەلمەيدىغان ئاتتەك قىلىسەن. قارىسام پۇتۇڭ كالتە، بېشىڭ يوغان، كۆزلىرىڭ نۇرسىز تۇرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تۇرالماي قاپتۇ.

— سەن نەدىكى گەپنى قىلىپ يۈرىسەن؟ مەن مۇشۇ يايلاقتا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يايلاقتا چوڭ بولغان. بۇ يايلاقتا يۈگرەكلىكتە ماڭا تەڭ كېلىدىغان ئات يوق، — دەپتۇ ئات.

— مەن ئىشەنمەيمەن، سەن يالغان سۆزلەۋاتىسەن، سەنمۇ بىزنىڭ مەھەللىدىكى تۈسۈققا ئوخشاش يالغانچى ئوخشايسەن، — دەپتۇ تۈسۈق قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ.

— سەن ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەۋەرمىگىن، مەن يالغان سۆزلىگىنىم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن يالغانچىلارغا ئىنتايىن ئۆچ، — دەپتۇ ئات سەل تېرىكىپ.

— مىجەزىمىز ئوخشاشكەن. مەنمۇ يالغانچىغا ئۆچ، بىراق مەن سېنىڭ يۈگرەكلىكىڭگە ئىشەنمەيۋاتىمەن، سەن بەك يۈگرەيمەن دەۋاتىسەن، ئەمدى قانداق قىلساق بولار، — دەپتۇ تۈسۈق نېمە قىلارنى بىلەلمەيۋاتقان قىياپەتتە.

— ئۇنداقتا مەن ساڭا چېپىپ بەرسەملا بولامدىمۇ؟ — دەپتۇ ئات.

— شۇنداق، سەن ماڭا چېپىپ بەرسەڭ بولىدىكەن، — دەپ ئاتنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپتۇ تۈسۈق. ئات:

— ئەمىسە سەن ئوبدانراق قاراپ تۇرغىن، — دېگىنىچە چاپماقچى بولغاندا تۈسۈق ئۇنى توختىتىۋاپتۇ.

— بولمىغىدەك، بولمىغىدەك، مېنىڭ كۆزۈم بەك ئاجىز، بۇ يەردە تۇرۇپ يۈگرىگىنىڭنى كۆزەتسەم، تېز ياكى ئاستا چېپىۋاتقانلىقىڭنى بىلەلمىگىدەكمەن.

— ئەجەپ جىدىلىك تولا نېمىكەنسەن. ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ ئات. تۈسۈق قاتتىق ئويلىنىۋاتقان قىياپەتتە بىردەم تۇرۇۋېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھە، تاپتىم، تاپتىم، مەن ساڭا مىنىۋالاي، شۇ چاغدىلا سېنىڭ قانچىلىك چاپالايدىغانلىقىڭنى بىلىۋالالايمەن.

— ئۇنداق بولسا مىنىگىن، — دەپتۇ ئات.

— بىراق سەن سەل ئېگىزمۇ نېمە؟ پۇتلىرىڭمۇ خېلىلا ئۇزۇندەك قىلىدۇ. يېتىپ تۇرساڭ، مىنىۋالسام قانداق.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئات يېتىپ بېرىپتۇ، تۇسۇق ئاتقا مىنىپ ئۇنىڭ يايلىسىنى چىڭ تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، يىراقتىكى ئورمانلىقنى كۆرسىتىپ:

— ئاشۇ ئورمانلىققا قاراپ چاپقىن، — دەپتۇ.

ئات تۇسۇققا ئۆزىنىڭ تېز چاپالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە چېپىپتۇ. تۇسۇقنىڭ قۇلاقلىرى قاتتىق غۇڭۇلداپ كېتىپتۇ. ئۇ يايلاقتىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئاتنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئارانلا كۆرۈپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ باشلىرى قايغاندەك بولۇپ، كۆڭلى ئېلىشىپتۇ. شۇڭا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ئاتنىڭ يايلىسىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئات سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ توختاپتۇ. تۇسۇق شۇ چاغدىلا كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ ئورمانلىققا يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئاتتىن ئىتتىك سىيرىلىپ چۈشۈپتۇ.

— قانداق، تېز چاپالايدىكەنمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئات پۇشۇلداپ تۇرۇپ.

— ھەر ھالدا يامان ئەمەس چاپىدىغاندەك قىلىسەن، بىر قېتىم كۆرۈپلا بىر نېمە دېگىلى بولمىغىدەك، سەن مۇشۇ يەردە بىردەم ئوتلاپ تۇرغىن، مەن بىردەمدىن كېيىن كېلىمەن، — دەپتۇ تۇسۇق ۋە ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

تۇسۇق ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىدىپ سانسىزلىغان قۇشلارنىڭ چاقىلداپ سايرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇ چاغدا تۇسۇقنىڭ كاللىسىغا بۇ قۇشلار بىر ـ بىرىنى يېڭەلمەي، مۇشۇنداق توختىماي سايرىسا كېرەك، مەن ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ مۇسابىقىگە سېلىپ، قايسىنىڭ ئەڭ ياخشى سايرايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەي، شۇ چاغدىلا ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىشنى توختىتىشى مۇمكىن، لېكىن بۇلارنى قانداق قىلسام بىر يەرگە يىغالارمەن؟ ھە، ئېسىمگە كەلدى، مەن ئۆزەمنى قۇشلار شاھى بۈركۈتنىڭ كاتىپى، شاھ بۈركۈت مېنى ھەر قايسىڭلارنى مۇسابىقىگە سېلىپ، قايسىڭلارنىڭ ياخشى سايرايدىغانلىقىڭلارنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى دېمەمدىمەن. بىراق بۇلار توختىماي سايراپ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىسىچۇ؟ ھە، تاپتىم، تاپتىم، مەن مۇشۇ مەقسىتىمنى ناخشا قىلىپ، كۈچۈمنىڭ بارىچە ئېيتاي، دېگەن خىيال كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر دەرەختىكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تۆۋەندىكى قوشاقنى ئېيتىپتۇ:

مېنىڭ ئىسمىم تۇرسۇنجان،
مىنىپ كەلدىم ئات.
شاھ بۈركۈتكە كاتىپ مەن،
ئۆتەر كۈنۈم شاد.
ئەمدى سىلەر جىمىڭلار،
قىلماڭلار ۋات ـ ۋات.
شاھ بۈركۈتنىڭ بۇيرۇقى،
قالتىس مۆجىزات:
ناخشا ئېيتسا كىم قالتىس،
ئالار مۇكاپات.

قوشاقنى ئاڭلىغان قۇشلار باشتا جىمىپ كېتىپتۇ، كېيىن بۇ چوقۇم شاھىمىز بۈركۈتنىڭ كاتىپى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ تۇسۇقنىڭ ئالدىدىكى يوغان بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە يىغىلىپتۇ. تۇسۇق راستتىنلا شاھ بۈركۈتنىڭ كاتىپىدەك، كېسىۋېتىلگەن بىر

دەرەخنىڭ كۆتىكىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پۈتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇپتۇ-دە:

— ھەممىڭلار كېلىپ بولدۇڭلارمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— كەپ بولدۇق، — دەپتۇ قۇشلار.

— ئەمسە ھازىر مۇسابىقىمىزنى باشلايمىز، ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغانلىرىڭ ئالدى بىلەن ئېيتىش!

قۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى ناخشا ئېيتىشتا بۇلبۇلغا قايىل بولغاچقا، ئۇنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپتۇ.

بۇلبۇل ئەمدىلا ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتىكەن، تۇسۇق ئاچچىقلاپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— بولمايدۇ، بولمايدۇ، مۇشۇنىمۇ ناخشىچى دەپ چىقىرىپ قويۇشتىڭمۇ؟ — خىجىل بولغان بۇلبۇل قۇشلار توپىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

— قېنى، ئادەمنى تولا ئەخمەق قىلماي ناخشىنى ھەقىقەتەن ياخشى ئېيتىدىغانلىرىڭ ئالدىغا چىقىش!

قۇشلار توپى بىردەم ئۇيۇر-تۇيۇر بولغاندىن كېيىن، كاككۇك ئالدىغا چىقىپتۇ:

كاككۇك، كاككۇك
گۈلىستاننى تاپتۇق ...

— بولدى كاپشىما، سەنمۇ ئۆزۈڭنى ناخشىچى دەپ يۈرەمسەن؟ ھەي، توزۈكرەكلىرىڭ چىقىشاڭچۇ، مۇشۇنداق قىلىشىڭ مەن شاھ بۈركۈتكە نېمە دەپ بارىمەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ تۇسۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن قۇشلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئالدىغا چىقىپ ناخشا ئېيتىشقا پېتىنالماپتۇ. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ھۆپۈپ مەغرۇرانە ھالدا ئالدىغا چىقىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

ھۆپۈپۈپ - ھۆپۈپۈپ
گۈلدەك تاجىم بار.
قەھرىمان ۋە ئۇلۇغ
بۈركۈت ئاتام بار.
ھۆپۈپۈپ - ھۆپۈپۈپ
ئارزۇيۇم بەك كۆپ،
ئۆتسەم ئەبەتكە
بۈركۈت ئاتامغا
تازىم قىلىپ، باش ئېگىپ
ھەمدە تىز پۈكۈپ ...

تۇسۇق ھۆپۈپ ناخشىنى تۈگىتە-تۈگەتمەيلا، بارىكاللا، كارامەتكەن، كارامەتكەن! دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ ھەمدە قۇشلارغا قاراپ:

— قالغانلىرىڭ ئېيتمىساڭمۇ بولىدۇ، ئەتە مۇشۇ چاغدا مۇشۇ يەردە مەشھۇر ناخشىچىمىز ھۆپۈپنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھازىر تارقىلىپ ئەتە كېلىڭلار، — دەپتۇ. قۇشلار مەيۈسلەنگەن، ھەيران ۋە نارازى بولغان ھالدا ھەر تەرەپكە تارقاپ كېتىپتۇ. تۇسۇق ھۆپۈپتىن باشقا قۇشلارنىڭ ئورمانلىقتا ناخشا ئېيتىشىنى چەكلەپتۇ.

قۇشلار تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، تۇسۇق قورسىقىنىڭ ئېچىپ كوركىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ-دە، ئورمانلىقتىن چىقىپتۇ. ئۇ شۇ چاغدا ئورمانلىق بىلەن يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە چېچەكلىكتە بىر توپ ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ «بۇ يەردىكى چېچەكلەرنىڭ شىرنىسى قالماپتۇ، قانداق قىلساق بولار» دەپ زارلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ-دە، بىردىنلا كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ، «ھەي، ھەرىلەر، خۇشخەۋەر! خۇشخەۋەر!»

www.uyghurkitap.com

دېگىنىچە ھەرىلەرنىڭ يېنىغا قاراپ يۈگۈرەپتۇ. ھەرىلەر تۇسۇقنى تونۇمىسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە، خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلگەنـ لىكىگە قىزىقىپ قاپتۇ.

— ھە، مېھمان نېمە خۇشخەۋەر ئەكەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ھەرىلەرنىڭ پادىشاھى.

— سىلەرنىڭ بۇيەردە تۈزۈك چېچەكمۇ يوقكەن، بار چېچەكلەرنىڭمۇ شىرنىسىنى شوراپ بولۇپسىلەر، كۆردۈڭلامۇ؟ — تۇسۇق قولى بىلەن يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئورمانلىقنى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — ئەنە ئاشۇ ئورمانلىقـ تىن ئۆتسەڭلار رەڭگارەڭ چېچەكلەر، پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر، يېڭىدىن گۈل ئاچقان ئاپتاپپەرەسلەر شۇنداق كۆپ، بۇ يەردە ئاۋارە بولۇپ يۈرگىچە ئاشۇ يەرگىلا بارساڭلار بولمامدۇ.

— بۇ ھەقىقەتەن خۇشخەۋەركەن، ھەممىمىز شۇ يەرگە بارساق بولغىدەك، بىراق بۇ يەردە ئازراق ھەسەل بار ئىدى، ئۇنىڭغا قارايدىغانغا بىر نەچچەيلەننى قالدۇرۇپ قويسام بولغىدەك، — دەپتۇ ھەرىلەرنىڭ پادىشاھى كىچىككىنە ساندۇقـ نى كۆرسىتىپ.

— بىرىڭلار كۆپ بارساڭلار ھەسەلنى بىر ئۇلۇش كۆپ ئەكىلىسىلەر، مېنىڭچە، ھەممىڭلارنىڭ بارغىنى تۈزۈك، مېنىڭمۇ باشقا ئىشىم يوق. سىلەر كەلگىچە ھەسىلىڭلارغا مەن قاراپ تۇراي، — دەپـ تۇ تۇسۇق.

— بولىدۇ ئەمسە، رەھمەتنى سىزگە كېيىن ئېيتىۋالارمىز، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، — ھەرىلەر پادىشاھى شۇنداق دېگىنىچە ھەرىلەرنى باشلاپ

تۇسۇق كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. تۇسۇق كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇپ، ئەتىگەندە يانچۇقىغا سېلىۋالغان ناننى ئېلىپ ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ مىڭبىر مۇشەقـ قەتتە يىغقان ھەسىلىگە مىلەپ، مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. تۇسۇقنىڭ قورسىقى ئەتىگەندىن بېرى ناھايىتى ئېچىپ كەتكەچكە، نان بىلەن ساندۇقتىكى ھەسەلنى پاك ـ پاكىز يەپ بوپتۇ. ئۇ قۇرۇقدالغان ساندۇقچاقنى بىر ياققا تاشلاپ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇراي دەۋاتقانـ دا، يېقىنلا يەردىن بىر قارا ئېيىقنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، خۇددى پوستا تۇرۇۋاتقان ئەسكەردەك ئۆزىنى رۇسلاپ تىك تۇرۇپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئېيىق يېتىپ كەپتۇ ـ دە، تۇسۇقـ نىڭ بۇ يەردە جىمجىت تۇرۇپ كەتكىنىگە ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:



— ھەي بالا، ھەرىلەرنىڭ ماكانىدا

نېمە، قىلىپ يۈرۈسەن؟

تۇسۇق ئېيىقنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك:

— ھە ئېيىقمۇ سەن، ھەسەل ھەرىلىرى ئۆيۈمگە قاراپ بەرسەڭ ساڭا ناھايىتى جىق ھەسەل ئەكىلىپ بېرىمىز دېيىشكەنىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ بېرىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇلارنىڭ ھەسىلىدىن بارمۇ ـ يوق؟ — دەپ سوراپتۇ ئېيىق تومشۇقلىرىنى يالاپ تۇرۇپ.

— ھازىر يوق، بىراق بۈگۈن ئۇلارنىڭ ھەسەل يۆتكەپ كېلىدىغان كۈنى، لېكىن مېنىڭ مۇھىم ئىشىم باردى. كۆپ ساقلىيالمايدىغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ تۇسۇق.

— ئۇنداق بولسا بۇ يەرگە كىم قارايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئېيىق.

— مەنمۇ بىرى كەپ قالسىكەن دەپ تۇراتتىم، باشقا ئىشىڭ بولمىسا مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ماڭا بېرىدىغان ھەسىلىنى سەنلا ئالمامسەن؟ — دەپتۇ تۇسۇق.

— مېنىڭمۇ باشقا ئىشىم يوق، سېنىڭ ئورنۇڭدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ تۇرسام تۇراي، — دەپتۇ ئېيىق يەنە تومشۇقلىرىنى يالاپ.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دەپتۇ تۇسۇق ۋە يايلاق تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ.

تۇسۇق بايا ئاتتىن چۈشكەن يېرىگە كېلىپ، ھېلىقى ئاتنىڭ تېخىچىلا ئۆز جايىدا ئوتلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قاپتۇ ـ دە، ئۆزىنى تۇتالماي سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— سەن ھەقىقەتەن يالغان سۆزلىمەيدىغان ئاتكەنسەن جۇمۇ، تېخىچىلا ساقلاپ تۇرغان ئوخشىمامسەن؟

— شۇنداق، — دەپتۇ ئات تۇسۇقنى كۆرگەندىن كېيىن، — ئەجەب كېچىكىپلا كەتتىڭغۇ؟

— ھەي، ساڭا نېمە دېسەم بولار. بۇ ئورماننىڭ ئىچىگە كىرىپ باقمىغانىدىم، كىرىپلا قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا مەپتۇن بولۇپ مېڭىۋېرىپتىمەن، بىر چاغدا قايسى ياقتىن كەلگەنلىكىمنىمۇ بىلەلمەي قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، ئورماندىن ئاران چىقىۋالدىم، بايا سەن يامان ئەمەس چاپتىڭ جۇمۇ، ئەنە شۇ ئورمانغا قاراپ، — ئۇ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ مەھەللىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — يەنە بىر چاپساڭ سېنىڭ ھەقىقەتەن بەك چاپىدىغانلىقىڭغا قايىل بولۇشۇم مۇمكىن.

ئات يەنە يېتىپ بېرىپتۇ. تۇسۇق ئاتقا مىنىپ، ئۇنىڭ يايلىسىنى چىڭ تۇتۇۋاپتۇ. ئات تۇسۇق كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپتۇ. يەنە، بايىقى ھالەت تەكرارلىنىپتۇ. تۇسۇق يەنە كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋاپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئات سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ توختاپتۇ. تۇسۇق ئاتتىن چۈشۈپ:

— قول قويدۇم، قول قويدۇم، سەن ھەقىقەتەن بەك چاپىدىغان ئاتكەنسەن، رەھمەت ساڭا، — دەپ قويۇپ مەھەللىسىگە قاراپ تېز يۈگۈرۈپتۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى تۇسۇق مەھەللىدىكى بالىلار يىغىلىدىغان كۆۋرۈك بېشىدا بالىلارغا بۈگۈنكى قىلغان ئىشلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بەرىنى ئون قىلىپ ھېكايە قىلىپ-
تۇ. بالىلارنىڭ كىچىكرەككىلىرى ئۇنىڭ گې-
پىگە ئىشىنىپ ھەيران قالغان بولسىمۇ،
چوڭراقلىرى سەن يەنە يالغانچىلىقىڭنى
قىلىۋاتىسەن، دەپ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەن-
مەپتۇ. تۇسۇق ئۇلارغا قايناپ تېرىكىپ
كېتىپتۇ:

— قاراپ تۇرۇش، بىر كۈنى ئەمەس
بىر كۈنى ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى
بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام!

تۇسۇقنىڭ توختىماي ئۆزىنى ماخ-
تاشلىرىدىن زېرىككەن بالىلار ئاستا -
ئاستا ئۆيلىرىگە تارقاپ كېتىپتۇ ...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كې-
يىن، تۇسۇقتا مەن بىر ئامال قىلىپ ھې-
لىقى ئېيىقنى ئالداپ مىنىپ مەھەللىگە
كېلىپ، بۇ نېمىلەرگە ئۆزۈمنى بىر كۆر-
سىتىپ قويمايمۇ، دېگەن ئوي تۇغۇلۇپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ھېلىقى ئېيىق چوقۇم
ھەسەل ھەرىلىرى بار يەردە، مەن ئۇنى
مىنىپ كېلەي دەپ يولغا چىقىپتۇ.

تۇسۇق ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ماكا-
نىغا يېتىپ كەلگەندە، ھەسەل ھەرىلىرى
جاپالىق ئەمگەكتىن چارچاپ ئەمدىلا
ئارام ئېلىۋاتقانىكەن. تۇسۇق ئۇلارغا
قاراپ:

— سالام ھەرىلەر، مەن يەنە كېپ
قالدىم، — دەپتۇ. تۇسۇقنى كۆرگەن ھە-
رىلەر پادىشاھى غەزەپكە كەلگەن بولسى-
مۇ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— كەل مېھمان، كەل، — دەپ قو-
يۇپتۇ. تۇسۇق كۆرەڭلىگەن ھالدا ھەرى-
لەرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سىلەر مۇشۇ ئەتراپتا بىر قارا
ئېيىقنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆردۈق، كۆردۈق، ئۇ سېنىڭ
دوستۇڭمىدى؟

— شۇنداق، دوستۇم ئىدى ...

تۇسۇقنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا
ھەرىلەر ئۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپتىن ئېتى-
لىپ كېلىپ، باش - كۆز، بىلەكلىرىگە
نەشتەرلىرىنى تىقىپتۇ. تۇسۇق يەرياد
كۆتۈرگىنىچە سەكرەپ دومىلاپ كېتىپتۇ.
ھەرىلەرمۇ تەرەپ - تەرەپتىن نەشتەرلى-
رىنى توختىماي تىقىۋېرىپتۇ. تۇسۇقنىڭ
ئاۋازى ئاستا - ئاستا ئۆچۈپتۇ. ئۇ خې-
لى ئۇزۇندىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ.
ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى ئىششىپ، خۇددى
پومزەكتەكلا بولۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئور-
مانلىقتىن بۈركۈت باشچىلىقىدا بىر توپ
قۇش ئۇچۇپ چىقىپتۇ. قۇشلاردىن بىرى:

— ئەنە، شاھىمىزنىڭ كاتىپىمەن،
دەپ بىزنى ئەخمەق قىلغان ھېلىقى بالا
ئاۋۇ يەردە ئولتۇرىدۇ، — دەپتىكەن، بۇ-
نى ئاڭلىغان بۈركۈت دەرغەزەپكە
كېلىپ:

— ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى، — دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن قۇشلار تەرەپ - تەرەپ-
تىن ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆز-
لىرىنى چوقۇلاپ يېغىر قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ
يۈز - كۆزلىرىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىۋات-
قانلىقىغا چىدىيالماي، ياپلاقنىڭ ئوتتۇ-
رىسىنى كېسىپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ
قېچىپتۇ. ئۇ، قۇشلارنىڭ ھۇجۇمىدىن
قۇتۇلۇپ، پايپاسلاپ قېچىپ كېتىپ بار-
غاندا، «بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەن-
دەك ئۇنىڭ ئالدىغا ھېلىقى قارا ئېيىق
ئۇچراپ قاپتۇ.

— ھەۇ يالغانچى كازاپ، تۇتتۇل-
دۇڭمۇ؟! بۈگۈن سەن بىلەن ئوبدانراق


ھېسابلاشمىسام بولمىدى. سەن مېنى ئالداپ ھەرلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراتتىڭ، مەن بۈگۈن سېنىڭ قارنىڭنى يېرىۋەتمەيدىغان بولسام، — دەپتۇ ئېيىق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، تۈكلىرىنى ھۈرپەيتىپ تۇرۇپ.

— ئاچچىقىڭنى بېسىۋالغىن، ئېيىقجان، مەنمۇ سېنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، ئۇ چاغدا ھەرلەر سېنىڭ مېنىڭ دوستۇم ئىكەنلىكىمنى بىلمەي قاپتۇ. كېيىن ھەرلەرنىڭ ساڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ ئاچچىقىم كەلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار، گۇناھىمىزدىن ئۆتكىن، دەپ مېنى ھەر كۈنى ئەڭ ئېسىل ھەسەللىرى بىلەن بېقىۋاتىدۇ. ئۆزۈڭمۇ كۆرۈۋاتىدىغانسەن، ھەسەلنى تولا يەۋېرىپ تېرەمگە پاتمايلا قالدىم. ھەسەلمۇ بەك جىق يېسە، بولمايدىغان نەرسە ئوخشايدۇ، شۇڭا مايلىرىمنى ئاققۇزۇۋېتەي، دەپ يۈزلىرىمگە ياغاچ تىقىپ، مانا مۇشۇنداق قىلىۋەتتىم. شۇنداق قىلساممۇ ھېچ ئورۇقلىمايۋاتىمەن، مەن سېنىڭدىن ئەپۇ سوراش ئۈچۈن، ساڭا ئاتاپ يوغان كومزەكتە ھەسەل ئېلىپ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويغانتىم، سېنى ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ شۇنداق يولۇڭغا قارىدىم، مانا بۈگۈن ئۇچراپ قالدىڭ، بۈگۈن سەن مەن بىلەن بىللە بىزنىڭ مەھەللىگە بېرىپ ھەسەلىڭنى ئېلىۋالغىن، — دەپتۇ تۇسۇق مۇغەمبەرلىك بىلەن.

يوغان بىر كومزەك ھەسەل، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئېيىقنىڭ غەزىپى پەسىيىپ، شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇسۇققا قاراپ:

— ماقۇل، چاپسانراق بېرىپ ھەسەلنى ئەكەلىۋالايلى، — دەپتۇ.

— ھەي، مۇشۇ سېمىزلىك دېگەنمۇ بولمايدىكەن، ھازىر مەن تۈزۈكرەك يولمۇ ماڭالمايدىغان بولۇپ قالدىم. خاپا بولمىساڭ ساڭا مىنىۋالسام، مەھەللىگە چاپسانراق بارساق قانداق.



كۆزىگە ھەسەلدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيۋاتقان ئېيىق تۇسۇقنىڭ گېپىگە ماقۇل بولۇپتۇ. ئېيىققا مىنىپ بايىقى كېلىشمەسلىكلەرنى ئۇنتۇپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان تۇسۇق خۇشال ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

مەھەللىدىكى ئادەملەر
مېنى بەكمۇ شوخ دەيدۇ.
بۇ دۇنيادا تۇسۇقتەك
باتۇر، پالۋان يوق دەيدۇ.

ھەسەل يېيىش خۇمارى تۇتقان ئېيىق پۈتۈن كۈچى بىلەن چېپىپ، بىردەمدىلا مەھەللىنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا تۇسۇقنىڭ ئاغىنىلىرى مەھەللىنىڭ چېتىدىرەك ئويناۋاتقانىكەن، ئۇلار ھەيران بولۇپ ۋە قورقۇپ چۇرقىرىشىپ، مەھەللە ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا تۇسۇق ئېيىقنى توختىتىپ:

— سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، مەن كومزەكنى ساڭا ئەكىلىپ بې-

www.uyghurkitap.com

رەي، بولمىسا مەھەللىدىكى ئوۋچىلار سا-
ڭا زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن، —
دەپتۇ-دە، يوگۇرگىنىچە مەھەللە ئىچىگە
كىرىپ كېتىپتۇ. نەپىسى تاقىلداپ كەت-
كەن ئېيىق خېلى ئۇزۇنغىچە ساقلاپ
تۇسۇق كەلمىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ
يەنە ئالدانغانلىقىنى سېزىپتۇ. ئۇ ناھا-
يىتى غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، نېمە قىلا-
رىنى بىلەلمەي كېتىپ قاپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە مەھەللىدىكى با-
لىلار تۇسۇقنى ئارىسىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇ-
نىڭ ئېيىقنى قانداق مىنىۋالغانلىقىنى
سۆزلەپ بېرىشكە قىستاپ تۇرۇۋاپتۇ. تۇ-
سۇق ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلەپ
كېتىپتۇ:

— ئورمانلىق ئىچىدە خىيال بىلەن
كېتىپ باراتتىم، تۇيۇقسىز كەينىمگە
بىر نەرسە ئېسىلغاندەك بولدى، شارتتى-
دە بۇرۇلۇپ قارىسام بايا سىلەر كۆرگەن
شۇ ئېيىق، ماڭا خىرىس قىلىپ تۇرۇپتۇ.
باشتا ئانچە تەييارلىقىم بولمىغاچقا،
ھودۇققىنىمدىن يىقىلىپ ئاستىغا چۈشۈپ
قالدىم. شۇ چاغدا يۈز-كۆزلىرىنى تاتى-
لاپ مانا مۇشۇنداق قىلىۋەتتى، — ئۇ
يۈزىدىكى بايا قۇشلار چوقۇغان جايلارنى

بالىلارغا كۆرسىتىپتۇ، — شۇنىڭ بىلەن
دەر غەزەپكە كېلىپ قاتتىق ۋارقىراپ
بىر كۈچەپلا ئۇنى ئاستىمغا بېسىۋېلىپ
كارنىيىنى سىقىپ، قورسىقىغا تىزلاۋەر-
دىم. بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن
ئېيىق «مېنى كەچۈرگىن، مېنى كەچۈر-
گىن، ساڭا بىلمەي چېقىلىپتىمەن، بىر
قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن» دەپ ۋار-
قىراپلا كەتتى. مەن ئۇنىڭ قورسىقىغا
يەنە بىر نەچچىنى تىزلىۋەتكەندىن كې-
يىن كارنىيىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ
«ئەمىسە ئۈستۈڭگە مىندۈرۈپ مەھەللىگە
ئاپىرىپ قوي» دېسەم ماقۇل بولدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا مىنىپ، بايا سى-
لەر كۆرگەندەك خاتىرجەم مەھەللىگە
كېلىۋالدىم.

باياتىن بېرى تۇسۇقنىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ ئۈن-تىنسىز ئولتۇرغان بالىلار
بىردىنلا «بارىكاللا، بارىكاللا، ئېيىق
مىنگەن پالۋان!» دەپ ۋارقىرىشىپ
كېتىپتۇ.

مومام چۆچەكنى مۇشۇ يەرگە كەل-
گەندە «جېنىم قوزام، ئەمدى ئۇخلىغىن،
قالغىنىنى ئەتە ئېيتىپ بېرەي» دەپ
توختىتىپ قويغانىدى.

## تۇسۇقنىڭ توشقان يوقلىشى

توشقاننىڭ مىجەزى تۇسۇقنىڭ
مىجەزىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇ ئىن-
تايىن قورقۇنچاق بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ
قورقۇنچاقلىقىنى يوشۇرۇپ، ھەمىشە
پو ئېتىپلا يۈرىدىكەن. ئۇ بەزىدە
«مەن تۈنۈگۈن يايلاقتا ئويناپ ھېرىپ
كېتىپ قايتىپ كېلىۋاتسام يولۋاس ئۇچ-

راپ قالدى، مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆي-
گىچە مىنىپ كەلدىم» دېسە، بەزىدە
«ئالدىنقى كۈنى ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ
كېتىپ بارسام شىر بىخارامان ئۇخلاۋات-
قان ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بۇرۇتىنى تار-
تىپ ئويغىتىۋەتتىم. ئۇ ئويغىنىپ، ئە-
گەر سەندىن باشقىسى بولغان بولسا

قىيما ـ چىيما قىلىۋېتەتتىم، دەپ غودۇڭ-
شىپ كەتتى» دەپ پو ئاتىدىكەن. تۇ-
سۇق بىلەن توشقان بىرگە بولۇپ قالغان
چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئاتىدىغان پولىرى
تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى تۇسۇق بىلەن توشقان
يايلاقنىڭ بىر تەرىپىدە ئۇچرىشىپ قاپ-
تۇ-دە، يەنە بەس ـ بەس بىلەن پو ئاتقى-
لى تۇرۇپتۇ.

— تۈنۈگۈنكى يامغۇردا خېلى جاپا
تارتقانسەن، توشقانجان، ئۇ يامغۇرنى
مەن ياغدۇرغان، قارىسام يايلاقتىكى گۈل-
گىياھلار ئۇسسۇزلۇقتىن نېمە قىلارىنى
بىلەلمەي ۋاي داتلىغىلى تۇرۇپتۇ، گى-
ياھلارنىڭ پادىشاھى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە
دوستلۇقىمىز بار ئىدى. تۈنۈگۈن يايلاق-
تىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسام گىياھلار پا-
دىشاھى مىڭلىغان ھۆرمەت قاراۋۇلىنى
ئالدىغا سەپ ـ سەپ قىلىپ تىزىپ، ھۆر-
مەت مۇزىكىلىرىنى ياڭرىتىپ، ھۆرمەت
توپلىرىنى ئاتقىنىچە ئالدىمغا يېتىپ
كەلدى. مەن بۇ ئىشنىڭ مەن بىلەن
ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىسا كېرەك،
دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي پەر-
ۋاسىز كېتىۋېرىپتىمەن، بىر چاغدا قا-
رىسام شاھ ئالدىمنى توسۇپ تەزىم قىل-
غىلى تۇردى. بۇ ئىش مېنى بەكلا تە-
مىرىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن شاھنى
ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، نېمە ئىش ئىكەن-
لىكىنى سورىدىم. شاھ يىغلامسىراپ تۇرۇپ:

— ئۇزۇندىن بېرى يامغۇر ياغماي
قول ئاستىمدىكىلەر قىيىن كۈنگە قالدى.
مەن سىزنىڭ يامغۇر ياغدۇرالايدىغان
كارامىتىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن.
قەدىناسلىقىڭنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ بىز-
نى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرسىڭىز، —
دېگىنىچە، يېلىنىپ يالۋۇرۇپ
تۇرۇۋالدى. ئىچىم ئاغرىپ، ئۇ-
لارنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدۇم. شۇ چاغدا
ئۇلارنىڭ ھۆرمەت توپى تېخىمۇ كۆپ
ئېتىلىپ، ئالقىش سادالىرى پەلەككە
يەتتى. مەن يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن
ئورمانلىقنىڭ يېنىدىن بىر قارا ئېيىقنى
تۇتۇۋېلىپ دەرياغا چىلاپ، قورسىقىغا
بىرنى تەپكەنىدىم. ئۇ خۇددى توپتەك
قاڭقىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى ـ دە، بىر
پارچە قارا بۇلۇتقا ئايلاندى. شۇنىڭ
بىلەن شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باش-
لىدى. گۈل ـ گىياھلار خۇشاللىقىدىن
يايراپ كەتتى، — دەپ پو ئېتىپتۇ
تۇسۇق.

— يامغۇر ياغدۇرۇش دېگەن قان-
چىلىك ئىشتى، — دەپتۇ توشقانمۇ بوش
كەلمەي، — بۇلتۇر دەل مۇشۇ چاغلاردا
ياققان مۆلدۈر ئېسىڭىزدىدۇ، شۇ چاغدا
يايلاقنىڭ ھاۋاسى بەك ئىسسىپ كەتكەنى-
دى. قانداق قىلسام ھاۋانى سوۋۇتالار-
مەن دەپ ئويلىنا ـ ئويلىنا ئاخىرى،
مۆلدۈر ياغدۇرسام بولمىدىمۇ، دېگەن
خىيال كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇشلار
شاھى بۈركۈتنى تۇتۇۋالدىم. مەن ئۇنى
قورقىتىپ تۇرۇپ:

— ئەگەر بۈگۈن قۇشلارنىڭ ھەممى-
سىنى يىغىپ ماڭا خىزمەت قىلدۇرمايدى-
دىغان بولساڭ قولۇمدىن ساق قۇتۇلمەيسەن،
دەپ ئويلىما، — دېدىم. بۈركۈت قورقى-
نىدىن تىترەپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ، بولىدۇ، قانداق تەلى-
پىڭىز بولسا ئورۇنداشقا مەن تەييار، —
دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۈركۈت ھەممە

www.uyghurkitap.com

قۇشلارنى يىغىپ كەلدى. مەن قۇشلارغا ئاشۇ تاغنى كۆرسىتىپ قويدۇم ۋە ئۇلارغا:

— ھەممىڭلار ئاشۇ مۇز تاغقا قاراپ ئۇچۇسلەر، نېمە قىلىدىغىنىڭلارنى بارغاندىن كېيىن دەيمەن، — دېدىم. مەن بۈركۈتكە مىنىپ، قۇشلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئاشۇ مۇز تاغقا قاراپ ئۇچتۇم، خېلى ئۇزۇن ئۇچقاندىن كېيىن، ھېلىقى ھەيۋەتلىك مۇز چوققىغا يېتىپ كەلدىم. مۇز چوققا كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى. مەن قۇشلارنى يىراقراق تۇرغۇزۇپ قويۇپ، قاتتىق نەرە تارتقىنىمچە مۇز چوققىغا بىر پەشۋا ئاتتىم. شۇ چاغدا مۇز چوققا كۇكۇم-تالقان بولۇپ كەتتى. مېنىڭ بۇ كارامىتىمنى كۆرگەن قۇشلار ھەيران قالدى. ئۇلارغا:

— ھاڭۋېقىپ تۇرماي، ھەممىڭلار بىر تالدىن مۇز پارچىسىنى چىشلەپ بىزنىڭ يايلاققا ئاپىرىپ تاشلاڭلار، — دېدىم. شۇنىڭ بىلەن قۇشلار مۇز پارچىلىرىنى چىشلەپ، يايلاققا قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى ...

توشقان بىلەن تۇسۇق شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇنغىچە پو ئېتىشىپ، ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ يولىغا راۋان بولۇشۇپتۇ.

بىر كۈنى يايلاقنىڭ يېنىدىكى قومۇشلۇقتا تۇيۇقسىزلا بوران چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا توشقان ئاشۇ قومۇشلۇقتا ئوينىۋاتقانىكەن. بوراننىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ۋە قومۇشلۇقنىڭ قاتتىق شىلدىرلىشىدىن ھاسىل بولغان كۈچلۈك شاۋقۇن توشقانغا ئىنتايىن ۋەھىمىلىك ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ، ھەي، بۈگۈن ئاسمان ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان بولدى. قانداق قىلسام بولار، دەپ قورقۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ قېچىپ قومۇشلۇقنىڭ قەيىرىگە بارمىسۇن، ھېلىقى ۋەھىمىلىك ئاۋازنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلالماپتۇ. ئۇ يەنە مېنى قورقۇنچلۇق بىرەر مەخلۇق قوغلاۋاتقان بولسا كېرەك، بولمىسا ئۇنىڭ ئاۋازى مەن نەگە بارسام شۇ يەردە ئاڭلىنامتى؟ مەن ئۇنىڭغا تۇتۇق بەرمەسلىكىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ-دە، تېخىمۇ قاتتىق يۈگرەشكە باشلاپتۇ، بىراق ھېلىقى ۋەھىمىلىك ئاۋازدىن يەنىلا قۇتۇلالماپتۇ. ئۇ ناھايىتى ھالسىزلىنىپ كەتكەچكە، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، دەپ سونايلىنىپ يېتىپتۇ. باياتىن بېرى توشقاننىڭ بىكاردىن-بىكار چېپىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن تۇسۇق ناھايىتى ھەيران بولغانىكەن. دەل شۇ چاغدا بوران توختاپتۇ. تۇسۇقمۇ توشقاننىڭ يېنىغا قاراپ مېڭىپتۇ. توشقان بايىقى ۋەھىمىلىك ئاۋازنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ ساق قالغانلىقىغا يۈزمىڭ شۈكرى قىلىپتۇ. شۇ چاغدا توشقاننىڭ قۇلىقىغا:

— ھەي توشقان، ساڭا نېمە بولدى؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. توشقان بۇ تۇسۇقنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن قاتتىق خىجىل بولۇپتۇ ۋە چاقماق تېزلىكىدە ئويلىنىپ، ئۇ خىجىللىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تېپىپتۇ-دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەي، تۇسۇقمۇ سەن؟ باياتىن بېرى تاماشىنى كۆرۈپ تۇرغىنىچە

ياردەملەشسەڭ بولماسمىدى، بايا بوران ئىلاھىي كەپتىكەن، ئۇ «يەر شارىنى ئۈكتەي - توكتەي قىلىۋېتىمەن» دەپ ھەيۋە قىلغىلى تۇردى. ئۇنىڭ بۇ مۇتىھەملىكىگە پەقەت چىداپ تۇرالمىدىم. باشتا ياۋاشراق گەپ قىلسام پەقەت ئاڭلاي دېمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولدۇم ... تۇتۇشۇپ قالدىم، ئۇمۇ خېلى يامان نەرسىكەن، مەن بىر مۇشت قويسام، ئۇمۇ بىر مۇشت قويۇپ، مېنىمۇ خېلىلا ھاردۇرۇپ قويدى. شۇڭا ئۇزۇندىن بېرى ئىشلەتمەي كېلىۋاتقان گۇمپامنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئاشۇ گۇمپىنى ئىشلىتىشىم بىلەنلا ئۇ ئالدىمغا چۈشۈپ، قۇيۇندەك پىرقىراپ قېچىشقا باشلىدى. نېمىلىكىم بولسۇن، مەن ئۇنى سۈر توقاي قىلىپ قوغلاپ چىقاردىم. بىراق ئۇ باشتا كۆكرىكىمنى كېرىپ بىر مۇشت سالغانىدى، يۈرىكىم بەك ئاغرىپ كېتىپ بارىدۇ. ئۆزەممۇ بەك ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپتىمەن. خاپا بولماي مېنى كۆتۈرۈپ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويساڭ، مەن راستتىنلا بولالمايۋاتىمەن، — دەپتۇ توشقان تۇسۇققا قاراپ. توشقاننىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلگەن تۇسۇق نېمىنىدۇر كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ - دە:

— بوپتۇ توشقانجان، سەن ئۈچۈن جان بېرىشكىمۇ تەييارمەن، — دېگىنىچە توشقاننى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. توشقان يولبويى ئىنجىقلاپ ۋاي - ۋايلاپتۇ. تۇسۇق ئۆزىنىڭ يېڭى-يېڭى پىلانلىرى ئۈستىدە چۆت سوقۇپ مېڭىپتۇ. تۇسۇق توشقاننى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، كارىۋىتىغا ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپتۇ، لېكىن توشقان «ۋاي، بولالمايۋاتىمەن!» دەپ قاتتىق ئىڭراشقا باشلاپتۇ. تۇسۇق توشقاننىڭ باش - كۆزىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن، «پاھ، پاھ، قىزىتمىلىق ئۆرلەپ كېتىپتۇ. مەن ئۆچكە دوختۇرنى باشلاپ كېلەي، سەن بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرغىن» دەپتۇ - دە، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

تۇسۇق ئۆچكە دوختۇرنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۇ ھاۋانچىدا نېمىنىدۇر سوقۇۋاتقانىكەن، ئۆچكە دوختۇر تۇسۇقنى كۆرۈپ كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ:

— ھە، شاكىچىك، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۇسۇق ھاسىرىغان ھالدا ئالدىراپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— يۇقىرىقى مەھەللىدىكى بوز توشقاننىڭ كېسىلى ئېغىركەن، بۈگۈن ئۇلارنىڭ مەھەللىسى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرسەم ئۇ خۇددىنى بىلمەي يېتىپتۇ. باش - كۆزىنى تۇتۇپ كۆرسەم قىزىتمىسى ناھايىتى ئۆرلەپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ئېغىر كۆرمىسىڭىز ھازىرلا بېرىپ ئۇنىڭ كېسىلىنى بىر كۆرۈپ باقسىڭىز.

— ھە، يۇقىرىقى مەھەللىدىكى بوز توشقان دېدىڭمۇ؟ مەن ئۇنى ھەر ھالدا تونۇيمەن، بۈگۈن مۇھىم ئىشىم بار ئىدى، بوپتۇ، بېرىپ كېسىلىنى كۆرۈپ قوياي، — ئۆچكە دوختۇر شۇنداق دەپ كۆزەينىكىنى قايتا تاقاپ، ئاق خالىتىنى كىيگەندىن كېيىن، سومكىسىغا ئۈسكۈنە - ئەسۋاب، دورا - دەرمەكلىرىنى سېلىپ تۇسۇقنىڭ كەينىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئالدىراپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار توشقاننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، توشقان تېخىچىلا ئېڭراپ ياتقانىكەن، ئۆچكە چاققانلىق بىلەن سومكىسىنى قويۇپ، ئۇنىڭدىن دوختۇرلۇق ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ، توشقاننىڭ كېسىلىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئالدىرىماي سۆزلەپتۇ:

— ئەنسىرىگىدەك ئىش يوق. قارىغاندا، توشقان بىر نەرسىدىن بەكرەك قورقۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. يۈرىكى بىرئاز قوزغىلىپ قاپتۇ. مەن دورا قىلىپ بېرەي، مۇشۇ دورىنى ئىچىپ بىرەر ھەپتە يېتىپ ئوبدان ئارام ئالسىلا ساقىيىپ كېتىدۇ.

توشقان ئۆز سىرىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەك يېتىۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئۆچكە دوختۇر قىزىقچىلاردەك سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— بوز توشقاننىڭ دادىسى رەھمەتلىكمۇ ناھايىتى قورقۇنچاق بولىدىغان، بەزىدە ئۆزىنىڭ شەپىسىدىن ئۆزى قورقۇپ كېسەل بولۇپ قالىدىغان، شۇ چاغدىمۇ مەن ئۇنى مۇشۇ دورا بىلەن داۋالايدىغان. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن ناھايىتى بىزار بوپتۇ ۋە خۇدايىم نېمىشقىمۇ ماڭا چوڭراق يۈرەك بەرمىگەن بولغىيدى، كۈنۈم ھەمىشە قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتىۋاتىدۇ. مەن بىر كۈنمۇ خاتىرجەم ياشىيالمايۋاتىمەن، بۇنداق ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم تۈزۈك، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، كۆلگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلىۋالماقچى بولۇپ، كۆل بويىغا بېرىپتۇ، ئۇنىڭ شەپىسىدىن چۆچۈگەن پاقىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆلگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن رەھمەتلىك بوز توشقان مەندىنمۇ قورقۇنچاق شۇنچە كۆپ پاقىلار ياشاۋاتقان يەردە مەن نېمىشقا ئۆلىۋالغۇدەكمەن، دەپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

ئۆچكىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان تۈسۈق قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. باياتىن بېرى ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان توشقان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پىخىلداپ كۈلۈۋېتىپتۇ. لېكىن چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، يالغاندىن بۇقۇلداپ يىغلىغان بولۇۋاپتۇ. ئۆچكە دوختۇر نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. تۈسۈق توشقاننى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ

دورىسىنى ئىچكۈزگەندىن كېيىن، يوتقىنىغا چۈمكەپ قويۇپتۇ. توشقان دورىنىڭ تەسىرى بىلەن تېزلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

تۇسۇق ئۆيىگە قايتىپتۇ ۋە خېلى ئۇزۇنغىچە ئويلانغاندىن كېيىن ئاق قەغەزگە تۆۋەندىكىلەرنى يېزىپتۇ:

«بۈيۈك شاھىمىز شىرغا ۋەكالەتەن ئۇنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بۆرىنىڭ چىقارغان يارلىقى. شاھىمىز شىر ئېغىر كېسەل بولغاچقا، ھايۋانلار دۇنياسىنى ۋەھىمە تۇمانلىرى قاپلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. پادىشاھلىقىمىزدىكى مەشھۇر تېۋىپلار بارلىق چارە - ئاماللارنى قىلىپمۇ ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتالمايۋاتىدۇ. تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە، شاھىمىزغا سېمىز بوز توشقاننىڭ گۆشىلا داۋا بولىدىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يۇقىرىقى مەھەللىدىكى بوز توشقان پىداكارلىق بىلەن شاھىمىز ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلماقچى بولدى. لېكىن ئۇ ھازىر ناھايىتى ئورۇق بولغاچقا، گۆشى شاھىمىزغا داۋا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنى بېقىپ، سەمرىتىپ ئاندىن ئۆلتۈرۈش كېرەك. بۈگۈندىن باشلاپ بوز توشقاننى كارىۋاتتىن چۈشۈرمەسلىك قارار قىلىندى. پادىشاھلىقىمىزدىكى بارلىق پۇقرالار بوز توشقاننى تېزرەك سەمرىتىش يولىدا ئەجىر سىڭدۈرۈشى كېرەك. قالدى ئىشلارنى شاھىمىزنىڭ پەرمانبەردار ئالاقىلاشقۇچىسى تۇسۇق بېجىرىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار شاھىمىزنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.»

تۇسۇق يارلىقنى ئالدىرىماي بىر ئوقۇۋەتكەندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتقىنىچە، مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ. ئۇ يارلىقنى چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىپ، توشقاننىڭ ئۆيىگە قاراپ چېپىپتۇ. ئۇ يېتىپ كەلگەندە توشقان تېخىچىلا تاتلىق ئۇخلاۋاتقانىكەن.

— قوپە، توشقانجان، بىر يېڭى گەپ چىقىپ قالدى، — تۇسۇق توشقاننى تۈرتۈپ ئويغىتىپتۇ. توشقان كۆزىنى ئېچىپ:

— ھېلىقى دورىنى ئىچىپ خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇرماقچى بوپتۇ، لېكىن تۇسۇق ئۇنى ئورنىدا مىدىرلىماي يېتىشقا دەۋەت قىلىپ:

— ئورنىڭدا جىم ياتقىن، كېسىلىڭ سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مىدىرلىماي جىم يېتىۋەرگىن. يايلاقتىكى بارلىق پۇقرالار سېنى يوقلاپ كېلىپ، ئۆيۈڭنى نازۇ - نېمەتكە تولدۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار سېنى يوقلاپ كەلگەندە كۆزۈڭنىمۇ ئاچماي، گەپمۇ قىلماي جىمجىت يېتىۋالغىن، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن، — دەپتۇ. توشقان تۇسۇقنىڭ نېمە كارامەت كۆرسىتىدىغانلىقىغا قىزىقىپ:

— بولىدۇ، ئەگەر يەيدىغان نەرسىلەر كېلىدىغانلا ئىش بولسا، مەنمۇ قورساق تويغۇزىمەن دەپ يايلاقمۇ يايلاق قاتراپ يۈرمىگىدەكمەن، ئەگەر مۇشۇ گېپىڭ راست بولىدىغان بولسا، ئۆمۈر بويى مىدىرلىماي يېتىشقا رازىمەن، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بول توشقان، مەن سېنى يەم بىلەن كۆمۈۋېتىمەن، — تۇسۇق ھەييارلىق بىلەن قاشلىرىنى ئوينىتىپ، كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇپتۇ ۋە ئالدىراپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

تۇسۇق ھېلىقى يارلىقنى پۇقرالارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆيمۇ ئۆي چېپىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئەڭ ئاۋۋال مەھەللىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئاق مۈشۈكنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئاق مۈشۈك ئاسلانلىرىغا يۈگرەش، دەرەخكە يامىشىش، ئۆگزىگە چىقىش، تۈرخۈندىن كىرىپ-چىقىش قاتارلىق ماھارەتلەر ھەققىدە دەرس ئۆتۈۋاتقانىكەن. تۇسۇق ئاق مۈشۈككە سالام بەرگەندىن كېيىن، سۆزگە كىرىشىپتۇ:

— مەن شاھىمىز شىرنىڭ ئالاقىلاشقۇچىسى تۇسۇق بولىمەن، شاھىمىز ھازىر ئېغىر كېسەل، شۇڭا...


— نېمە، نېمە؟ — ئاق مۈشۈك تۇسۇقنىڭ گېپىنى تۈگىمەيلا سۆزلەپ كېتىپتۇ، — شاھىمىزنى كېسەل دېدىڭمۇ؟ ئەجەپ بىز ئاڭلىماپتۇققۇ، بەك سەت بوپتۇ، يوقلاپ قويمىدىغان يولىمىز بار ئىدى. ئەمدى قايسى يۈزىمىز بىلەن...

تۇسۇق ئاق مۈشۈكنىڭ سۆزىنى بۆلۈپتۇ:

— سىز ئاۋۋال ۋەزىر بۆرىنىڭ پادىشاھلىقىمىزدىكى پۇقرالارغا چىقارغان يارلىقىنى بىر ئاڭلاپ بېقىڭ، — تۇسۇق يانچۇقىدىن ھېلىقى يارلىقنى چىقىرىپ ئوقۇشقا باشلاپتۇ. يارلىقنى ئاڭلىغان ئاق مۈشۈك ئۈن سېلىپ قوشاق قېتىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

بىزگە پاناھ ئىدىڭىز مياۋ، مياۋ،
ئەزىز ئاتا ئىدىڭىز مياۋ، مياۋ.
غېرىبسىنساق گاھىدا ھۇ، ھۇ،
گويا ئانا ئىدىڭىز ھۇ، ھۇ.
قامىتىڭىز تاغ ئىدى مياۋ، مياۋ،
قۇچىقىڭىز باغ ئىدى مياۋ، مياۋ.
گەپلىرىڭىز مۇلايىم ھۇ، ھۇ،
گوياكى بىر باغ ئىدى ھۇ، ھۇ.
سىزنى كېسەل چىرماپتۇ مياۋ، مياۋ،
تەقدىر رەھىم قىلماپتۇ مياۋ، مياۋ.
يۇرتىمىزنىڭ كۆكىنى ھۇ، ھۇ،
قارا تۇمان قاپلاپتۇ ھۇ، ھۇ.
ئەمدى قانداق قىلارمىز مياۋ، مياۋ.

.......................



نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغان ئاسلانلارمۇ ئانىسىنىڭ قوشاق قېتىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆينى بېشىغا كىيىپ، ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۇسۇق غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— بولدى بەس، يىغلاڭلارنى توختىتىڭلار. ھازىر تېخى ھازا ئاچىدىغان چاغ ئەمەس، شاھىمىز تېخى ھايات، ھازىر ئەڭ مۇھىمى، ۋەزىر بۆرىنىڭ يارلىقىنى ئىجرا قىلىش. مەن يارلىقنى يەتكۈزۈپ قويدۇم. بىز يەنە بۇ يارلىقنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تۇرىمىز.

شۇ چاغدا ئاق مۈشۈك كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— ھېلىقى بوز توشقان ھەقىقەتەن پەيداكارلىق قىلىپتۇ. مەن ئۇنىڭ روھىدىن

تەسىرلەندۈرەتتى، ئەگەر بىز شاھىمىزغا لازىم بولغان بولساق بىر جان ئەمەس، مىڭ جان بولسىمۇ بەرگەن بولاتتۇق. يۇقىرىقى مەھەللىدىكى بوز توشقاننى مەنمۇ كۆرگەن، بۇلتۇر ئەتىياز پەسلىنىڭ تازا قاتىلاشچىلىق چاغلىرى ئىدى. مۈشۈ بالىلىرىم تۇغۇلۇپ ئەمدىلا بىر ئايلىق بولغان. ئۆيىمىزدە يەيدىغان ھېچنېمە قالمىغانىدى. مەنمۇ قاتتىق - قۇرۇق نەرسىلەر بىلەنمۇ قورسىقىمنى تويغۇزۇپ كېتىۋېرەتتىم، بىراق كىچىك بالىلىرىم بەك قىينىلىپ كەتتى، شۇڭا چاشقاندىن بىرنەچچىنى ئوۋلىماقچى بولۇپ، يۇقىرىقى مەھەللىگە باردىم. باشتا يايلاقنىڭ ھېچ يېرىدىن چاشقانلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بىر چاغدا چۆپ ئارىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىغانسېرى ھەيران بولدۇم. ئالدىمدا ئىنتايىن يوغان بىر چاشقان تۇراتتى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق چوڭ چاشقاننى كۆرۈپ باقمىغان. مەن ئۆيدە ئاچ قورساق زارلىنىپ قالغان بالىلىرىمنى ئويلاپ، بۇ كارامەت ئولجىنىڭ ئۇچرىغانلىقىغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىم. مەن پەم بىلەن چاشقانغا ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتىم. شۇ چاغدا ھېلىقى توشقان ئالدىمدىلا پەيدا بولۇپ، «سالامەت تۇردىڭىزمۇ، ئاق مۈشۈك ئاچا» دەپ ماڭا سالام قىلماسىمۇ، مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ بىر يەرلىرىنىڭ چاشقانغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمى شەرىپىنى سورىدىم. ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ «بوز توشقان» ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرغانىدى. مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇ يايلاققا كېلىپ قالغانلىقىنى سورىسام، ئۇ ماڭا مەھەللىسىدىكى بىر مۈنچە زىيانكەش چاشقانلارنى كۆرسىتىپ قويغان. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ھەققىدەن ئاق كۆڭۈل توشقان ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم.

تۇيۇق چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاق مۈشۈك بوز توشقاننىڭ ئۆيىگە قانداق يېمەكلىك ئاپىرىش ھەققىدە خېلى ئۇزاققىچە باش قاتۇرۇپتۇ، ئۇ توشقانغا تۈنۈگۈنلا تۇتۇپ سۈرلەپ قويغان چاشقان گۆشىنى ئاپارسام بولامدىكىن. بىراق ئۇنى ئاپىرىۋەتسەم، بالىلىرىم گۆشنى نەگە ئاپاردىڭ، دەپ قىلىق - مېڭەمنى يەپ كېتىشى مۇمكىن، ھەي، توشقان دېگەن بۇ نەرسە نېمە يېسە تېزرەك سەمرىيدىغاندۇ، دەپ ئويلاپتۇ. راست گەپنى قىلغاندا، ئاق مۈشۈك توشقاننى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىكەن. ئۇنىڭغا بەلكىم توشقاننىڭ چاشقانغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى سەۋەب بولغاندۇ، بىراق ئۇ شاھ شىرنى ئويلىغاندا توشقانغا سوۋغا تەقدىم قىلىش نىيىتىدىن يانالماپتۇ. ئۇ، شىر بىلەن نەسلىمىز بىر، يىراق بولسىمۇ تۇغقانچىلىقىمىز بار، دەپ قارايدىكەن، شۇڭا شاھ ۋاپات بولۇپ كەتسە تەختكە كىمنىڭ چىقىدىغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىش تەس، مەن بىلەن ھېچقانداق تۇغقانچىلىقى يوق بۆرىگە ئوخشاش تىلى زەھەرلەرمۇ شاھ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا بىز خاتىرجەم ياشىيالامدۇق، دەپ ئويلاپ، شىرنىڭ چاپسانراق ساقىيىشىنى تىلەپتۇ. ئۇ ھە راست، يېمەكلىك ئىشكابىمدا بىر نەچچە قۇتا كونسېرۋا بارغۇ، مېۋىدىن ياسالغان بۇ كونسېرۋالار

www.uyghurkitap.com

تۇشقانغا جەزمەن پايدا قىلىدۇ، بالىلىرىم بۇ كونسېرۋالارنى خېلى بۇرۇنلا يەپ بولغانىدۇ بولاتتى، بىراق ئۇلار كونسېرۋانىڭ ئاغزىنى ئېچىشنى بىلمەيدۇ ـ دە! مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىشنى تېخىمۇ بىلمەيمەن. شۇنداق بولغاندىكىن ئاشۇ كونسېرۋالارنى ئاپىرىپ بەرسەملا بولمىدىمۇ، بىراق تۇشقان ئۇ كونسېرۋا قۇتىلىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشنى بىلەرمۇ؟ ھە، راست، ھېلىقى ئالاقىچى ئادەمكەنغۇ، ئادەمنىڭ قىلالمايدىغان ئىشى يوق دەپ ئويلاپ، يېمەكلىك ئىشكاپىدىن كونسېرۋالارنى ئالغىلى تۇرغاندا، بالىلىرى مياڭلىشىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاپتۇ.

— ئاپا، بىز ئەكەلگەن كونسېرۋالارنى نەگە ئاپىرىسەن؟

— ئاپام كونسېرۋالارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بېرىدىغان بولدى!


— ياق بالىلىرىم، بۇنى شاھىمىز شىرغا سوۋغا قىلغىلى ئاپىرىمەن، ئۇ ھازىر ئاغرىقكەن.

مۈشۈك بىرمۇنچە سۆزلەپ بالىلىرىنى ئاران قايىل قىپتۇ ـ دە، كونسېرۋالارغا سۇلياۋ خالتىدىكى ئازراق پرەنىكنىمۇ قوشۇپ، يوقىرىقى مەھەللىدىكى بوز تۇشقانىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە تۇشقانىنىڭ كىچىككىنە ئۆيىنىڭ ئالدى ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. تۇشقانىنىڭ ئۆيى ۋە ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىككىنە ھويلىسىمۇ ئۇلارنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرى بىلەن تۇشۇپ كېتىپتۇ. تۇشقان غايىبتىن كەلگەن بۇ سوۋغا ـ سالاملارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزى ئەڭ ئامراق يېمەكلىكلەرنى تاللاپ يەپ، قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، بەخۇدۇك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپتۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن تۇسۇق تۇشقانىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان تۇشقانىنى ئويغىتىپتۇ:

— قوپە ئەمدى، يەيدىغىنىڭنى تەل قىلىپ قويسام ئۇخلاۋېرەمسەن؟ كۆردۈڭمۇ ماۋۇ نازۇ ـ نېمەتلەرنى، ئەمدى بۇنى ئىككىمىز بۆلۈشىمىز، — دەپتۇ ئۇ.



شۇنىڭ بىلەن تۇسۇق يېمەكلىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى كونسېرۋا، ئاق توقاچ، بولكا، قۇرۇت، ئىرىمچىك، ئالما ـ نەشپۈت قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ بوغچىسىغا ئايرىپ سېلىپ، تۇشقانغا يېسۇن دەپ كۆدە، چىڭسەي، تەرخەمەكلەرنى قالدۇرۇپ، بوغچىسىنى كۆتۈرگىنىچە ناخشا ئېيتىپ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

## تۇسۇقنىڭ سەنئەت ئۆمىكى تەشكىل قىلىشى

تۇسۇق بىر كۈنى ئويۇننىڭ كەينىگە كىرىپ، قۇمباغ دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللىگە كېلىپ قاپتۇ. مەھەللىنىڭ ئەتراپىنى دۆۋە ـ دۆۋە قۇم

بارخانىلىرى قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ باغۇ-بوستانلىق، ئېرىقلىرىدا سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان ناھايىتى گۈزەل مەھەللە ئىكەن. مەھەللىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن ئېچىلغان سالا-سالا ئېتىزلارنىڭ ئەتراپىنىمۇ خۇددى قاراۋۇللاردەك ناھايىتى يوغىناپ كەتكەن توغراقلىقلار ئوراپ تۇرىدىكەن. بۇلاردىن بۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ئىشچان ئىكەنلىكى ئايان ئىكەن. تۇسۇق مەھەللىگە كىرىپ بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرەلمەپتۇ. ئۇ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئېرىق بويىدا تۇرۇۋېلىپ، «ھەجەپ زېرىكتىم، ھەجەپ زېرىكتىم!» دەپ چىللاۋاتقان بىر چار خورازنى كۆرۈپتۇ. تۇسۇق چار خورازدىن:

— ھەي خورازجان، نېمىگە شۇنچە زېرىكىپ كەتتىڭ؟ بۇ مەھەللىدە بىرەرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدىغۇ، — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، سەن باشقا مەھەللىدىن كەپسەن-دە، سەن بىزنىڭ بۇ مەھەللىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقمايسەن، بىز ئاشلىق، پاختا ۋە مېۋە-چېۋىلەردىن ھەر يىلى مول ھوسۇل ئالىمىز. تۇرمۇشىمىز ناھايىتى باياشات، بىراق بۇ يەرنىڭ ئويۇن-تاماشىسى يوق، كۆرەيلى دېسەك كىنو يوق. شەھەرلەردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرى بۇ يەرگە كېلىپ بىرەر قېتىممۇ ئويۇن قويۇپ باقمىدى. ھازىر مەھەللىمىزنىڭ باشلىقى مەھەللىدىكىلەرنى ئاۋۇ باغقا يىغىپ، شەھەردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنى مەھەللىگە تەكلىپ قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتىدۇ، — دەپتۇ چار خوراز.

— ھە، مۇنداق دېگىن، مەنمۇ سىلەرنىڭ مۇشۇ قىيىنچىلىقىڭلارنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن. ئەمىسە مەن مەھەللە باشلىقى بىلەن كۆرۈشەي، — تۇسۇق گېپىنى تۈگەتمەيلا چار خوراز كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.

تۇسۇق باغدا كېسىۋېتىلگەن بىر دەرەخ كۆتىكىنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەۋاتقان گەۋدىلىك، قارا ساقاللىق مەھەللە باشلىقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلماپتۇ. قارا ساقاللىق يېزا باشلىقى مۇنداق دەۋاتقانىكەن:

— شۇنداق قىلايلى، بىز بايا سايلىغان ۋەكىل ئەتە شەھەرگە كىرىپ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالىمىزنى ئېيتسۇن ھەمدە ئۇنىڭغا بىزگە ئويۇن قويۇپ بەرسە شەھەردىكى ئويۇن كۆرگۈچىلەرگە قارىغانغاندا ھەقسىنى كۆپرەك بېرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتسۇن. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار چوقۇم كېلىدۇ. مۇشۇنداق قىلساق بولارمۇ؟

مەھەللە باشلىقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى «بولىدۇ» دەپ تۇۋلاپتۇ. «ئەمىسە ھەممىڭلار ئۆز ئىشىڭلارغا بارساڭلار بولىدۇ» مەھەللە باشلىقىنىڭ گېپىدىن كېيىن يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تارقىلىشقا باشلاپتۇ. تۇسۇق كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، مەھەللە باشلىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ:

— ۋۇي، شا كىچىك، مەن سېنى

www.uyghurkitap.com

تونۇمايدىكەنمەنغۇ، — دەپتۇ مەھەللە باشلىقى تۇسۇققا قاراپ.

— شۇنداق، — دەپتۇ تۇسۇق كۆزىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ ھەيبارلىق بىلەن، — مەن شەھەردىن كەلدىم. مەن شەھەردىكى داڭلىق «ھايۋانلار سەنئەت ئۆمىكى» نىڭ باشلىقى. مەن يىغىننىڭ ئاخىرىدا كېلىپ قاپتىمەن. ئۇنىڭسىزمۇ مەن سىلەرنىڭ بۇ قىيىنچىلىقىڭلارنى ئاڭلىغان. شۇڭا سىلەر بىلەن ئالاقىلاشقىلى كەلدىم. سەنئەت ئۆمەكتىكىلەرنى ئۇدۇللا باشلاپ كېلىپ سىلەرگە ئويۇن قويۇپ بېرىپ، سىلەرنى تازا خۇش قىلىۋەتسەممۇ بولاتتى. بىراق ئۆمىكىمىزنىڭ ئاز ـ تولا قىيىنچىلىقى بار، جابدۇقلىرىمىز تازا تولۇق ئەمەس. شۇڭا سىلەر ئويۇن كۆرۈش ھەققىنىڭ بىر قىسمىنى ئالدىنئالا بېرىپ تۇرساڭلار، جابدۇقلىرىمىزنى تولۇقلاپ كېلىپ سىلەرگە ھەپتە ـ ئون كۈن ئويۇن قويۇپ بېرىپ، سىلەرنى تازا خۇش قىلىۋەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر ئايدا بىر قېتىم ئويۇن قويۇپ بېرىپ تۇرغان بولاتتۇق.

— پاھ، پاھ، ئاغزىڭغا ناۋات ئۇكا، بۇرۇنراق كەلگەن بولساڭ بۈگۈنكى بۇ يىغىننى ئاچىمىز دەپ ئاۋارىمۇ بولمايدىكەنمىز. بولىدۇ ئۇكا، ئىشخانىغا بېرىپ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىۋېتەيلى.

مەھەللە باشلىقى بوغالتىرنى چاقىرتىپ، تۇسۇققا خېلى كۆپ پۇل بېرىپتۇ. تۇسۇق مەھەللە باشلىقىغا پۇلنى ئالغانلىقى ھەققىدە كىچىككىنە بىر تىلخەت بېرىپتۇ. ئاندىن مەھەللە باشلىقى تۇسۇقنى مەھەللە ئاشخانىسىغا باشلاپ بېرىپ راسا مېھمان قىپتۇ. تۇسۇق مېڭىش ئالدىدا مەھەللە باشلىقىغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سەنئەت ئۆمىكىنى يەنە ئون كۈندىن كېيىن باشلاپ كېلىمەن، چۈنكى مەن بايا دېگەندەك بەزى جابدۇقلىرىمىز تازا تولۇق ئەمەس، ئۇنى تولۇقلىمىساق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز تازا قىزىقارلىق كومېدىيە تەييارلاۋاتقان، ئۇنىڭ ئازراق چالىسى بار، ئاشۇ كومېدىيىنى ئويناپ سىلەرنى ئۈچەيلىرىڭلار ئۈزۈلگىچە كۈلدۈرۈۋېتەيلى.

— بولىدۇ. بىز ساڭا ئىشىنىمىز، شەھەردىكى باشقا سەنئەت ئۆمەكلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشنى توختىتىپ تۇرۇپ سىلەرنى كۈتىمىز، — دەپتۇ مەھەللە باشلىقى تۇسۇقنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ.

تۇسۇق يولبويى مۇنداق ناخشا ئېيتىپ مېڭىپتۇ:

بولۇپ قالدىم ئەمدى ئۆمەك باشلىقى،
چۆنتىكىمگە چۈشتى خەقنىڭ يارمىقى.
بۇ يالغاننى راستىغا ئايلاندۇرمىسام،
بار ئەمەسمۇ ئالماقنىڭ بەرمىكى.

تۇسۇق شۇ كۈنى بېرىپلا قاتتىق ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە مەھەللىدىكى خورازلار قىچقىرىپ تۇسۇقنى ئويغىتىۋېتىپتۇ.

ئۇ، قولىغا قەلەم ئېلىپ بىر پارچە ئاق قەغەزگە تۆۋەندىكى ئۇقتۇرۇشنى يېزىپتۇ:

«سەنئەت ئۆمىكىمىزگە يايلىقىڭلاردىن ئارتىس قوبۇل قىلماقچىمىز. ئۆمەككە قوبۇل قىلىنغانلارغا ھەر ئايدا مۇۋاپىق ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. تىزىملاش ئورنى: يۇقىرىقى مەھەللە، ئالاقىلاشقۇچى:

هايۋانلار سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى تۇسۇق.» تۇسۇق بۇ ئۇقتۇرۇشنى يۇقىرىقى مەھەللىنىڭ ئادەملەر كۆپ توپلىشىدىغان بىر نەچچە دوقمۇشىغا چاپلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى يايلاق يۇقىرىقى مەھەللىدىكى تىزىملاش ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، سەنئەتكە ھەۋەس قىلىدىغان ھايۋانلار بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلاپتۇ ۋە تۇسۇقنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تىزىملاش ئورنىنىڭ ئالدىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇپتۇ. ئۆچىرەتنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغىنى ئاق مۆشۈكنىڭ ئوغلى ئاق ئاسلان ئىكەن. تۇسۇق شىرە ئۈستىدىكى دەپتىرىنى ئېچىپ ئاق ئاسلاندىن سوراپتۇ:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ئاق ئاسلان.

— بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

ئاسلان خىجىل بولغان ھالدا يەرگە قاراپ سۆزلەپتۇ:

— قايسى يىلى تۇغۇلغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ تازا ئېنىق بىلمەيمەن. ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، مەن تۇغۇلغان يىلى مۆشۈ يايلاقتا چاشقانلار ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەنىكەن. شۇڭا ئاپام بەزىدە ماڭا «سېنىڭ ئالدىڭ ئوچۇق، سەن تۇغۇلغاندىن كېيىن قىيىنچىلىقلىرىمىز تۈگەپ، كۈنلىرىمىز ئەلۋەكچىلىكتە ئۆتتى» دەپ قويىدۇ.

— بوپتۇ، قانچە ياشقا كىرگەنلىكىڭنىڭ كارى چاغلىق، سەنئەت جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىكىڭ بار؟

— مەن ئالدى پۇتۇمنى كۆتۈرۈپ ئۆرە بولۇپ ئۇسسۇل ئوينىيالايمەن، ئۇسسۇل ئوينىغاندا ئالدى پۇت ۋە كەينى پۇتلىرىمنىڭ ھەرىكىتىنى قۇيرۇقىمنىڭ لەرزان يەلپۈنۈشىگە تەڭكەش قىلالايمەن. كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىنى ھەر خىل شەكىلدە ئۆزگەرتەلەيمەن.

— قېنى، ئاۋۋال ئۇسسۇل ئويناپ باقىن، — تۇسۇق بىر چەتكە قويۇپ قويغان داپنى قولىغا ئېلىپ «مۆشۈكنىڭ چاشقان تۇتۇشى» دېگەن داپ ئۇسسۇلىغا چېلىشقا باشلاپتۇ. ئاق ئاسلان موللاق ئاتقىنىچە مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ئۇ مەيداننى بىر پىرقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ، داپنىڭ ئاۋازىغا ماسلاشتۇرۇپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپتۇ ھەمدە قىزىقچىلىق بىلەن كۆز قارىچۇقىنىڭ شەكلىنى ھەرخىل ئۆزگەرتىپ، تىزىملاتقىلى كەلگەن ھايۋانلارنى ئىختىيارسىز چاۋاك چالدۇرۇپتۇ.

تۇسۇق داپ چېلىشنى توختىتىپ:

— ئۇسسۇلنى ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئوينايدىكەنسەن، ناخشىغا قانداقسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاق ئاسلان:

— ناخشىنىمۇ خېلى ياخشى ئېيتىمەن، — دەپتۇ. تۇسۇق:

— قېنى ئەمسە ئۆزۈڭ ياخشىراق بىلىدىغان ناخشىدىن بىرەرنى ئېيتىپ باقىن، — دەپتۇ. ئاق ئاسلان سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈپ بىرنى مىياڭلاپ، گېلىنى قىرىۋەتكەندىن كېيىن ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

تىزىملاتقىلى كەلگەنلەر مۆشۈكنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ، چاۋاك چېلىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇسۇق ئاق ئاسلاننىڭ ئۆمەككە قوبۇل قىلىنغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇسۇقنىڭ ئارتىس قوبۇل قىلىش پائالىيىتى مۇشۇ تەرىزدە يېرىم كۈندەك داۋاملىشىپتۇ. نەتىجىدە ئاق ئاسلان، ئالا كۈچۈك، سەكرىگەك ئوغلاق، ۋارقىرىغاق ئۆردەك، قىزىقچى مايمۇن، ناخشىچى تەخەي، چار توخۇ قاتارلىقلار ئارتىسلىققا قوبۇل قىلىنىپتۇ. قوبۇل قىلىنماي قالغان ھايۋانلار كۆڭلى يېرىم قايتىپ كېتىپتۇ. تۇسۇق قوبۇل قىلىنغان ئارتىسلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۆمەكنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزاملىرىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلارنى بىر قۇر چۈشەندۈرۈپتۇ.

ئۆمەككە قوبۇل قىلىنغان ھايۋانلار ئەتىسى دەل ۋاقتىدا ئورمانلىققا يىغىلىپتۇ.

قىلغاندىن كېيىن، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ، تۆگىلەر بىلەن قومباغ مەھەللىسىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئون نەچچە كۈندىن كېيىن تۇسۇقنىڭ يولىغا قاراپ تاقەتسىز - تاقەت بولغان قومباغ مەھەللىسىدىكىلەر ئۆمەكنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. مەھەللە باشلىقىمۇ تۇسۇقنى گېپىڭىزدە تۇرىدىغان يىگىت كەنسىز، دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ ھەمدە ئۇلارغا ئالاھىدە سەھنە تەييارلاپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇ كۈنى قومباغ مەھەللىدىكىلەر ئۆمەكتىكىلەرگە كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. ھەممەيلەن ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپتۇ. مەھەللە باشلىقىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە



شۇ كۈندىن باشلاپ تۇسۇق ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خۇددى رېژىسسوردەك ئۇلارغا ناخشا - ئۇسسۇل، لەپەر، بىر پەردىلىك كومېدىيە قاتارلىقلارنى ئۆگىتىپتۇ. بەزى كۈنلىرى قومباغ مەھەللىدىن ئېلىپ كەلگەن پۇلغا بازاردىن نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئارتىسلارنى خۇشال قىپتۇ ھەمدە شەھەرگە كىرىپ دۇتتار، تەمبۇر، نەي، ناغرا - سوناي ۋە تۈرلۈك پەرداز بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ كەپتۇ. ئۇلار نەق ئون كۈن تەييارلىق

ئۆمەكتىكىلەر شۇ كۈنى ئوبدان ئارام ئېلىپ، ئەتىسى ئويۇن قويۇشنى باشلىماقچى بوپتۇ.

شۇ كۈنى تۇسۇق بۇ قېتىم ناھايىتى كۆپ نومۇر تەييارلاپ كەلگەنلىكىنى، ئەگەر مەھەللىدىكىلەر خالىسا ئۇلار ئۈچۈن بىر ئاي ئويۇن قويۇپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەھەللە باشلىقىمۇ ھازىر مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولغانلىقىنى، بىر - ئىككى ئاي بىكار يۈرىدىغانلىقىنى، ئەگەر تۇسۇقنىڭ

دېگىنىدەكلا بولىدىغان بولسا، ھەقنى تېخىمۇ كۆپ بېرىدىغانلىقىنى دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە «قۇمباغ» مەھەللىسىدىكى ھەممە ئادەم ئالدىن تەييارلانغان سەھنىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىلىپ، ئويۇننىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. كۆپ ئۆتمەي پەردە ئېچىلىپ، رىياسەتچى مايمۇن سەھنىدە پەيدا بولۇپتۇ. رىياسەتچى مايمۇن تاماشىبىنلارغا ئەپچىللىك بىلەن سالام قىلىۋەتكەندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— ھۆرمەتلىك تاماشىبىنلار، ھايۋانات سەنئەت ئۆمىكىدىكى بارلىق ئارتىسلىرىمىز ئالدى بىلەن سىلەرگە ئالىي سالام يوللايدۇ، — تاماشىبىنلار ئارىسىدىن كۈچلۈك ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلۈپتۇ. رىياسەتچى مايمۇن بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — ھازىر ئويۇنىمىز باشلىنىدۇ. ئەمدى دىققەتىڭلارنى «ھايۋانات ئىناق بىز» دېگەن نومۇرىمىزغا مەركەزلەشتۈرگەيسىلەر.

ئومۇمخور باشلىنىپتۇ، تۇسۇق ئومۇمخورغا دىرىژورلۇق قىلىپتۇ.

بارچە ھايۋان ئىناق بىز - ئىناق بىز،
بەكمۇ خۇشال قوۋناق بىز، قوۋناق بىز.
ئۇرۇشمايمىز ئۆز ئارا، ئۆز ئارا،
غەۋغالاردىن يىراق بىز، يىراق بىز.
كىمكى بۇزسا دوستلۇقنى، دوستلۇقنى،
ئارىمىزغا سىغمايدۇ، سىغمايدۇ.
شۇڭا ئاسلان ھەم چاشقان بىرلىكتە،
خۇشال ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ئوينايدۇ.
بارچە ھايۋان ئىناق بىز، ئىناق بىز
ئاداۋەتتىن يىراق بىز، يىراق بىز،
ئىناقلىق ۋە دوستلۇقتىن، دوستلۇقتىن
تەڭ چاقنىغان چىراغ بىز، چىراغ بىز.

تاماشىبىنلارنىڭ كۈچلۈك ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئارتىسلار سەھنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئارقىدىن مايمۇن چىقىپ، «داپ ئۇسسۇلى» دەپ ئېلان قىپتۇ. رىياسەتچى مايمۇن سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، داپنى ئۇسسۇل پەردىسىگە چېلىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئاق ئاسلان ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ئىككى پۇتلاپ مېڭىپ سەھنىگە چىقىپتۇ. ئۇنىڭ بېشىغا چىقىۋالغان چاشقانمۇ خۇددى ئاق ئاسلاندەك ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈپ ھەر قىسما قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈپتۇ. ئاق ئاسلان داپنىڭ ساداسىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. بىردىنلا داپنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىپ ئىتتىكلەشكە باشلاپتۇ. ئاق ئاسلانمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تېز - تېز موللاق ئېتىپتۇ. شۇ چاغدا قارىغۇ چاشقان مۈشۈكنىڭ بېشىدىن ئۈچۈپ چۈشۈپ، ئاق ئاسلاننىڭ بۇرۇتىغا ئېسىلىۋاپتۇ ۋە موللاق ئېتىپ تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈپتۇ.

رىياسەتچى مايمۇن تاماشىبىنلارغا يېڭى نومۇرنى ئېلان قىلىپتۇ:

— تۆۋەندە داڭلىق يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچىمىز چار مىكىيان «تېپىۋالدىم بەش تۇخۇم» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. قىزغىن چاۋاك چالايلى.

تاماشىبىنلار قىزغىن چاۋاك چېلىپتۇ. چار مىكىيان ناھايىتى مۇلايىملىق ۋە ناز كەرەشمە بىلەن سەھنىگە چىقىپ، تاماشىبىنلارغا سالام قىلىۋەتكەندىن كېيىن ناخشا ئېيتىشنى باشلاپتۇ:

تېپىۋالدىم بىر تۇخۇم قو ـ قو ـ قوق،
ئۇنى بېسىپ ياتتىم مەن قو ـ قو ـ قوق.
چىقارغىنچە چۈجەمنى قو ـ قو ـ قوق،
بەكمۇ جاپا تارتتىم مەن قو ـ قو ـ قوق.
كۈنلەر ئۆتۈپ تۇخۇمدىن قو ـ قو ـ قوق،
چۈجىلىرىم ساق چىقتى قو ـ قو ـ قوق.
شۇنچە ئوماق ـ چىرايلىق قو ـ قو ـ قوق،
تۈك ـ پەيلىرى ئاق چىقتى قو ـ قو ـ قوق.
لېكىن چۈجىلىرىمنىڭ قو ـ قو ـ قوق
خۇي ـ پەيلى يات چىقتى قو ـ قو ـ قوق.
چۈشۈۋېلىپ كۆللەرگە قو ـ قو ـ قوق،
مېنى قويدى قىرغاقتا قو ـ قو ـ قوق.
ئۇچۇپ كېتىپ ئاسمانغا قو ـ قو ـ قوق،
مېنى قويدى يىراقتا قو ـ قو ـ قوق.
مەن بىر ئانا بولساممۇ قو ـ قو ـ قوق،
ئايلاندىم بىر بوزەككە قو ـ قو ـ قوق.
تارتقۇزۇپ چۈجەمنى قو ـ قو ـ قوق،
شۇ ۋارقىرىغاق ئۆردەككە قو ـ قو ـ قوق.

ناخشا تۈگىشى بىلەن تاماشىبىنلار ئارىسىدىن كۈچلۈك ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. چار مىكيان تاماشىبىنلارغا ئەدەب بىلەن قايتا ـ قايتا تەزىم قىلغاندىن كېيىن كەينىچىلەپ مېڭىپ سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە بۈگۈنكى ئويۇندىن مەمنۇن بولغان يېزا باشلىقى سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەرگە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. زىياپەت ئارىلىقىدا تۇسۇق مەھەللە باشلىقىدىن:

— قانداق، ئويۇن سىزگە ياردىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چاتاق يوق شا كىچىك. بىزنى ھەقىقەتەن خۇشال قىلىۋەتتىڭلار، داۋاملىق مۇشۇنداق قىزىق ئويۇنلارنى كۆرۈپ تۇرساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى‑ھە!

— ئامال بولسا ئاكا، بىر ئايلىق ئويۇن ھەققىمىزنى ئالدىن بېرىۋەتكەن بولساڭلار، ئارتىسلىرىمىزنىڭ مائاشىنى ئالدىن بېرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان بولاتتىم.

— بولىدۇ ئۇكا، بىزمۇ شۇنداق ئويلاشقان، سىلەرنىڭ ھەققىڭلارنى ئالدىن بېرىۋەتمىسەك سىلەرنى باغلاپ تۇرغىلى بولمىغۇدەك.

تۇسۇق ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن بىر سومكا پۇلنى كۆتۈرگىنىچە بۇ مەھەللىدىن ئۈن ـ تىنسىز چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمدى تۇسۇقنى ھېچكىم تاپالمايتتى. چۈنكى تۇسۇقنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى ئۇ مەھەللىدىكىلەرمۇ بىلمەيتتى...

## تۇسۇقنىڭ مايمۇنلار يۇرتىدىكى زىيارىتى

تۇسۇق شەھەردىن مەھەللىگە زىيارەتكە كەلگەن مۇخبىرغا قىزىقىپ قاپتۇ. شۇڭا مۇخبىر قەيەرگە بارسا، ئۇمۇ شۇ يەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا زەن ساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇسۇقتا مۇخبىر بولۇش ھەۋىسى قوزغىلىپتۇ. ئۇنىڭ بىر كۆزەينىكى بار ئىدى. بىراق ئۇنىڭ مۇخبىرلىق كېنىشكىسى ۋە فوتو ئاپپاراتى يوق ئىدى. ئەگەر بۇ ئىككىسىمۇ بولغان بولسا، ئۇ چوقۇم كەمكۈتىسىز مۇخبىر بولالايتتى. فوتو ئاپپاراتنىڭغۇ دادىسى بىلەن ئانىسىغا يېلىنىپ يۈرۈپ ئالدۇرغىلى بولاتتى، بىراق مۇخبىرلىق كېنىشكىسىنى قانداق قىلىش كېرەك؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھە راست، مۇخبىر تۇسۇقنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى بوش ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە تۇسۇق پاتىدىغان چوڭ تۈڭلۈكى بار ئىدى. مۇخبىر ھەر كۈنى دېگۈدەك مەھەللىدىكى بېيىغان ئائىلىلەرنىڭ ئۆيىدە زىيارەتتە بولۇپ خېلى كەچ قايتاتتى. مۇخبىر يوق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ مۇخبىرلىق كىنىشكىسىنى ئېلىۋالسا ئىش پۈتەمدۇ. بىراق تۈڭلۈكتىن چۈشۈشىنىغۇ چۈشەر، ئەمما قانداق چىقىپ كېتىدۇ؟ تۇسۇق قانداقتۇر بىر ئامالنى كۆڭلىگە پۈككۈپتۇ.

ئۇ شۇ كۈنى كەچتە دادىسىنىڭ كالا ـ موزاي باغلايدىغان ئارغامچىسىنى ئېلىپ، مۇخبىر چۈشكەن ئۆينىڭ ئارقىسىغا كەپتۇ ۋە ئۆينىڭ تېمىغا ياندىش ئۆسكەن تېرەككە يامىشىپلا ئۆگزىگە چىقىۋاپتۇ ـ دە، ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ بېلىگە يۆگىۋالغان ئارغامچىنى يېشىپ، ئۇچىنى تېرەككە باغلاپتۇ، ئارقانغا ئېسىلىپ تۈڭلۈكتىن ئۆيگە چۈشۈپتۇ. تۇسۇق پەم بىلەن چامداننى كارىۋات ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىپتۇ. تۇسۇقنىڭ بەختىگە يارىشا چامدان قۇلۇپلانمىغانىكەن. ئۇ چامداننى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ ۋە مۇخبىرلىق كىنىشكىسىنى تېپىپ، ئۆيدىن دەرھال يېنىپ چىقىپتۇ.

تۇسۇق كىنىشكىدىكى ھېلىقى مۇخبىرنىڭ رەسىمىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ رەسىمىنى چاپلاپتۇ. ئۇ دادىسىغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ بازاردىن بىر فوتو ئاپپارات ئەكەلدۈرۈپتۇ. دادىسى تۇسۇققا ئاپپارات ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ، ئاپپاراتتىن چاقنىغان نۇر تۇسۇقنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىپتۇ. چۈنكى تۇسۇق مانا شۇنداق نۇر بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن.

تۇسۇق گېزىتكە بېسىلغان بىرقانچە خەۋەر ـ ماقالىنى ئوقۇپ، خەۋەر يېزىشنىڭ يوللىرىنى ئاز ـ تولا بىلگەندەك بوپتۇ. ئۇ ئەتىسى تاڭ سەھەردە چوڭلاردىن ئاڭلىۋالغان تۆپىلىكنىڭ ئارقىسىدىكى مايمۇنلار يۇرتىغا زىيارەتكە مېڭىپتۇ. ئۇ تۆپىلىككە قاراپ كېتىپ بېرىپ، يول بويىدىكى كىچىككىنە ئوتلاقتا مۇشۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى بابىدىكى ھېلىقى ئاتنىڭ ھەۋەس بىلەن ئوتلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— ھەي ئۇچقۇر ئات، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — ئوتلاۋاتقان ئات بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇسۇقنى كۆرگەندىن كېيىن، ناھايىتى خۇشال سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— ھە، ھېلىقى بالىكەنسەنغۇ، ئۇزۇن بولدى مەن سېنى ئۇچرىتالمىدىم. نەلەردە يۈرۈيسەن، سەن بولتۇر مېنىڭ چاپالمايدىغانلىقىمنى بىلىۋالغانىدىڭ، مەن شۇ چاغدا سەندىن ئىزا تارتىپ ناھايىتى كۈچەپ چېپىپ كېتىپتىمەن. شۇ چاغدا سەن مېنى ناھايىتى ماختاپ كەتكەنىدىڭ، دېمىسىمۇ شۇ كۈنى ھەقىقەتەن ياخشى چاپقانىدىم، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆزۈمنىڭ بۇنچىۋالا چاپالايدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيتتىم. شۇندىن باشلاپ يايلاقتا ھەر كۈنى چېپىپ مەشىق قىلدىم. نەتىجىدە يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن يورغا ئاتلارنىڭ بەيگىسىگە قاتنىشىپ، بىرىنچىلىكنى ئېلىپ، يۇقىرى شان ـ شەرەپكە ئېرىشتىم.

مېنىڭ بۇ شان-شەرەپكە ئېرىشىشىمگە سەن سەۋەبچى بولدۇڭ. مەن ساڭا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار.

تۇسۇق ئاتىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە كۆڭلىگە بىر نەرسىنى پۈكۈپتۇ.

— ئاپلا، مەن سىلەرنىڭ مۇسابىقەڭلاردىن خەۋەر تاپالماي قاپتىمەن. مەن ھازىر «ھايۋانات گېزىتى» نىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇخبىرى. كۆردۈڭمۇ، بۇ «ھايۋانات گېزىتى» ماڭا بەرگەن فوتو ئاپپارات. بېشىڭنى كۆتۈرۈپ راۋرۇس تۇرغىن، — تۇسۇق خۇددى ئاتنى رەسىمگە تارتقاندەك ئاپپاراتىدىن نۇر چاقنىتىپ قويۇپتۇ-دە، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — مەن تۆپىلىكنىڭ ئارقىسىدا تېخى بىرمۇ مۇخبىر بېرىپ باقمىغان مايمۇنلار يۇرتى بار ئىكەن، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، شۇ يەرگە زىيارەتكە كېتىپ بارىمەن. سەن ئۇ يەرگە بېرىپ باققانمۇ؟

— مەن ئۇ يەرگە بارغان، ئۇ ھەقىقەتەن گۈزەل يۇرت، ئۇ يەردىكى مايمۇنلارمۇ ناھايىتى ئىشچان، ئۇلار جاپالىق ئەمگەك بىلەن ئۆز يۇرتىنى ئاۋات قىلغان. بىراق ئۇ يۇرتنىڭ ئىككى باشلىقى ئۆزئارا تازا چىقىشالماسمىش. ئۇ يەرگە پىيادە بارىمەن دېسەڭ ھېرىپ ھالىڭدىن كېتىسەن، مەن سېنى تۆپىلىكتىن بولسىمۇ ئۆتكۈزۈپ قويسام قانداق؟

— ئۇنداق بولسىغۇ بەك ياخشى بولاتتى.

— يۈر ئەمىسە، — ئات تۇسۇقنى ئۈستىگە مىنىشكە ئىشارەت قىپتۇ. تۇسۇق خۇشاللىق بىلەن ئاتقا مىنىپتۇ. ئات تۇسۇققا ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك قۇيۇندەك چېپىپ بىردەمدىلا تۆپىلىكتىن ئۆتۈپتۇ ۋە تۇسۇققا يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئورمانلىقنى كۆرسىتىپ قويۇپ، قانداق تېزلىكتە كەلگەن بولسا يەنە شۇنداق تېزلىكتە چېپىپ كېتىپ قاپتۇ.

تۇسۇق تۆپىلىكتىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ بىر مايمۇنچاققا ئۇچراپ قاپتۇ.

— ھوي مايمۇنچاق، سەنمۇ مايمۇنلار يۇرتىدىن ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ.

— شۇنداق، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ نەدىن كېلىۋاتىسىز؟



— مېنىڭ ئىسمىم تۇسۇق. ئۆزۈم «ھايۋانات گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى، سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردا يېڭىلىق كۆپ دەپ ئاڭلاپ، ئۇ يەردىكى يېڭىلىقلارنى گېزىتكە يازاي دەپ كەلدىم.

مايمۇنچاق خۇشاللىقىدىن سەكرەپ چاۋاك چېلىپ كېتىپتۇ:

— بىزنىڭ بۇ يۇرتقا بىر قېتىممۇ مۇخبىر كېلىپ باقمىغان. باشلىقلىرىمىزمۇ بىزنىڭ بۇ تۆھپىلىرىمىزنى گېزىتخانىدىكىلەر پەقەت بىلمەيدۇ، دەپ زارلىنىپ يۈرۈشەتتى.

— سىلەرنىڭ قانچە باشلىقىڭلار بار؟

— ئىككى باشلىقىمىز بار، ئۇنىڭ بىرى قارا مايمۇن. ئۇ، يۇرتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل، يەنە بىرى قوڭۇر مايمۇن، ئۇ يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ۋە تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل. ئەمەلىيەتتە يۇرتىمىزنىڭ بىرىنچى باشلىقى قارا مايمۇن دېيىشىمۇ بولىدۇ. ئۇ خۇددى بىر يەرلىك خاقاندەك بۇ يۇرتنىڭ ھەممە ئىشىغا خوجايىنلىق قىلىدۇ. قوڭۇر مايمۇن ئاتاقتا باشلىق بولغىنى بىلەن قارا مايمۇننىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. كەينىدە كوتۇلدىغىنى بىلەن ئالدىدا ھېچ نەرسە دېيەلمەيدۇ. قارا مايمۇننىڭ باشلىق بولغىنىغا ئۈچ يىل بولدى. ئەگەر سىز بۇ يەردە قارشى ئېلىنىشنى ئويلىسىڭىز گېزىتكە بۇ يۇرتنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلىرىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ يازالايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ ھەمدە قارا مايمۇننى كۆپرەك ماختاشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. گەرچە پېشقەدەم قوڭۇر مايمۇننىڭ تۆھپىسى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ گېپى ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى. سىز بۇ يەردە مىدىرلىماي تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بېرىپ باشلىقىمىز قارا مايمۇنغا سىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى خەۋەر قىلاي. ئۇ يۇقىرىدىن ئادەم كەلسە، بىرەر كىلومېتىر يەرگىچە پايانداز سالىدۇ.

— بولىدۇ، ئەمىسە مەن مۇشۇ يەردە سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ تۇراي، — تۇيۇق يولدىكى بىر چىغ كۆتىكىنىڭ تۆپىسىگە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. مايمۇنچاق سەكرەپ-تاقلىغىنىچە مايمۇنلار يۇرتىغا قاراپ چېپىپ كېتىپتۇ ۋە قارا مايمۇننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا «ھايۋانات گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— سەن ئۇنى نەدە كۆردۈڭ؟ — جىددىيلىشىپ قالغان قارا مايمۇن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ.

— مەن ئۇنى تۆپىلىكتىكى يولدا ئۇچرىتىپ قالدىم، ئۇنىڭ بىلەن ئانچە-مۇنچە پاراڭمۇ سېلىشتىم. ئۇ ناھايىتى ھېرىپ كېتىپتىكەن، يول بويىدا دەم ئېلىپ قالدى.

قارا مايمۇننىڭ بۇيرۇقى بويىچە پايانداز سېلىنغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاتار تىزىلغان مايمۇنلار تۇيۇقنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئاپتۇ، تۇيۇق قارا مايمۇننىڭ ھەمراھلىقىدا ئالاھىدە تەييارلانغان مېھمانخانىغا كىرىپتۇ.

— سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەي قاپتۇق، ئالدىڭىزغا ۋاقتىدا لايىقىدا چىقالماي ناھايىتى سەت بولدى. بىزنىڭ بۇ يۇرتقا تارىختىن بېرى بىرەر قېتىممۇ مۇخبىر كېلىپ باقمىغان. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىغۇ بۇ يەرنىڭ مۇخبىر كېلىپ يازغىدەك نېمىسى يوق ئىدى. ئۈچ يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلىرىمىز ئاز ئەمەس. بىز سىزنى نۇرغۇن يېڭىلىقلار بىلەن تەمىنلەيمىز، سىز بۇ يۇرتقا كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تۈنجى مۇخبىر، سىزنى بېشىمىزغا ئېب-
لىپ كۆتۈرسەكمۇ ئەرزىيدۇ.

— يولدا يۇرتۇڭلاردىكى بەزى يېڭى-
لىقلارنى ئاڭلاپ، ئىلھامىم كېلىپ بىر
نەچچە كۇپلېت بىر نەرسە يېزىپ قويۇ-
ۋېدىم. ئاڭلاپ باقامسىز؟ — دەپتۇ تۇسۇق.

— ئاڭلىمامدىغان، ئاڭلىمامدىغان، —
دەپتۇ قارا مايمۇن. تۇسۇق شېئىرىنى
ئوقۇشقا باشلاپتۇ:

ئەسلى مايمۇنلار يۇرتى
گىياھ ئۈنمەس چۆل ئىدى.
بوران چىقسا قۇم بېسىپ
يامغۇر ياغسا كۆل ئىدى.
بۈندىن ئۈچ يىل ئىلگىرى
بولدى بىر ئىش كارامەت.
قارا مايمۇن باشلىق بوپ،
ياغدى ئاڭا سائادەت.
قارا مايمۇن بەك ئىشچان
بۇ زېمىننى گۈللەتتى.
كونىلىقنى تۈگىتىپ،
يېڭىلىقنى كۆكلەتتى.

قارا مايمۇن قاتتىق ھاياجانلىنىپ:

— كارامەت يېزىلىپتۇ، كارامەت
يېزىلىپتۇ. ھەقىقەتەن چېۋەر مۇخبىر
ئىكەنسىز، — دەپ كېتىپتۇ ۋە ئارقىدىنلا —
ئۈنئالغۇنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇي-
رۇق بېرىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي قوڭۇر ماي-
مۇن ۋە مايمۇنلار يۇرتىنىڭ باشقا رەھ-
بەرلىرى قاتارلىشىپ كىرىپ، تۇسۇق
بىلەن باش لىڭشىتىپ ئەھۋاللاشقاندىن
كېيىن، تامغا يۆلەپ قويۇلغان ئۇزۇن
ئورۇندۇققا كېلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. قارا
مايمۇن ئۇلارنى خۇش ياقمىغان ھالدا
تۇسۇققا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپتۇ. ئاڭغىچە
بىر بالا ئۈنئالغۇنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەپتۇ.

— ھە شا كىچىك، چاپسان بول،
ئۈنئالغۇنى توغرىلا، مۇخبىر يولدا
كەلگىچە، يۇرتىمىزغا ئاتاپ قالتىس بىر
شېئىر يېزىپتۇ. ئۇنى ئۈنئالغۇغا ئېلىپ
ھەر كۈنى كىنو قويۇشتىن بۇرۇن ئىككى
قېتىم ئاڭلىتىۋەتكىن، — دەپتۇ قارا ماي-
مۇن ۋە تۇسۇقنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەل-
گەن مايمۇنچاقنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— سەن كەچكىچىلا ئويناپ يۈرگەن-
دەك قىلغىنىڭ بىلەن خېلى ئەقىللىق بار
بالا بوپسەن جۇمۇ. يولدا كەلگىچە، مۇخ-
بىرغا ئېيتىپ بەرگەن ئەھۋاللىرىڭ ئە-
مەلىيەتكە ئىنتايىن ئۇيغۇن. مەن ساڭا
بىر ۋەزىپە تاپشۇرماقچى، بۈگۈندىن باش-
لاپ مۇخبىر بالىنغا ھەمراھ بولىسەن، —
دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تۇسۇق ھېلىقى
مايمۇنچاقنىڭ ھەمراھلىقىدا مايمۇنلار يۇر-
تىدىكى زىيارىتىنى باشلاپتۇ. مايمۇنچاق
قارا مايمۇن تاپشۇرغان ۋەزىپىدىن ناھا-
يىتى خۇشال ئىكەن، چۈنكى بۇ يۇرتتا
باغ كۆپ بولسىمۇ، مېۋە پىشقان چاغلار-
دا بۇ باغلارغا قارا مايمۇندىن باشقا
ھېچقانداق مايمۇن كىرەلمەيدىكەن، ئالا-
ھىدە ئەھۋال يۈز بېرىپ قالغان چاغلار-
دىمۇ قارا مايمۇننىڭ رۇخسىتىنى ئالماي
تۇرۇپ بۇ يەرگە كىرىش مەنئىي قىلىن-
غانىكەن. ئۇلار ئالدى بىلەن يۇرتنىڭ
شەرق تەرىپىدىكى «چىلانباغ» نىڭ دەر-
ۋازىسى ئالدىغا بېرىپ دەرۋازىنى قېقىپ-
تۇ، دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى كەپىدىن كې-
لەڭسىز بىر مايمۇن توقماق تۇتقان پېتى
ئالچاڭلاپ چىقىپ:

— دەرۋازىنى قاققان قايسى ھارامى
بۇ؟ ھە، سەن شۇمتەككىمىدىڭ، ئەجەب

بېشىڭ يوغىناپ كېتىپتۇغۇ سېنىڭ! نېمىشقا دەرۋازىنى قالايمىقان قېقىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ تەقسىر «ھايۋانات گېزىتى»دىن يۇرتىمىزغا زىيارەتكە كەلگەن مۇخبىر. ئۇ مۇشۇ باغنى زىيارەت قىلماقچىكەن.

— مۇخبىر ـ پۇخبىر دېگىنىڭ بىلەن نېمە كارىم، پادىشاھ كەلسىمۇ كىرگۈزمەيمەن، — دەپتۇ باغۋەن مايمۇن غەزەپ بىلەن.

مايمۇنچاق ئاخىرى قارا مايمۇن يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ.

بۇ مېۋىلەرنىڭ تازا مەي باغلىغان مەزگىلى بولۇپ، شاخلاردىكى قىپقىزىل چىلانلار ئوتقاشتەك چاقناپ، كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىكەن. مايمۇنچاق ئەقلىنى تاپقاندىن بېرى بۇنداق باغقا كىرىپ باقمىغان بولغاچقا، ھاياجىنىنى باسالماي خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ. باغۋەن مايمۇن ئۇلارنى يوغان بىر چىلان دەرىخىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. توسۇق بىلەن مايمۇنچاق خېلى ئولتۇرغان بولسىمۇ، باغۋەن مايمۇندىن چىلان يەڭلار، دېگەن سادا چىقماپتۇ. شۇڭا توسۇق كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر پىلاننى تۈزۈپتۇ ۋە باغۋەن مايمۇننى سۆرەتكە تارتقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇخبىرلارغا خاس تەلەپپۇز بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى سوراپتۇ:

— بۇ چىلانباغ مېۋە بېرىۋاتقىنىغا قانچە يىل بولدى؟

— ئۈچ يىل.

— مۇشۇنداق يوغان چىلان دەرەخلىرىمۇ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا مېۋە بەرمىگەنمۇ؟

باغۋەن بۇ سوئالغا تەمتىرىگەن ۋە دۇدۇقلىغان ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھەئە، شۇنداق، قارا مايمۇن باشلىق بولۇشتىن ئىلگىرى يۇرتىمىزدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھېچقايسىسى مېۋە بەرمىگەنىدى. قارا مايمۇن يۇقىرى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرغاچقا، مول ھوسۇل ئېلىنىدىغان بولدى.

توسۇق بۇ مايمۇننىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، خۇددى ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىۋاتقاندەك ئەستايىدىل ھالدا ئۇنىڭ جاۋابلىرىنى خاتىرىلەپ ئولتۇرغان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ.

— بۇ چىلانلىق باغنىڭ كۆلىمى نەچچە مو كېلەر؟ — باغۋەن مايمۇن بۇ باغقا قاراۋاتقىنىغا ئون نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قانچە مو كېلىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەنمۇ بىلمەيدىكەن. شۇڭا بېشىنى قاشلىغىنىچە بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش تەس، بېغىمىز يىلدا دېگۈدەك كېڭىيىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۆزۈڭلار باغنى ئايلىنىپ چىقىپ بىر نەرسە دەرسىلەر، — دەپتۇ. بۇ گەپ توسۇقنىڭ كۆڭلىگە يېقىپتۇ.

— بولىدۇ ئەمىسە، مايمۇنچاق ئىككىمىز باغنىڭ قانچە مو كېلىدىغانلىقىنى راۋۇرۇس بىر ئۆلچەپ باقايلى، — توسۇق مايمۇنچاقنى باشلاپ، باغقا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپتۇ.

توسۇق بىلەن مايمۇنچاق باغنىڭ مېۋىلىرى تازا ئوخشىغان يېرىگە كېلىپ چىلانلارنى تويغىچە يەپتۇ. مايمۇنچاق

www.uyghurkitap.com

پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي قوينىغا سېلىۋالغان خالتىسىغا لىق چىلان توشقۇزۇپ، باغنىڭ چاۋا ـ چاتقاللاردىن قىلىنغان ئارقا تېمىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار باغۋەن مايمۇننىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ. توسۇق باغۋەن مايمۇنغا:

— بۇ باغ تەخمىنەن 200 مودەك كېلىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— شۇنچىلىك كەلسە كېرەك، — دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ مايمۇن، لېكىن ئۇ مېھمانلارنى چىلان يېيىشكە يەنىلا تەكلىپ قىلماپتۇ.

شۇ كۈنى توسۇق بىلەن مايمۇنچاق «ئانارلىق باغ»، «ياڭاقلىق باغ»، «ئالمىلىق باغ»، «شاپتۇللۇق باغ»، «ئۈزۈملۈك باغ» قاتارلىق ئونغا يېقىن باغنى زىيارەت قىلىپتۇ. ھەممىلا باغدىكى باغۋەنلەر قارا مايمۇننىڭ ھېلىقى تونۇشتۇرۇشىنى كۆرمىگەچكە ئۇلارنى باغقا كىرگۈزمەپتۇ. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، باغۋەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۆزى قاراۋاتقان باغنىڭ قانچە مو كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممىلا باغدىكى دەرەخلەر، ياڭاقلىق باغدىكى 500 يىللىق ياڭاق دەرىخىمۇ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا، يەنى قارا مايمۇن مۇشۇ يۇرتقا باشلىق بولغاندىن كېيىن مېۋە بېرىشكە باشلاپتىمىش. توسۇق بىلەن مايمۇنچاق كۆڭۈللۈك باغ سەيلىسىنى تۈگىتىپ، كەچكە يېقىن توسۇق ئۈچۈن تەييارلانغان ئالاھىدە ھۇجرىغا قايتىپ كەپتۇ. قارا مايمۇن ئاشپەز مايمۇنلارغا بۇيرۇتۇپ توسۇققا ئالاھىدە تاماق تەييارلاپ قويغانىكەن. مايمۇنچاق ئەتە ئەتىگەندە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. توسۇق مەززىلىك تائاملارنى تاللاپ يەپ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، كارىۋىتىغا چىقىپ بىردەم ئۇخلىۋاپتۇ. كۆپ ئۆتمەي قارا مايمۇن ئۇنى سىيلىق تۈرتۈپ ئويغىتىپتۇ.

— ئۇخلاپ قالغان ئوخشىمامسىز، — دەپتۇ قارا مايمۇن مۇلايىملىق بىلەن.

— بۈگۈن يۇرتىڭىزدىكى باغلارنى زىيارەت قىلىپ بولغىچە ئازراق چارچاپ كېتىپتىمەن. شۇڭا كۆزۈم ئېلىنىپ قاپتۇ.

— بۈگۈن سىزگە ناھايىتى قىزىق بىر كىنو ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇۋېدىم، كۆرگىڭىز باردۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ئەمىسە ماڭايلى.

قارا مايمۇن بىلەن توسۇق ئاپپاراتنىڭ يېنىدىكى ئالاھىدە تەييارلانغان ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. قارا مايمۇن كىنو قويغۇچى مايمۇنغا ئۆزىنىڭ كۆپچىلىككە بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە گېلىنى قىرىۋېتىپ، رەھبەرلەرگە خاس تەلەپپۇز بىلەن ئاۋازىنى سوزۇپ ـ سوزۇپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— ھۆرمەتلىك خانىملار، ئەپەندىلەر، سۆيۈملۈك بالىلار، بۈگۈن بىزنىڭ يۇرتىمىزغا «ھايۋانات گېزىتى» دىن ئالاھىدە مۇخبىر كەلدى. بۇ بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ شان ـ شەرىپى، شۇنداقلا مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان خانىملار، ئەپەندىلەر ۋە بالىلارنىڭ شان ـ شەرىپى. مۇخبىر يۇرتىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ بىر شېئىر يازغانىكەن. بىز

ئۇنى ئۇنئالغۇغا ئېلىپ تەييار قىلىپ قويغانىدۇق. ھازىر ئۇنى ھەممەيلەننىڭ دىققەت بىلەن ئاڭلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — مايمۇنلار ئارىسىدىن ئازراق غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ، مەيداننى بىردىنلا تىمتاسلىق ئىگىلەپتۇ. شېئىر قايتا ـ قايتا ئاڭلىتىلغاندىن كېيىن كىنو قويۇلۇپتۇ.

تۇسۇق ئەتىسى ئەتىگەنلىك تامىقى تەق قىلىنغاندىلا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن تازا ئىشتىھا بىلەن ناشتا قىلىپتۇ. قارا مايمۇن تۇسۇققا بۈگۈن ئۇلارنىڭ بۇ يۇرتىنىڭ قوغۇنلۇقىنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئۇلار قوغۇنلۇققا كەلگەندە، ھورۇن مايمۇن قوغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىۋېلىپ كەتمىنىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چېپىۋاتقانىكەن. ئەسلى ئۇ ئاخشام كىنوخانىدا بۇ يەرگە مۇخبىر كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۈگۈن ئەتىگەندىلا كېلىپ يەنە بىر ئىشچان قوغۇنچى مايمۇننى سىز ئۇزاقتىن بېرى دەم ئالمىدىڭىز، دەپ قايتۇرۇۋەتكەنىكەن ۋە تۇسۇقلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ، ناھايىتى جاپالىق ئىشلەۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالغانىكەن. مايمۇنچاق ئۇنى چاقىرىپ، مېھمان كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— خىزمەت ۋاقتىدا مېھمان كۈتەلمەيمىز، قايسى مېھمانىكەن ئۇ؟ — دەپتۇ ھورۇن مايمۇن مۇغەمبەرلىك بىلەن.

— تولا گەپ قىلماي تېزرەك بولۇڭ، مۇخبىر كەلدى، — مايمۇنچاقنىڭ ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھورۇن مايمۇن كەتمىنىنى مورىسىگە سېلىپ كەپىگە كىرىپ، تۇسۇق بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپتۇ ۋە يوغان بىر تاۋۇزنى ئۈزۈپ كېلىپ مېھمانلارغا پېچىپ بېرىپتۇ. تۇسۇق تاۋۇزدىن بىر تىلىم يەپلا سومكىسىدىن خاتىرە دەپتىرى بىلەن قەلىمىنى ئېلىپ بىر نەرسىلەرنى يېزىشقا تەييارلىق قىلىپتۇ. ئۇ ھورۇن مايمۇندىن:

— بۇ قوغۇنلۇققا قانچىڭلار قارايسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھېسابتا ئىككى، لېكىن يەنە بىر قوغۇنچى خالىسا كېلىدۇ، خالىمىسا كەلمەيدۇ. ئۇ ئىنتايىن ھورۇن، ساختىپەز نېمە، ئۆزۈمنى ماختىغانلىقىم ئەمەس، مەن بۇ قوغۇنلۇقنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرگىچە ئاز قان ـ تەر تۆكمىدىم. راست گەپنى قىلسام، بۇ كىچىككىنە تۆھپەمنىڭ گېزىتلەردە تەشۋىق قىلىنىشىنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىمەن ... — قوغۇنچى مايمۇن ئۆزىنى مۇشۇ تەرىقىدە تازا ماختاپتۇ.

ئەتىسى ئىشچان مايمۇن ھورۇن مايمۇننىڭ ھەممە تۆھپىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن قوغۇنلۇقتىلا تۇتۇشۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جېدەل چىڭىغا چىقىپ، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلغاندىن تاشقىرى قوغۇنلۇقنىڭ خېلى كۆپ يېرىنى ۋەيران قىپتۇ.

تۇسۇق ئەتىسى قايتماقچى بولغان كۈنى يېزىپ تەييارلاپ قويغان خەۋىرىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى قارا مايمۇنغا ئوقۇپ بېرىپتۇ:

«مايمۇنلار يۇرتىدا نەچچە يۈز يىلدىن بېرى نورغۇن مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆسۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، پەقەت مېۋە بەرمەي كېلىۋاتاتتى. لېكىن ئۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىلىنىڭ ئالدىدا بۇ يۇرتقا قارا مايمۇن باشلىق بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى مېۋىلەر ناھايىتى ئوخشاپ، ئاشلىق ۋە قوغۇن ـ تاۋۇزلاردىمۇ كۆپلەپ مول ھوسۇل ئېلىنىدىغان بولدى ...»

بۇ خەۋەر قارا مايمۇننى ناھايىتى خۇشال قىلىۋېتىپتۇ. ئەسلىدە ئۈچ يىلدىن بۇرۇنمۇ مايمۇنلار يۇرتىدا مول ھوسۇل ئېلىنغان، مېۋىلەر ئوخشىغانىدى. لېكىن تۇسۇق قارا مايمۇننىڭ ئۆزى باشلىق بولۇشتىن ئىلگىرىكى بارلىق نەتىجىلەرنى ئىنكار قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ، خەۋەرنى مۇشۇنداق يازغانىدى.

ئەتىسى قارا مايمۇن بىر تۆگىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا مايمۇنلار يۇرتىنىڭ ئالاھىدە يارلىقى مەھسۇلاتلىرىنى ئارتىپ، تۇسۇقنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

تۇسۇق تۆگە ئۈستىدە ئەركىن تەۋرىنىپ كېتىۋېتىپ، مايمۇنلار يۇرتىدىمۇ



ھوقۇقتا تايىنىپ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىدىغان، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ، تۆۋەننى باسىدىغان، يالغانچىلىق ۋە ساختىپەزلىك بىلەن نام ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارنىڭ خېلىلا بارلىقىدىن ھەيران بوپتۇ ھەمدە بۇ قېتىمقى زىيارىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىدىن شادلىنىپ، پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

## تۇسۇق بىلەن تۈلكىنىڭ بىر ـ بىرىنى ئەخمەق قىلىشى

تۇسۇقلارنىڭ مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تاغ قاپتىلى ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، بۇ يەردە بۈك ـ باراقسان چاتقاللار، بۆلدۈرگەنلەر، تۈرلۈك ياۋا مېۋىلەر، ئۇچار قانات ۋە ھايۋاناتلار بار ئىكەن. تۇسۇق ياز، كۈز كۈنلىرى زېرىكىپ كەتكەندە ئاشۇ تاغ قاپتىلىغا بېرىپ ئويناشقاچ تۈرلۈك ياۋا مېۋىلەرنى يەيدىكەن. ئۇ بىردەم دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىپ قۇشلارنىڭ ئۇۋىلىرىنى بۇزۇپ، تۇخۇملىرىنى چاقسا، بىردەم شاخلاردىكى قۇشلارغا تاش ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزىدىكەن. بىر كۈنى تۇسۇق خېلى ئۇزۇن ئويناپ چارچىغاندىن كېيىن قاپتالنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر تاغ ئۆڭكۈرىدىن غەيرىي بىر مەخلۇق چىقىپتۇ. تۇسۇق ئۇنى كۆرۈپ قورققىنىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. چۈنكى تۇسۇق ئەزەلدىن بۇنداق مەخلۇقنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. بۇ مەخلۇق قارساقتا تۈلكىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈكى ئاپئاق بولۇپ، ئۇنى ئاجايىپ بىر سىرلىق تۇسكە

كىرگۈزۈپ تۇرىدىكەن. ئەسلى ئۇ تۈلكە بولۇپ، ئاخشام كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا چۈشكەندە ئۆي ئىگىسى كېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ساندۇقىنىڭ ئىچىگە مۆكۈنىۋالغاندا، مۇشۇنداق تۇسكە كىرىپ قالغانىكەن. تۈلكە ئۆزىنىڭ بۇ غەيرىي سىياقىدىن پايدىلىنىش كويىدا يۈرگەنىكەن. شۇڭا ئۇ تۇسۇققا بىر خىل غەيرىي ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— سېنىڭ ئىسمىڭ تۇسۇقمۇ دەيمەن، — تۇسۇق بۇ مەخلۇقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلىدىغانلىقىدىن ھەيران قاپتۇ ۋە قورقۇپتۇ. تۈلكە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — شاكىچىك، ئۇنىچىۋالا قورقۇپ كەتمىگىن. سەن مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن؟ مەن ساڭا كىملىكىمنى دەپ بېرەي، مەن پەرىشتە، تولۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تۈلكە پەرىشتە بولىمەن. ماڭا بەختى بار، پېشانىسى ئوچۇق ئادەملەر ئۇچرايدۇ. سېنىڭ ھەقىقەتەن بەختىڭ بار ئىكەن. ئەگەر سەن ماڭا ياراپلا قالساڭ ھەر قانداق ئارزۇ-ئارمانلىرىڭغا يېتەلەيسەن. مەسىلەن، كۆزۈڭنى يۇمۇپلا ئۆزۈڭنى بۇلۇت ئۈستىدە كۆرەي دېسەڭ بۇلۇت ئۈستىدە كۆرىسەن ياكى كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئۆزۈڭنى دېڭىزنىڭ تەكتىدە كۆرەي دېسەڭ، دېڭىزنىڭ تەكتىدە كۆرىسەن.

بۇنى ئاڭلىغان تۇسۇق كۆزىنى يۇمۇپ نېمىندۇر پىچىرلىغىلى تۇرۇپتۇ.

— ھازىر ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمە، ساڭا قويىدىغان بىر نەچچە تەلەپلىرىم بار، شۇنى ئورۇندىيالىساڭ ئاندىن ئاشۇ مەقسەتكە يېتىسەن، — دەپتۇ تۈلكە، — ئاڭلاپ تۇرغىن، سەن ئاۋۋال ماڭا بىر خورازنى مۇشۇ ئۆڭكۈرگە ئەكىرىپ بېرىسەن، مەن ئۇنى سېنىڭ روھىڭنىڭ پاكلىنىشى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىمەن. قانداق، بۇ تەلەپىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارسەن؟ — تۇسۇق چىقالايمەن دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

— لېكىن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، — دەپتۇ تۈلكە ئاۋازىنى تېخىمۇ سىرلىق چىقىرىپ، — مەن بىلەن كۆرۈشكەنلىكىڭنى ھېچكىمگە تىنما. ئەگەر تىنىپ قويساڭ ساڭا كېلىدىغان ئامەتلەر قولدىن كېتىدۇ.

تۇسۇق تۈلكىنىڭ بارلىق تەلەپلىرىگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپتۇ. تۇسۇق قايتىپ كېلىپ بىر نەچچە كۈنگىچە تۈزۈك ئۇخلىيالماپتۇ. تۈلكە پەرىشتىنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلىدىغان سېھرىي قۇدرىتىنىڭ ئىشقىدا تاتلىق خىياللارنى سۈرۈپ مەززە قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ شۇنىڭ بىلەن تۈلكە پەرىشتىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپتۇ. بىرەر خورازنى تۇتۇپ ئاپىرىپ بېرىش تۇسۇققا تەس ئەمەس ئىدى، بىراق تۈلكە ئۆزى مېڭىپ كەلسۇن دېگەچكە، تۇسۇقنىڭ بېشى خېلىلا قېتىپتۇ.

تۇسۇقلارنىڭ مەھەللىسىگە يېقىنلا يەردىكى بىر ئېگىزلىكتا بىر مۇنچە توخۇلار بىرلىكتە ياشايدىكەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا تاز خوراز ناملىق بىر خوراز بولۇپ، ئۇنى توخۇلار پەقەت ئارىسىغا ئالمايدىكەن. شۇنداقتىمۇ بۇ خوراز ھالىغا باقماي سۆلەتۋازلىق قىلىدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ سۆلەتۋازلىقى باشقىلارغا ياقمىغاچقا، ئۇلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدىكەن. تاز

www.uyghurkitap.com

خوراز مەن ناھايىتى چىرايلىق، شۇڭا بۇ توخۇلار ماڭا ھەسەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايدىكەن. ئۇ ئەڭ سەت مىكيانلارغا قانات سۆرەپ باقسىمۇ، ئۇلار ئۇنى سىلىكىۋېتىدىكەن. تاز خوراز بۇنىمۇ باشقا خورازلاردىن كۆرىدىكەن. لېكىن بىر كۈنى تاز خوراز ئېگىزلىكتىن ئانچە يىراق بولمىغان سۈزۈك بۇلاقتىن سۇ ئىچىۋېتىپ، بۇلاق ئىچىدە تۇرغان ناھايىتى سەت بىر مەخلۇقنى كۆرۈپ ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپتۇ-دە، بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە، توخۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بۇندىن كېيىن ھېچقايسىڭلار سۈزۈك بۇلاققا سۇ ئىچىش ئۈچۈن بارماڭلار، ھازىر شۇ بۇلاقتىن قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇقنى كۆرۈپ يۈرىكىم چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى، — دەپتۇ.

توخۇلار تاز خورازنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، «قېنى كۆرۈپ باقايلى» دېيىشىپ، بۇلاق بويىغا بېرىشىپتۇ، لېكىن ھېلىقى مەخلۇقنى كۆرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار:

— سەن نېمىشقا بىزنى ئالدايسەن؟ بۇلاقتا نەدىمۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇق بولسۇن؟! — دەپ كوتۇلدىشىپ كېتىپتۇ. تاز خوراز ئۇلارغا:

— ئەنە تۇرمامدۇ؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ. خوراز ۋە مىكيانلار ئارىسىدىن بىردىنلا پاراقىدە كۈلكە كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئەسلىدە تاز خوراز ئۆزىنىڭ سۇدىكى ئەكسىدىن قورقۇپ كەتكەنىكەن. شۇندىن كېيىن تاز خوراز ئۆزىنىڭ سەتلىكىگە تەن بېرىپ، خوراز ۋە مىكيانلارغا ئارىلاشماي ئېگىزنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ يېگانە ياشايدىغان، ئۆز تەقدىرىدىن زارلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى تۇسۇق تۈلكە پەرىشتىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش كويىدا بۇ خوراز، مىكيانلارنى ئىزدەپ كېلىپ، نېمىشقىدۇر سەت يارىلىپ قالغاندىمەن، دەپ زارلىنىۋاتقان تاز خورازنى كۆرۈپ قاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي خورازجان نېمىشقا بۇنچىۋالا قاقشايسەن؟

— ھەي ... نېمىشقا قاقشايتتىم دەيسەن، ئۆز تەقدىرىمدىن قاقشايمەن-دە. مەن تولىمۇ سەت يارىلىپ قاپتىكەنمەن. شۇڭا مېنى ئاۋۇ دوستلىرىم پەقەتلا ئارىسىغا ئالمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن بۇرۇن ئۆزۈمنى ناھايىتى چىرايلىق چاغلاپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي سۆلەتۋازلىق قىلىپ، ئۇلارغا كۆپ ئەسكىلىك قىلىپ قويۇپتىمەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىغۇ بۇ ئاداۋەتنى يۇيۇپ، مەن بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ. يەنە بىر نەچچىسى مېنىڭ جىسمانىي ئەيىبىمنى ئاغزىغا ئېلىپ، مېنى كۈن ئالدۇرمايۋاتىدۇ. قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي كۈنۈم ئاھ-زار ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ. ئامال بولسا سەن ماڭا ياردەم قىلغان بولساڭ، قىلغان ياخشىلىقىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمىغان بولاتتىم، — دەپتۇ تاز خوراز قاقشاپ ۋە يىغلىنىپ. تاز خورازنىڭ بۇ گېپى تۈلكىنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە بىر پىلان تۈزۈپتۇ-دە، تاز خورازغا ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— ھەي ... مۇشۇ ئىشقىمۇ غەم يەپ يۈرگەنچە، مەن بىلەن بۇرۇنراق كۆرۈشسەڭ بولماسمىدى. بوپتۇ، ھازىرمۇ كېچىكمىگەنسەن. مەن ساڭا بىر يول كۆرسىتەي. ئاۋۇ تاغ قاپتىلىنى كۆردۈڭمۇ؟ — تۇسۇق قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ قاپتىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — ئەنە شۇ تاغ قاپتىلىغا بارساڭ ناھايىتى خاسىيەتلىك بىر تاغ ئۆڭكۈرى بار. شۇ ئۆڭكۈرنىڭ بىر تەرىپىدىن كىرىپ يەنە بىر تەرىپىدىن چىقىپ كەتسەڭ بىردىنلا پەرلىرىڭ گۈزەللىشىپ، خۇددى بىر تۇزغا ئوخشاپ قالىسەن. ئۇ چاغدا بۇ يەردىكى سېنى كۆرەلمەيۋاتقان دوستلىرىڭ ساڭا ھەسەت قىلغىنىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ. ئەگەر سەن ئۇ تاغ قاپتىلىغا يالغۇز بېرىشتىن قورقساڭ، مەن بىلەن بىرگە بارساڭمۇ بولىدۇ، بىراق ئۆڭكۈرگە ئاز قالغاندا ئۆزۈڭ يېرىپ كىرىسەن، ئەگەر مەن سەن بىلەن ئۇ يەرگىچە بىرگە بارسام، تاغ ئۆڭكۈرى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىدۇ.

— بۇ گېپىڭنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتىمەن. ئۇنداق بولسا ھازىرلا ماڭساق قانداق؟

— ماڭساق ماڭايلى.

ئۇلار تاغ قاپتىلىغا بېرىپ، ھېلىقى تۈلكە ئۇۋىسىغا ئاز قالغاندا تۇسۇق ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ. سۆلەت ۋە تاشقى گۈزەللىكىنى دەپ ھەممىنى ئۇنۇتقان تاز خوراز تۈلكە ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. تۇسۇقنىڭ ئۆزى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇندىيالايدىغانلىقىغا



ئىشەنگەن تۈلكە تۈزۈك ئوۋمۇ ئوۋلىماي، ئۇۋىسىدا خورازنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتقانىكەن. ئۇ تاز خورازنى بىرلا پۈكلەپ ئاستىغا بېسىپ، ئىشتىھا بىلەن بىردەمدىلا يەپ بوپتۇ. تاز خورازنىڭ تۈكى بولمىغاچقا، يۇڭۇزلايمەن دەپ ئاۋارىمۇ بولماپتۇ. تۇسۇق مۆكۈنگەن يېرىدە بىردەم ياتقاندىن كېيىن ئاستا مېڭىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. تۇسۇقنىڭ ھىدىنى سەزگەن تۈلكە ئۆڭكۈردىن چىقمايلا يەنە ھېلىقىدەك سىرلىق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— يارايسەن تۇسۇق، يارايسەن. قارىغاندا مەقسىتىڭگە يېتىدىغاندەك قىلىسەن. بىرىنچى تەلىپىمنى ناھايىتى ئوبدان ئورۇندىدىڭ. ئەمدى يەنە بىر تەلىپىم، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلاپ كۆرەڭلەپ يۈرگەن شىرنى مانا مۇشۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ ماڭا ئۈچ قېتىم تازىم قىلدۇرىسەن. بەلكىم بۇ ۋەزىپە ساڭا بىر ئاز قىيىن تۇيۇلۇشى مۇمكىن، لېكىن ئەقلىڭنى ئىشقا سالساڭلا بۇ ۋەزىپىنىمۇ ئاسانلا ئورۇندىيالايسەن. ئۈچ كۈندىن كېيىن مەن سېنى

مۇشۇ يەردە كۈتىمەن، ئەمدى ماڭسالىڭ بولىدۇ.

تۇسۇق ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، تۈلكە پەرىشتىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرغان بۇ مۇشكۇل ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ. ئۇ ئاخىرى شىرلار ياشايدىغان ئورمانلىققا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئورمانلىقنىڭ بىر چېتىدە ياشايدىغان ئەركەك شىر قانداقتۇر بىر جانىۋارنىڭ چىرىگەن سۆڭىكىنى غاجايمەن دەپ چىشىنى ئاغرىتىۋېلىپ ۋاي ـ ۋايلىغىنىچە ياتقانىكەن. ئانا شىر ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەنىكەن. ئورمانلىقتا بىرەر ئەخمەق شىرنى تېپىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن تۇسۇق ئەركەك شىرنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.

— سالام شىر ئانا، ئاتىمىزنىڭ سالامەتلىكى قانداقراق؟ مەن سىلەرگە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ تۇسۇق، ئانا شىر تۇسۇقنى مۇلايىملىق بىلەن كۈتۈۋاپتۇ.

— شىر ئاتىمىزنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى بىئارام بولدۇم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ تۇسۇق، — بۇلتۇر ئاتامنىڭ چىشى ئاغرىپ ناھايىتى ئازابلانغانىدى، شۇ چاغدا ئاتامنىڭ چۈشىگە مۇنداق بىر ئىش ئايان بوپتۇ: ئاتام بىر چۆلدە ئېزىپ ئۇسسۇزلۇقتىن قاقشاپ يۈرگىدەكمىش. گۈركىرەپ چىقىۋاتقان قارا بوران ئاتامنىڭ ئۈستىباشلىرىنى قۇمغا كۆمۈپ، كۆزلىرىنى ئاچالماس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپتىمىش. ئاتام ئۆزىنىڭ بۇ كاچ تەقدىرىدىن قاقشاپ خۇداغا نالە قىلىپتۇمىش. شۇ چاغدا بىردىنلا بوران توختاپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاق ساقاللىق بىر پەرىشتە پەيدا بوپتۇ. ئۇ دادامغا قاراپ: «سەن بۇ ئېزىتقۇ چۆلدىن چىقىپ كېتىمەن دېسەڭ تاغ قاپتىلىدىكى شىپالىق ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم تەزىم قىل» دەپتۇدەكمىش. شۇ چاغدا ئاتام بۇ چۈشنى مەھەللىمىزدىكى چۈشكە تەبىر بېرىدىغان بىر مومايغا دەپ بەرگەنىكەن، ئۇ مەھەللىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ قاپتىلىدا ئاشۇنداق بىر شىپالىق ئۆڭكۈر بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئاتام ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم سالام قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چىشى سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. شۇڭا شىر ئاتاممۇ ئاشۇنداق قىلىپ باقسا قانداق؟ — ئەتىگەندىن بېرى قاقشاپ ياتقان ئەركەك شىر شۇئان ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، تاغ قاپتىلى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپتۇ. تۇسۇق ئۆز مەقسىتىنىڭ ئىشقا ئاشىدىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ.

تۈلكىنىڭ تۇسۇققا شىرنى ماڭا ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدۇر دېيىشىدە بىر مەقسەت بار ئىكەن. يېقىندىن بېرى بۇ تاغ قاپتىلىدا بىر بۆرە پەيدا بولۇپ، تۈلكىنىڭ رىسقىغا قول سالغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار گەرچە ئۆز ئارا تۇتۇشۇپ قالمىغان بولسىمۇ، بىر ـ بىرىگە ئانچە ـ مۇنچە خىرىس قىلىپ يۈرۈيدىكەن. تۈلكە گەرچە ئۆزىنىڭ بۆرىدىن قورقىدىغانلىقىنى چاندۇرماي كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۆرىنى قورقۇتۇشنىڭ ئامالىنى

www.uyghurkitap.com

تاپالماي كېلىۋاتقانىكەن. تۇسۇق ئۇنىڭغا بۈگۈن شىرنى باشلاپ كېلىپ تەزىم قىلدۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەن كۈنى ئۇ بىر قىرغاۋۇلنىڭ پېيىغا چۈشۈپتۇ، قىرغاۋۇلنى تۇتۇۋالاي دەپ قالغاندا، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان ھېلىقى بۆرە قىرغاۋۇلنى ھۈركىتىپ ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. ئالدىغا كېلىپ قالغان ئولجىدىن قۇرۇق قالغان تۈلكە، ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ-دە، بۆرىگە تۇنجى قېتىم تەھدىت ساپتۇ:

— ھەي، بۆرە دېگەن ھارام تاماق، بۇ تاغ قاپتىلىنىڭ خوجائاكاڭغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئوخشىمامسەن؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بويپتۇ دەپ مەيلىڭگە قويۇپ بەرسەم، خوجا ئاكاڭنىڭ رىسقىغا تەپ تارتماي چاڭ سالىدىغان بوپسەن-دە، قارىغاندا سەن مېنى تازا بىلمەيدىغان ئوخشىمامسەن. مەن خېزىر تۈلكە بولىمەن. مېنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچۈم بار. سېنى خالىسام چۈۋىنىگە، خالىسام پاشىغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيمەن. مەن-مەن دەپ ھۆركىرەپ يۈرگەن شىر جېنىدا ھەر كۈنى كېلىپ ماڭا تەزىم قىلىدۇ.

بۆرە تۈلكىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. خېزىر تۈلكە دېگەننى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەن. شۇڭا بىردىنلا ھەيۋىسى چۈشۈپ تىلىنى چىقىرىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇ، شىرنىڭ تۈلكىگە كۈندە تەزىم قىلىدىغانلىقىغا تازا ئىشەنمەپتۇ. بۆرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەن تۈلكە ئۇنىڭغا:

— ئىشەنمىسەڭ ھازىرلا مەن بىلەن بىللە مېنىڭ ئۇۋامغا بار، — دەپتۇ. بۆرە تۈلكىنىڭ كارامىتىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي تۈلكە بىلەن ئۇنىڭ ئۇۋىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار تۈلكىنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ بىردەم ساقلىغاندىن كېيىن، ناھايىتى يوغان بىر ئەركەك شىر ئىغاڭلاپ ماڭغىنىچە تۈلكىنىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، ئۈچ قېتىم تەزىم قىپتۇ. ئاندىن ئالدى-كەينىگە قارىماي كېتىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بۆرە ئۆزىنىڭ چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان يەپ، تۈلكىدىن قايتا-قايتا ئەپۇ سوراپ، تۈلكىنىڭ ئۇۋىسىدىن چىقىپ قۇيرۇقىنى خادا قىلغىنىچە تىكىۋېتىپتۇ. ئىشلىرىنىڭ ئەپلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولغان تۈلكە تۇسۇقنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا تۇسۇقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. تۈلكە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇۋىسىدىن چىقماقچى بولۇپ بىردىنلا توختاپ قاپتۇ. چۈنكى ئەمدى ئۇۋىسىدىن چىقسىلا، ئەسلى قىياپىتى ئاشكارىلىنىپ قالىدىكەن. شۇڭا ئۇ ئۇۋىسىدىن چىقمايلا سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— يارايسەن شا كىچىك، يارايسەن. بۇ قېتىمقى ۋەزىپەڭنى ناھايىتى ياخشى ئورۇندىدىڭ. سەن چوقۇم مەقسىتىڭگە يېتەلەيدىغان ئەقىللىق بالا ئىكەنسەن. ئەمدى ساڭا ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋەزىپىنى تاپشۇرىمەن. سەن بىر ئىتنى ئىشقا سېلىپ، ماڭا بىر قىرغاۋۇل ئەكىلىپ بېرىسەن. شۇ چاغدا چوقۇم مەقسىتىڭگە يېتىسەن.

تۇسۇق تۈلكىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەھەللە تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. كېتىپ بېرىپ بۇ قېتىم

تۈلكىنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتمىگەنلىكىدىن بىرئاز شۈبھىلىنىپتۇ ۋە مېنى قۇۋ تۈلكىدىن بىرى ئالداپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە دېگەن پىكىر چاقماق تېزلىكىدە كۆڭلىدىن ئۆتۈپتۇ. ئەمما يەنىلا قانداقلا بولمىسۇن، ئىككى قېتىملىق ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدۇم. بۇ قېتىممۇ بىر گەپ بولار، ئورۇنسىز گۇمانلانماي تۇراي دەپ ئويلاپتۇ. تۇسۇق كېتىۋېتىپ بىر قانجۇق ئىتنىڭ كۈچىكىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ:

— بۇنچىۋالا يىغلاپ كەتكۈدەك نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ. قانجۇق ئىت يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— ۋاي قانداق قىلاي، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن. بۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بالام ئىدى. ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسەن. ناھايىتى چىرايلىق، ئوماق بالا بولغان. خۇددى كۆز تەگكەندەكلا ئىش بولدى، بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، دېگەن باھانە بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئىككى كۈندىن بېرى ھالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، تۇرۇپلا جۆيلۈپ، تۇرۇپلا ھۇشىدىن كېتىپ بارىدۇ.

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىشتا يىغلاپ قاقشىغىنىڭىزنىڭ پايدىسى يوق. مەن سىزگە بىر ئامالنى كۆرسىتىپ بېرەي، جەنۇبتىكى تاغ قاپتىلىدا بىر خىسلەتلىك ئۆڭكۈر بار. ئەگەر سىز بىرەر قىرغاۋۇلنى ئوۋلاپ بالىڭىزنىڭ باش-كۆزىدىن ئۆرۈپ بالاھغا كەلگەن بالا-قازالار مۇشۇ قىرغاۋۇل بىلەن كەتسۇن دەپ ئۇنى ئەشۇ تاغ قاپتىلىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويسىڭىز كۆپ ئۆتمەيلا بالىڭىز سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ تۇسۇق قانجۇق ئىتقا. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قانجۇق ئىت خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ:

— بايا تېخى بۇ بالىنىڭ دادىسى بىر قىرغاۋۇلنى ئوۋلاپ ئەكىلىپ قويغانىدى، — قانجۇق چاققانلىق بىلەن ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىپ بىر قىرغاۋۇلنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كۈچۈكىنىڭ باش-كۆزىدىن ئۆرۈۋەتكەندىن كېيىن تاغ قاپتىلى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. تۇسۇقمۇ بۈگۈن خىزىر تۈلكە ماڭا ھېلىقى سېھىرلىك كۈچىنى ئاتا قىلىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ، قانجۇقنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپتۇ. تۇسۇق خېلى ئىتتىك يۈگۈرگەن بولسىمۇ ئىتقا يېتىشەلمەپتۇ ئۇ، ئۆڭكۈرنىڭ يېنىغا باراي دەپ قالغاندا، ناھايىتى سەت بىر تۈلكىنىڭ بايىقى قىرغاۋۇلنى ھەۋەس بىلەن يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۆزىنى تېزلا دالدىغا ئاپتۇ. تۈلكە قانداقتۇر بىر شەپىنى سەزگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، يېرىمىنى يەپ بولغان قىرغاۋۇلنى سۆرىگىنىچە ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. تۇسۇق مۆكۈنگەن يېرىدە خېلى ئۇزاققىچە ئۈن-تىنسىز يېتىپتۇ، خىزىر دەپ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرگەن ئەشۇ مەخلۇقنىڭ قۇۋ، ھىيلىگەر تۈلكە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ ئامالى ھەققىدە خېلى كۆپ ئويلىنىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە پىلان تۈزۈپ مۆكۈنگەن يېرىدىن چىقىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— خوش خىزىر ئاتا، مەن كەلدىم، ھېلىقى سېھىرلىك كۈچىڭىزنى ئاتا قىلىڭ، — دەپتۇ. قىرغاۋۇلنى يەپ قورسىقى تويۇپ ئولتۇرغان تۈلكە تۇسۇق كەلتۈرۈپ بېرىۋاتقان ئاماتلەردىن ۋاز كېچەلمەي سۆزلەپتۇ:

— سەن ھەممە ۋەزىپەڭنى ئورۇنداپ بولدۇڭ، ھازىر قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئون بىر ياشقا.

— ئاپلا ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، — دەپتۇ تۈلكە مۇغەمبەرلىك بىلەن، — سەن تېخى كىچىككىنە ئەمەسمۇ، يەنە بىر يىل ساقلىشىڭغا توغرا كېلىدىكەن. ئۇنداق سېھىرلىك قۇدرەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەڭ كەم دېگەندىمۇ 12 ياشقا كىرىشىڭ كېرەك.

تۇسۇق ئەمدى ئاتالمىش «خىزىر» نىڭ قۇۋ تۈلكە ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىپتۇ، ئەسلى تۇسۇق 12 ياشقا كىرگەن بولۇپ، يالغاندىن 11 ياش دەپ قويغانىكەن.

— ھەي خىزىر ئاتا، مەن سىزگە كۆپ ياخشى ئىشلارنى ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن قىلىپ بەردىم. مەن ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە ماڭا تېخىمۇ ياخشى سېھىرلىك كۈچ ئاتا قىلالامسىز؟ — بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۈلكە خۇشاللىقىدىن تۇرالماي قاپتۇ.

— ھەقىقەتەن ئەقىللىق بالا ئىكەنسەن. بۇ بىر يىل سەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن ياخشى پۇرسەت. سەن بۇ بىر يىل جەريانىدا كۆپرەك خىزمەت كۆرسەتسەڭ، مەن ئەڭ سېھىرلىك قۇدرەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئاتا قىلىمەن. سەن ئاشۇ چاغدا دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئادەمگە ئايلىنىسەن. ئەگەر سەن بۇندىن كېيىنمۇ ماڭا داۋاملىق خىزمەت قىلماقچى بولساڭ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇشۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ماڭا خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشۇڭ كېرەك. باشقا چاغلاردا مېنىڭ باشقا يەرلەردە ئىشىم بار.

تۇسۇق ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەتىگەندە ھېلىقى تۈلكە ئۇۋىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەدەب بىلەن سۆزلەپتۇ:

— ھۆرمەتلىك خىزىر ئاتا، تاغ قاپتىلىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يايلاق مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆكلۆلمەيدانلىقتا نۇرغۇن قىرغاۋۇللار ئۇچالماسلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ ناھايىتى ئازابلىنىۋېتىپتۇ. سىز باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى كەسىپ قىلغان. ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويسىڭىز قانداق بولار.

— نېمە، ئۇچالماسلىق كېسىلىگە دەممەن، — قىرغاۋۇل گۆشىنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان تۈلكە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتقىنىچە سۆزلەشكە باشلاپتۇ، — سېھىرلىك قۇدرەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، باشقىلارغا خالىسانە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. بۇ ئىشىڭ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. مەن چوقۇم ئۇلارغا شىپالىق ئاتا قىلىمەن.

ئەسلىدە ھېلىقى كۆكلۆلمەيدانلىق بۆركۈتلەرنىڭ ماكانىكەن. تۇسۇق ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، تۈلكە ئۇۋىسىدىن چىقىپ يۇقىرىقى مەھەللە تەرەپكە قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپتۇ.

تۈلكە يىراقتىنلا كۆكلۆلمەيدانلىقتا بىرمۇنچە قىرغاۋۇللارنىڭ يورغىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. شۇڭا ئۇ تاقىلداپ كەتكەن نەپسىنى باسالماي ئۇچقاندەك يۈگۈرگىنىچە ئۇلارغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئەمدىلا ئۇۋىسىدىن يانغان بىر بۆركۈت تۈلكىنىڭ ئۆز بالىلىرىنىڭ ئارامىنى بۇزۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرغەزەپكە كېلىپ ئوقتەك ئېتىلىپ تۈلكىنىڭ تۇمشۇقىدىنلا ئاپتۇ. تۈلكە ئاغزى-بۇرنىدىن قان قۇيۇلغان ھالدا بەدەر قېچىپتۇ. بۆركۈت قوغلاپ كېلىپ تۈلكىنىڭ دۈمبىسىدىن تىرناقلىرىنى پاتۇرۇپ، يەنە بىر چاڭگال

www.uyghurkitap.com

گۆشنى يۇلۇۋاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان تۇسۇق خۇشاللىقىدىن پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە تۈلكىنى بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنىڭ يېڭى پىلانى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ خىيال بىلەن يۇقىرىقى مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ، بىر ئېيىقنىڭ ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ كاسىسىنى ھەدەپ يەرگە ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. تۇسۇق ئېيىقتىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— ھەي، ئاشۇ ھەسەل ھەرىسى دېگەن شۇمتەكلەرنىڭ ئىشى بولمامدۇ، ئازراق ھەسەل يەپ قويۇپتىكەنمەن، مۇشۇ كاسامنى چېقىپ، ۋاي جېنىمنى چىقاردى. باشتا ئانچە ئېرەن قىلماپتىمەن، كېيىن كاسام ئىششىپ، يىرىڭلاپ، قۇرتلاپمۇ كەتتى. دوستلىرىم قۇرتلارنى تېرىپ قويۇۋاتقان بولسىمۇ، قۇرت بارغانسېرى كۆپىيىپ، ماڭا پەقەت ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، سېنى خېلى ئەقىللىق دەپ ئاڭلىغاندەك قىلىۋېدىم. ماڭا بىر يول كۆرسەتكىنە، قانداق قىلسام كېسەلدىن قۇتۇلارمەن؟!

توسۇقنىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە بىر ئەقىل كەپتۇ - دە، ئېيىققا مۇۋاپىق مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ:

— بۇنىڭغۇ ئامالى ئاسان، بىراق سەن جاپاسىغا چىدىيالماسلىقىڭ مۇمكىن.

— ھەي، مۇشۇ قۇرت دېگەن ھارام تاماقلاردىن قۇتۇلىدىغانلا بولسام، ھەر قانداق جاپا چېكىشكە رازىمەن. ئادەمنى تولا تاقەتسىزلەندۈرمەي تېزرەك ئېيتىپ بەرسەڭچۇ! — دەپتۇ ئېيىق توسۇقنى ئالدىرىتىپ.

— بولىدۇ ئەمىسە، مەن ساڭا دەپ بېرەي، ئەنە ئاۋۇ تاغ قاپتىلىغا بارساڭ، خاسىيەتلىك بىر ئۆڭكۈر بار، قورسىقىڭنى ئوبدان تويدۇرۇۋېلىپ، ئەتىگەندىلا ئەشۇ تاغ قاپتىلىغا بېرىپ ھېلىقى ئۆڭكۈرگە يانپىشىڭنى قاپلاپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز مىدىرلىماي ئولتۇرساڭلا كېسىلىڭ سەللىمازا ساقىيىدۇ.

— رەھمەت ساڭا، مەن سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە قىلاي.

ئېيىق شۇ كۈنى يېمەي ساقلاپ قويغان ئىككى كۆپتەك ھەسەلنىڭ ھەممىسىنى زورلاپ يەپ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن بۇرۇنلا ئۇخلاپتۇ. ئۇ ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، تاغ قاپتىلى تەرەپكە قاراپ ئىڭراڭلاپ مېڭىپ كېتىپتۇ.

تۈلكە بۆركۈتنىڭ زەربىسىدىن ئۇۋىسىدا ئىڭراپ ياتقانىكەن. ئۇ بىر چاغدا قانداقتۇر بىر يوغان گەۋدىنىڭ ئۆز ئۇۋىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، شۇڭا ئۆڭكۈر ئىچى قاراڭغۇلۇققا تولۇپتۇ. تۈلكە دەسلەپتە بىردەم تۇرۇپ كېتىپ قالار، دەپ دېمى سىقىلغان ھالدا يېتىۋېرىپتۇ، لېكىن ئىككى كېچە - كۈندۈز ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلماپتۇ. ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلىشقىمۇ ماجالى قالماپتۇ. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىشىكنى ئاچالماپتۇ. نەتىجىدە بۆركۈتتىن يېگەن زەربە بىلەن ئاچ قورساقلىق تۈلكىنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرۈپتۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن

# روسىيە تەسىراتلىرى

## روسىيە

روسىيە، روسىيە، شۆھرەتلىك دىيار،
ئەزىزلەپ مېھمانغا چىللىدىڭ مېنى.
كېچىسى چۈشۈمدە، كۈندۈز ئويۇمدا
كۆرۈشنى ئارزۇلاپ يۈرەتتىم سېنى.

باردىم مەن قوينۇڭغا يىلىلىق كۈز پەسلى،
لىپالار يوللارغا تۆككەندە تىللا.
ئاق قېيىن ئۈينىتىپ نازۇك بېلىنى
تولغىنىپ ئاقاندا كۈمۈشتەك دەريا.

چىرايلىق ئورمانلار، يېشىل يايلاقلار،
زۇمرەت كۆل، دەريالار كۈيلىدى سېنى.
ئەدەبلىك، مېھماندوست، مەردانە خەلقىڭ
ئەڭ يېقىن، قەدىردان دوست بىلدى مېنى.

روسىيە، روسىيە، قەيەرگە بارماي،
تۇيۇلدۇڭ گوياكى كۆرگەندەك بۇرۇن.
تارىخىڭ، مەنزىرەڭ، شۆھرىتىڭ، شانىڭ
ئەزەلدىن قەلبىمدىن ئالغانكەن ئورۇن.

ۋاپادار ئوغلانىڭ، باتۇر سەركەردەڭ
كۇتۇزوۋ ئۇنتۇلماس قەلبىمدە ئوڭاي.
چىقامدۇ يادىمدىن تاپقىنى شۆھرەت
ناپالېئون قوشۇنىن قىلىپ سۇر-توقاي.

چىقامدۇ يادىمدىن باتۇر خەلقىڭنىڭ
گىتلېرگە ئەجەلنى قىلغىنى سوۋغا.
بېرلىنغا قىپقىزىل تۇغۇڭنى قاداپ،
فاشىستلار تەختىگە ئۇرغىنى پەشۋا.

پۇشكىنىنىڭ كوچىسى، تولستوي ئۆيى،
لېرمونتوۋ ماڭغان يول تونۇشتۇر ماڭا.
ھېكمەتلىك قىسسىسى «ئالتۇن بېلىق»نىڭ①
ئۇچقۇر خىياللىرىمغا بولغانتى ئانا.

تىنچ دون ناتونۇش ئەمەستۇر ماڭا،
تۇرىمەن گوياكى كەچكەندەك ئۇنى.
گوگۇل ۋە شولوخوۋ يازمىشلىرىدىن
بىلەتتىم تاراس② ۋە گىرىگورىنى.③

قەلبىمنى لەرزىگە سالىدۇ ھەردەم
پېسىنىڭ شېئىرىنىڭ ھەر ئالتۇن قۇرى،
ئوقۇسام زوق-ئىلھام ئېتىدۇ بەخش
ئايىتماتوۋ تومىنىڭ چاقنىغان نۇرى.

تاغلىرىڭ تېغىمغا، بېغىڭ بېغىمغا،
ئورمىنىڭ ئورمىنىم، يېرىمگە تۇتاش.

① پۇشكىن يازغان شېئىرىي چۆچەك. ② ③ گوگولنىڭ «تاراس بولبا»، شولوخوۋنىڭ «تىنچ دون» دېگەن ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار.

www.uyghurkitap.com

ئەزەلدىن بىر دەريا سۈيىنى ئىچكەن
جان دوست بىز، تۇغقانبىز قانۇ ـ قېرىنداش.

روسىيە، روسىيە شۆھرەتلىك دىيار
ھۆرمەتلەپ ـ ئىززەتلەپ ئۇزاتتىڭ مېنى.
پوشكىن ۋە تولستوي، شولوخوۋ يۇرتى
ھاياجان ئىچىدە ئەسلەيمەن سېنى.

## موسكۋا كېچىسى

قېيىنزار ئۈستىدە تۇنەپ قاپتۇ ئاي،
بۇلاقلار مەجنۇنتال چېچىنى تارار.
لىپالار سىلكىنىدۇ زەر ھالقىسىنى،
قاراقات يالتىراپ كۆزۈڭنى چاقار.

موسكۋا يېنىدا يۈردۈق بىز راسا،
سائەتمۇ كۆرسەتتى ئون ئىككىنى دەل.
ئورمانزار ئىچىدە گۈزەل چارباغلار
ئاجايىپ جىمجىت ھەم جەننەتتەك گۈزەل.

موسكۋا يېنىدا، ئورمانزارلىقتا
كېچىنى ئۆتكۈزدۇق ئاجايىپ خۇشۋاق
يازغۇچى ـ شائىرلار كۈلۈپ خۇشچىراي،
ھۆرمەت ۋە ئىززەتتە ئاچتى كەڭ قۇچاق.

ئۇ يەردە ئاق ئۆيلەر ئاينىڭ نۇرىدا
گويا ئاق لەيلىدەك كۆرۈنەر گۈزەل.
بۇ يەردە سارغۇچ ئۆي چىرىغى يېنىق،
كېچىكى ئىنچىكلىقنى كۆرۈپتۇ ئەۋزەل.

تىنچ ۋە ئاراملىق خىلۋەت بىر دۇنيا
بولەيدۇ راھەتنىڭ بۆشۈكىگە دەل.
شۇ يەردە ياشايدۇ ئەدىبلەر يىللاپ،
ئەقىل ۋە زېھنىنى بېرىشىپ بەدەل.

يۈرىكى قېنىنى، كۆزىنىڭ نۇرىنى
شام كەبى ياندۇرۇپ ئۆتمىدۇ كۈن ـ تۈن.
شۇ يەردە پۈتىدۇ قالتىس ئەسەرلەر
خەلقنى شۆھرەتكە چۆمدۈرگەن پۈتۈن.

ئەدىبنىڭ ھۆرمىتى ئۇلۇغ بۇ يۇرتتا
ھايات بار چېغىدا قىلىشار ئىززەت.
ئۆلسە گەر خاتىرە ئۆيىنى ياساپ،
ئەسىرلەر ئاسرايدۇ قىلىشىپ خىزمەت.

## پاستېرناك قەبرىسىگە قاراپ

موسكۋا يېنىدا كولخوز يەرلىرى
ھوسۇلنى تاپشۇرۇپ ئىگىسىگە دەل.
قاقلىنىپ ياتىدۇ كۈزگى ئاپتاپقا
ئارام ۋە راھەتنى كۆرگەندەك ئەۋزەل.

ئەنە شۇ تېرىلغۇ يەرلەر نېرىقتا
چىرايلىق دەرەخزار گۈلزارغا تۇتاش.
شۇ يەردە لىپالار سايىسىدا بىر
قەبرە بار، قويۇلغان ئېگىز بەلگە تاش.

شۇ تاشقا ئويۇلغان ئەبەدىي قىلىپ
پاستېرناك سۈرىتى ئاجايىپ ئېسىل.
ئاستىدا ئېچىلغان رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر
ئېپاردەك ھىدىدىن سۆيۈنىدۇ دىل.

سەيياھلار كېلىشىپ يېقىن ـ يىراقتىن،
بۇ يەرنى ئىززەتتە قىلىشار تاۋاب.
سۈرەتكە چۈشۈشەر خاتىرە ئۈچۈن،
گۈلدەستە قويۇشار ئاستا ئاۋايلاپ.

پاسېرناك شۆھرىتى «دوختۇر رىۋاگو*»
كۆپ دىلنىڭ زۇقىنى تارتقان ئۆزىگە.
ئاھ، بىراق تالانتنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ
مىخ بولدى، زىخ بولدى مۇدھىش كۆزىگە.

* پاستېرناك يازغان رومان نامى.

ھەسەتنىڭ، تۆھمەتنىڭ قويۇنى ھەردەم
ئاراملىق بەرمىدى ئۇنىڭغا ھامان.
پىتنەيۇ - پاساتنىڭ تىرنىقى ئۇنىڭ
يۈرىكى - قەلبىنى ئەيلىدى قان - قان.

ئاراملىق تاپمىدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى،
ئەل بەرگەن مۇكاپات شۆھرەتتىن كېچىپ.
غۇربەتتە ياشىدى بۇ ئۇلۇغ ئەدىب،
ياشىدى، چەت جايدا خەقلەردىن قېچىپ.

دۈشمەنلىك، سۈيىقەست، تۆھمەت قويۇنى
ئايلاندى بېشىدا، قويمىدى ئاياپ.
ئۆلۈپمۇ ئاراملىق تاپمىدى ھەتتا،
رەزىللەر ھەر مىنۇت تۇرغاچقا غاجاپ.

قۇياشنىڭ شولىسىن، ئاينىڭ نۇرىنى
بولغىلى بولامدۇ پاخالدا كۆمۈپ.
شانى ۋە شۆھرىتى چاقنىدى كۈندەك
ئۆتسىمۇ كۆپ يىللار پاستېرناك ئۆلۈپ.

سەييياھلار كېلىشىپ يېقىن - يىراقتىن
بۇ يەرگە گۈل قويار، قىلىشار ئىززەت.
ياخشىنى ياخشى دەپ تونۇيدۇ جاھان،
يامانغا ئەل ھامان ئوقۇيدۇ نەپرەت.
1991 - يىل 10 - ئاي موسكۋا

## پۈشكىنگە

1

ئالدىمدا سېنىڭكى خاتىرە ئۆيۈڭ،
ھاياجان ئىلكىدە تاشلىدىم قەدەم.
ئوڭۇمۇ - چۈشۈمۇ بىلمەي شۇ مەھەل
بوسۇغاڭ ئالدىدا تۇردۇم مەن بىردەم.

ئۇدۇلدا ئۇلۇغۋار سېنىڭ ھەيكىلىڭ
گوياكى تىرىكتەك تۇرىدۇ شۇنداق.
ئەقىللىق كۆزلىرىڭ تىكىلىپ ئويچان،
قەلبىمنىڭ ئۆيىگە ياندۇردى چىراغ.

سالام ئەي نەزمىنىڭ شاھى، گۈلتاجى
دېدىمەن ھۆرمەتتە بېرىپ ھەم سالام.
يالقۇنلۇق لىرىكاڭ، ئاتەش كۈيلىرىڭ
بالىلىق چېغىمدىن قىلغاچ دىلنى رام.

ئارانلا دۇنيادا ئۆتتۈز سەككىز ياش
ياشىدىڭ ئەي ئۇلۇغ ئوت يۈرەك شائىر
ۋە لېكىن شۆھرىتىڭ ئەسىردىن ئۇزاق
يارقىن نۇر چاچماقتا جاھاندا ھازىر.

ياشىدىڭ جاھاندا خۇددى نۇر كەبى
چاقماقتەك چاراسلاپ، چېچىپ يالقۇن، زەر.
ئاھ، پەقەت سېنىڭدەك ياشىسا ئادەم
نۇر - شولا تارىتىپ ئۆلگەنگە قەدەر.

2

ئايلاندىم خاتىرە ئۆيۈڭنى بىر - بىر،
كۆزلىرىم ئىچىگە سىڭدۈرۈپ شۇ دەم.
سەن يازغان سەتىرلەر، سىزغان سۈرەتلەر
قەلبىمگە نەقىش بوپ ئويۇلدى مەھكەم.

سەن يازغان شېئىرلار، قول يازما، كىتاب
جۇلالاپ نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ ئاپئاق.
سەن تۇتقان بۇيۇملار، قەلەم ۋە قەغەز
پېتىنى بۇزماپتۇ، تۇرۇپتۇ شۇنداق.

سەن باسقان ھەرقەدەم، سەن تۇرغان جايلار،
سېنىلا ئەسلىتىپ تۇرۇپتۇ گۈلگۈن.
ئاھ، سېنى ئۆستۈرگەن ئاتا - بوۋاڭنىڭ
شۆھرىتى، شانىنى قىلىپسەن پۈتۈن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دوستلىرىڭ، ئۇلپىتىڭ، زامانداشلىرىڭ
سەن بىلەن تېپىپتۇ ئىززەت ۋە ھۆرمەت.
سەن سۆيگەن نازىنىن يارىڭ، جانانىڭ
سەن بىلەن تېپىپتۇ مەڭگۈلۈك شۆھرەت.

ئەي شائىر، شۆھرىتىڭ ـ شانىڭ مۇقەددەس،
ئالەمدە تىكلىدى بۈيۈك بىر ھەيكەل.
جاھاندا ھېچقانداق مىنىسەپدار، زەردار
شاھلارنىڭ بەختىمۇ بولماس بۇنداق تەل.

3

خاتىرە ئۆيۈڭدە كۆردۈم بىر رەسىم
تۇرقىدا كۆرەلمەك، مىكىر مۇجەسسەم.
ئۈستىدە ئاق قاردەك ئۇفېتسىر كىيىمى،
ئۆزىگە ياراشقان بۇرۇتلىرى ھەم.

دانتېس دېپ تونۇتتى تونۇشتۇرغۇچى
شۇ مەھەل قەلبىمنى كۆيدۈردى ئەلەم.
ئەي شائىر، يالقۇنلۇق ھايات شامىڭنى
ئۆچۈرگەن ئەمەسمۇ ئاشۇ شۇم قەدەم.

تالانت ۋە شۆھرىتىڭ دۈشمەنلىرى ھەم
خاتىرە ئۆيۈڭدە تۇرار سەن بىلەن.
جاھاندا تەڭداشسىز شۆھرىتىڭ بىلەن
ئۇنتۇلماس قىلىپسەن ئۇلارنىمۇ سەن.
1991 ـ يىل 10 ـ ئاي، مەسكەۋا

## ن. ن. پۇشكىناغا *

چاچلىرىڭ سۇمبۇلدەك، قاشلىرىڭ قىياق،
لېۋىڭدۇر باغدىكى قىزارغان غۇنچە.
بەللىرىڭ بىر تۇتام، سېنى خۇدايىم
نېمىشقا بەك گۈزەل ياراتقان مۇنچە.

بولمىساڭ بولىمامتى مۇنچىلىك گۈزەل
پۇشكىنىنىڭ قەلبىنى قىلىپ بىئارام.
بولمىساڭ بولمامتى مۇنچە دىلرەبا
دانتېسنىڭ كۆزىنى قىلىپ مۇنچە رام.

سېنىڭ بۇ گۈزەللىك، دىلرەبالىقىڭ
شائىرنىڭ جېنىنى قىيدى، ئاھ ئېست.
سېنىڭكى پاكلىقىڭ، نامىڭنى قوغداپ،
دۇئېلدا جان بەردى شائىر — مەرد يىگىت.

شائىرنىڭ كۆكسىگە قادالدى ئاخىر
پىتنە ۋە سۇيىقەستنىڭ خەنجىرى چاقناپ.
ھاياتلىق چېغىڭدا تۆھمەت ئوقلىرى
ئەي گۈزەل سېنىمۇ قويمىدى ئاياپ.

ئەسىرلەپ ھاقارەت، تۆھمەتكە قۇربان
بولدۇڭسەن ئاھ پۇشكىن سۆيگەن گۈل جانان.
رەزىللەر، پەسكەشلەر تۆھمەتلىرىدىن
ھېچقاچان ئاراملىق تاپماپتۇ جاھان.

ئۆتكۈزۈپ بۇ ئالەم ئىككى ئەسىرنى
پۇشكىنا، نامىڭنى ئاقلىدى ئەمدى.
پەرزەنتلەر ئۈچۈن بىر مېھرىبان ئانا،
پۇشكىنگە ۋاپادار دېيىشتى سېنى.

ئۆتكەندە ئالەمدە شۇنچىلىك يىللار
بۈگۈنكى ئىشتەكلا سۆزلىنەر بۇ ئىش.
پۇشكىنىنىڭ ۋە سېنىڭ تەرىپىڭ سۆزلەپ
تۆھمەتخور شۇملارغا ئېيتىلار قارغىش.

گۈزەللىنىڭ رەقىبى — دۈشمىنى كۆپتۇر،
ئاقىل ۋە تالانتقا كۈشەندە تەييار.
ئاقىللار بەك ساپ دىل كېلىدۇ شۇنداق،
رەزىللەر بولىدۇ كەمەكتەك ھەييار.
1991 ـ يىل 10 ـ ئاي، موسكۋا

* ن. ن. پۇشكىنا — پۇشكىنىنىڭ ئايالى.

سېيىتنىسا لوقمان

## كەلدىمۇ

ئەي سابا بەرگىل جاۋاب سۆيگەن نىگارىم كەلدىمۇ؟
بالقىغان ئالتۇن قۇياش كۆڭلى باھارىم كەلدىمۇ؟
تەلمۈرۈپ كۈتكەن يۈرەكتىن گۈلئۇزارىم كەلدىمۇ؟
ئوت بولۇپ كۆڭلۈمدە يانغان ئىپتىخارىم كەلدىمۇ؟
مېنى قىلغان مەھلىيا شۇ ئىنتىزارىم كەلدىمۇ؟

رىشتىمنى باغلاپ ماڭا چىڭ ئەيلىگەن مەپتۇن مېنى،
كۆيدۈرۈپ ئىشقىدا ئۇ قىلغان گويا مەجنۇن مېنى،
سۆيگۈنىڭ يالقۇنىدا ئەتكەن بىدار كۈن-تۈن مېنى،
ئىلكىگە ئالماي تۇرۇپ قىلغان تامام تۇتقۇن مېنى،
سۆزلىرى بالدىنمۇ شېرىن كۆزى خۇمارىم كەلدىمۇ؟

چىن پەزىلەت خەزىنىسىدە چاقنىغان گۆھەر بولۇپ،
ھەمدە پاكلىق تەختىدە يېگانە ئەڭگۈشتەر بولۇپ،
سۆيگۈ-ۋاپا بابىدا سەن پارلىغان ئەختەر بولۇپ،
چىن ساداقەت گۈلشىنىدە خۇش پۇراق ئەنبەر بولۇپ،
جاننى قىلغان مۇنتەزىر شۇ تىل تۇمارىم كەلدىمۇ؟

تاۋلىنىپ ئالتۇن كەبى چىققان ھايات گۈلخانىدىن،
بىر ئۆمۈر قازغان جاۋاھىر ئەقلۇ-ئىدراك كانىدىن،
كۈلدۈرۈپ سۇلماس چېچەكلەر يۈرىكىنىڭ قانىدىن،
ھەر قەدەمدە ئەلنى دەپ كەچكەن ھاياتى-جانىدىن،
مەن ئۈچۈن جاندىنمۇ ئارتۇق غەمگۇزارىم كەلدىمۇ؟

مەرىپەت بوستانىنىڭ چوغدەك ئېچىلغان بىر گۈلى،
كەشپىيات گۈلزارىنىڭ شوخ سايرىغان بىر بۇلبۇلى،
يەڭ تۇرۇپ چۈشكەن چېلىشقا بەيگىلەرنىڭ دۇلدۇلى،
بار ئىجاد داستانىنىڭ ھەم خۇشناۋالىق مەرغۇلى،
ۋەسلىگە ئۆمرۈم تەسەددۇق بولغان شۇ يارىم كەلدىمۇ؟

شۇ ئۇلۇغۋار خىسلىتىگە جاننى قۇربان قىلغۇدەك،
ئەل سۆيۈنگەي مەردلىكى دىلنى گۈلىستان قىلغۇدەك،
ھەر قەدەم باسقان ئىزىنى خۇددى رەيھان قىلغۇدەك،
نامىنى ھەر بىر قەلبكە شاھى سۇلتان قىلغۇدەك،
مېھرىگە قويماققا باش تەندە مادارىم كەلدىمۇ؟

www.uyghurkitap.com

بەلنى باغلاپ ئەل ئۈچۈن ئۇ كەتكەن يىراققا يول ئېلىپ،
چىن مۇھەببەت باغدىن كەلمەككە مەن چۈن گۈل ئېلىپ،
ئۆرتىدى ھىجران مېنى كەتكەچ يۈرەككە ئوت سېلىپ،
ۋەسلىچۈن بەرگەن ماڭا مېھرىنى ھەمراھىم قىلىپ،
مەن ئۈچۈن جاندىن ئەزىز شۇ بىقارارىم كەلدىمۇ؟

ھۆرنىسا مامۇت

## چۆچىكىڭنى ئېيتقىن، ئەي بوۋا

قىشنىڭ ئۇزاق ـ ئۇزاق كېچىسى،
ئىسسىق كاڭدا ئولتۇرۇپ بوۋا،
بىزگە چۆچەك سۆزلىگەنلىرىڭ
خىيالىمدا ئەگىيدۇ غۇۋا.

سۈر باساتتى بەزىدە بىزنى
دېرىزىگە قوياتتۇق قاراپ.
غەزەپلەنسەك گاھى گاھىدا،
خۇشال بولساق كېتەتتۇق ياياراپ.

مەش ئۈستىدە قايناتتى چۆگۈن
پىلىلداتتى تەكچىدە چىراغ.
دېرىزىگە ئۇرۇلاتتى قار
قىزىقمايتتۇق بىز ئاڭا، بىراق.

كەلدىم بۈگۈن قەبرەڭنى يوقلاپ،
چۆچىكىڭنى ئېيتىپ بەر بىر رەت
بالىلىقنىڭ ئەسلىمىسىنى
بايان ئېتەر چۆچىكىڭ پەقەت.

چۈنكى بوۋا سەن چاي سۈمۈرگەچ
چۆچىكىڭنى باشلايتتىڭ ئاستا،
كۆز ئۇزمەيتتۇق بىز سەندىن پەقەت،
ئاسلان ئۇخلار ئىدى بىر ياندا.

چۆچىكىڭنى ئېيتقىن ئەي بوۋا،
ئىسسىق كاڭدا ئولتۇرۇپ بىزگە.
بالىلىققا قايتايلى شۇ دەم،
ئۆتكۈزەيلى كېچىنى بىللە.

ھەبىبۇللا بەكرى

## مېنىڭ قەلبىم ئانىلارنىڭ قەلبىدەك

مېنىڭ قەلبىم ئانىلارنىڭ قەلبىدەك،
دەريالارنىڭ دولقۇنىدا ئاقىدۇ.
مېنىڭ قەلبىم مۇھەببەتنىڭ سېھرىدەك،
يۈرەكلەرگە ئامەت ئىلھام چاچىدۇ.

مېنىڭ قەلبىم ئاللىنىرنىڭ قەبىدەك،
ئەسىرلەرنى ھالقىپ ئەسلا قېرىماس.
مېنىڭ قەلبىم سەبىي، ئوماق بالىدەك،
ھەۋەسلەردىن ھەۋەس تېپىپ توختىماس،

مېنىڭ قەلبىم ئانىلارنىڭ قەلبىدەك،
كۆكتە قۇياش پارلىغاندەك پارلايدۇ.
مېنىڭ قەلبىم گويا يىللىق باھاردەك،
ئورۇن ئېلىپ پاك دىللاردا ياشايدۇ.

مېنىڭ قەلبىم ئانىلارنىڭ قەلبىدەك،
ھەر يۈرەككە مۇنار تىكلەر ئۆرۈلمەس.
مېنىڭ قەلبىم نۇر چاچىدۇ قۇياشتەك
كۆمۈلسىمۇ ئۆمۈرۋايەت كۆمۈلمەس.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەمتىمىن بارى

# يېزا - قىشلاق تۇرمۇشىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرەيلى

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىغا خەت

بۇ يىل 23 - مايدا يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ى ئېلان قىلىنغانلىقىغا 50 يىل بولىدۇ. يېرىم ئەسىردىن بۇيان «نۇتۇق» ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىيات يولىنى ماياكتەك يورۇتۇپ كەلدى. 90 - يىللارغا قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە نۇتۇق» نىڭ روھى بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى چوڭ قەدەملەر بىلەن يۈكسەلدۈرۈشىمىزگە ئىلھام بەرمەكتە.

پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 8 - ئومۇمىي يىغىنى «يېزا - ئىگىلىكىنى ۋە يېزا خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. بىز نۇتۇقنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىگەن ۋاقتىمىزدا 8 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە مەركەزنىڭ قارارىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا - ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنى يازغۇچىلارغا خاس ئالاھىدە نەزەر بىلەن ئىنچىكە ۋە توغرا كۆزىتىپ ھەم تەتقىق قىلىپ، كىشىنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈرەلەيدىغان، يېزا - قىشلاق تۇرمۇشىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ئاساس قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىشىمىز كېرەك.

ھازىر يېزا - قىشلاق تۇرمۇشى ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ، يېزا - قىشلاقلار ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىش دەۋرى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئوبدان تونۇپ، «نۇتۇق» روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، تۇرمۇش قاينىمىغا چۆكۈپ، ئىسلاھاتچىلارغا خاس باتۇرلۇق بىلەن تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋر ۋە خەلققە مۇناسىپ بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىر يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنى «ماركسىزم - لېنىنىزمنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ۋە نۇتۇق ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش» قا چاقىرغانىدى. بىر يىلدىن بۇيان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى ۋە داۋاملىق ئېلان قىلىنماقتا. نۇتۇقنىڭ 50 يىللىق خاتىرە كۈنى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، بىز يەنە بىر نۆۋەت پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنى «ماركسىزم - لېنىنىزمنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، تىرىشىپ ئىجاد قىلىشقا، يېزا - قىشلاق تۇرمۇشىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش» كە چاقىرىمىز.

www.uyghurkitap.com

1. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش — ھەر بىر يازغۇچىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئاڭلىق ۋەزىپىسى. نۆۋەتتە، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى «نۇتۇق» نى قايتا ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 8 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، مەركەزنىڭ قارارىنى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ 8 - ئومۇمىي يىغىندىكى سۆزىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «يېزا - ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىش، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەرنى ئوبدان چۈشىنىشكە، دەۋر يازغۇچىلارغا يۈكلىگەن تارىخىي ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

2. تۇرمۇشنىڭ چەك دۇمبىتى بىزنى ئالدىراتماقتا. ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى دەرھال ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن يېزا - قىشلاق، زاۋۇت - كان - كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇ يەرلەردىن ئۆگىنىشى، ئەدەبىيات - سەنئەت خام ماتېرىياللىرىنى ئىگىلىشى، ئۇزۇق ۋە قايناق ھېسسىياتقا ئىگە بولۇشى كېرەك. كەسپىي يازغۇچىلار ۋە ئاپتونوم رايون، ئۇرۇمچىدىكى يازغۇچىلار ھەممە ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، تۇرمۇشقا پائال ۋە باشلامچىلىق بىلەن چۆكۈشى كېرەك. ئاساسىي قاتلامدا تۇرۇۋاتقان يازغۇچىلارمۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىسلاھات دولقۇنىغا ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى ئېتىشى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشى، ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش بىلەن بىللە تۇرمۇش جۇغلانمىسىنى كۆپەيتىشى كېرەك. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش ھوقۇق، مەنپەئەت ئۈستىدە قىلىنىدىغان سودا ئەمەس. «نۇتۇق» تا كۆرسىتىلگەن «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئارىسىغا بېرىش كېرەك» دېگەن چاقىرىققا ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «خەلق ئانىسى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى» دېگەن تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، تۇرمۇشقا چۆكۈش ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپە، دەيدىغان ستراتېگىيىلىك ئىدىيىنى تۇرغۇزۇش كېرەك.

3. يېزا - قىشلاق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يارىتىشتا شەكىللىۋازلىق قىلىشقا، بىرنەچچە ئەسەر ئېلان قىلىپلا بولدى قىلىشقا، شۇنداقلا بۇرۇنقىدەك مەركىزىي ۋەزىپىنى قوغلىشىپ، سىياسەتنى چۈشەندۈرۈشتەك شەكىلنى قوغلىشىشقا، سانىنى قوغلىشىپ، ئەسەرلەرنى ئىدىيىۋى مەزمۇنى نامرات، قۇرۇق، چاكىنا قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇلۇغ ئۆزگىرىش دەۋرى ئۇلۇغ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە مۇھتاج. ھەربىر يازغۇچىدا ئېسىل ئەسەرلەرنى يارىتىمەن دەيدىغان كۈچلۈك ئاڭ بولۇشى كېرەك. دەۋرنىڭ بىزگە قويغان تەلىپى يۇقىرى، دەۋر ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىدا ئۇلۇغۋار نەزەر، چوڭقۇر ئىدىيە، يۈكسەك ماھارەت، مول تۇرمۇش جۇغلانمىسى، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھ، يېڭىلىق يارىتىش جاسارىتى بولۇشنى، كۈچلۈك دەۋر روھىغا، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەسەرلەرنى يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىسلاھات دەۋرى بىزنى چاقىرماقتا. ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، يېزا - قىشلاق تۇرمۇشىدىن جاراڭلىق ناخشىلارنى يېزىشىنى، يېزا - قىشلاقلاردىكى يېڭى كىشىلەر ئوبرازىنى تىرىشىپ يارىتىشىنى، «نۇتۇق» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا مول سوۋغا تەييارلاش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى

1992 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

# بىر يۈرەكنىڭ سادا

«...بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى ئەمدى ئاياغلاشتۇرىمەن... سۆيۈملۈك كىتابخانلار، يۈرىكىڭلارغا قولۇڭلارنى سېلىپ بېقىڭلار، ئۇ نېمە دەۋاتىدىكىن؟...» بۇ — دىلدارنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 9 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ۋىناس ھەيكىلىگە قاراپ ئويلىغانلىرىم» ماۋزۇلۇق ئەدەبىي ئاخباراتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرى. گۈزەل ماكانىمىزدىكى رەھىمسىز رېئاللىقنى ھەققىي رەۋىشتە يورۇتۇپ بەرگەن بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ مۇشۇ قۇرلىرىنى تەكرار ئوقۇدۇم. ھاياجان ئىلكىدە ئىختىيارسىز كۆزلىرىم يۇمۇلدى. ئاشۇ ھالەتتە بىر پەس تۇردۇم. لېكىن سوقۇشى بارغانسېرى كۈچىيىپ، رىتىمى تېخىمۇ تېزلىشىۋاتقان يۈرىكىم ئۆز ساداسىنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىشقا قىستاپ، ئاخىرى قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇرلىدى.

مەن ئاۋۋال رەھىمسىز رېئاللىققا تىكىلىپ قارىيالىغان ۋە ئۇنى ئەدەبىي ئاخبارات قىلىپ يېزىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلغان ئاپتور — دىلدارغا، شۇنداقلا بىزدە كەمدىن - كەم ئېلان قىلىنىۋاتقان ئاشۇنداق ئەسەرلەرنى يورۇقلۇققا چىقارغان «تارىم» ژۇرنىلىغا چىن يۈرىكىمدىن سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن.

ئەدەبىيات گۈلزارىدا رېئال تۇرمۇش بىرقەدەر چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. بۇ كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىش، يامان ئىللەتلەر تەنقىدلەنگەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا توسالغۇ بولىدىغان قاراڭغۇ تەرەپلەر ئېچىپ تاشلانغان ئەسەرلەرمۇ كۆپلەپ مەيدانغا كەلمەكتە. لېكىن، بۇ جەھەتتە يەنىلا دادىل ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ يەردە شەنشى ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 1979 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن بىر مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ مەكىت ناھىيىسىدىكى دولان قەلەمكەشلىرىگە قىلغان مۇنۇ سۆزلىرى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ: «مەن بۇ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ ئاجايىپ تەسىراتقا ئىگە بولدۇم. ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر سەنئەتكار خەلق ئىكەن... ئىلىدا «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن بىر مەشھۇر خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناخشىسىنى ئاڭلىدىم. ئەپسۇسكى، ئۇ ناخشا «سېرىق» دەپ چەكلىنىپتۇ. نېمە ئۈچۈن چەكلىنىدۇ؟ ئەجەبا، سوتسىيالىزمدا قارا قاش، قوي كۆزلۈك گۈزەل قىزلار بولسا بولمامدىكەن؟! مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى سوتسىيالىزم دەۋرىدە قارا قاش، قوي كۆزلۈك گۈزەل قىزلارنى مەدھىيىلەش سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلارنى مەدھىيىلەشتۇر. چۈنكى ئۇ قىزلار دەل سوتسىيالىزم شارائىتىدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ چوڭ بولغان. يەنە كېلىپ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار مەدھىيىلەنگەن ناخشىلارنى نېمە ئۈچۈن چەكلەش كېرەككەن!».

بۇ ئېچكىرى ئۆلكىدىن شىنجاڭغا كەلگەن بىر ئەدەبىيات-سەنئەت خادىمىنىڭ مۇندىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن قىلغان سۆزى. شۇنداق، ئەمەلىيەتتە بىزدە قانچە ماختىسىمۇ ئەرزىيدىغان «قاپقارا قوي كۆزلۈك» گۈزەل قىزلار بار، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە دىلدار ئۆز ئەدەبىي ئاخباراتىدا سۈرەتلەپ بەرگەن ئامانگۈل، تۇراقىز، تۇمارخان، روزىخان ۋە ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ھېلىقى قىزلاردەك نابۇت بولۇپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن-نۇرغۇن قىزلار، ئاياللار بار. گەپ كۆز ئالدىمىزدا مانا مەن دەپ تۇرغان ئاشۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى كۆرۈشتە، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتا. ئەپسۇسكى، بىزدە بۇ خىل روھ تولىمۇ كەمچىل. بۇ ماھىيەتتە ئۆز-ئۆزىمىزنى ئالدىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەممىگە ئايانكى، قايسى دەۋر، قايسى جەمئىيەت بولسۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكمۇ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خۇددى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقى ئۈچۈن روشەن سېلىشتۇرما بولۇش رولىنى ئوينىغىنىدەك، رەزىللىكمۇ گۈزەللىكنىڭ نامايان بولۇشىدا روشەن سېلىشتۇرمىدۇر. بىز ئادەتتە كۆپ تىلغا ئالىدىغان تۇرمۇش چىنلىقىمۇ يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، گۈزەللىك ۋە رەزىللىكتىن ئىبارەت ئىككى توپ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ تەبىئىي ھالدا مەۋجۇت. ئەمما بىزدە ئەسەردىكى ھەر بىر پېرسوناژنى جەمئىيەتتىكى مەلۇم تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ قارايدىغان خاھىش تۈگەپ كەتكىنى يوق. رېئال ھاياتتىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبى مۇرەككەپلىك جەھەتتىن بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دۇنيادىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدىكى يەنە باشقا بىر دۇنيا. ئۇ قانداقتۇر جەمئىيەتتىكى بىرەر تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۆزىنىڭلا ۋەكىلى. تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، دىلدارنىڭ ئەدەبىي ئاخباراتىدىكى ئامانگۈل ئۇيغۇرنىڭ ۋەكىلى، ئۇيغۇرنىڭ تىپىمۇ؟ ياق، ئۇ پەقەت ئامانگۈلنىڭ ئۆزىنىڭلا تىپى. تۇراقىز، تۇمارخان ۋە روزىخانلارمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا پاھىشە ئاياللارنىڭ، دىۋانىلەرنىڭ تىپلىرىمۇ؟ مۇقەررەركى، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارمۇ پەقەتلا ئۆزىنىڭ تىپى. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى رەزىللىكنى يېزىش ھەرگىزمۇ شۇ

جەمئىيەتنى رەزىل قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس. بىر جەمئىيەتنى غايەت زور بىر گىگانت ئادەمگە ئوخشاتساق، رەزىللىك گويا ئاشۇ گىگانت ئادەمنىڭ تېنىدىكى جاراھەتكە ئوخشايدۇ، كونىلارنىڭ «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا» دېگىنىدەك، جاراھەت قانچە يوشۇرۇلسا، ئۇنىڭ كېڭىيىپ ئورگانىزمنى زەھەرلەش خەۋپى شۇنچە زور بولىدۇ. ئۇنى داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال ئاشۇ جاراھەتنىڭ بەدەندە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى دادىل ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كەمچىلىك-خاتالىقلارنى تۈزىتىشنىڭ تۇنجى قەدىمى — دەل ئاشۇ كەمچىلىك - خاتالىقلارنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رەزىللىكنى يېزىش دەل گۈزەللىكنى سۆيۈش ئۈچۈندۇر.

مانا، ئالدىمىزدا ئەڭ ئېسىل مىسال تۇرۇپتۇ: دىلدار گۈزەل ماكانىمىزدىكى ئايرىم ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەر چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن ئەدەبىي ئاخباراتنى زادى نېمە ئۈچۈن يازدى؟ ئەجەبا، ئاشۇ پاجىئەلەرنى كۆككە كۆتۈرۈش، ماختاش، كېڭەيتىش ئۈچۈن يازغانمىدۇر؟! دىلدارنىڭ ئەدەبىي ئاخباراتنى يېزىشتىكى مەقسىتى ئاشۇ ئەدەبىي ئاخباراتقا ناھايىتى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن. بۇنى ئەسەرنى ئوقۇغان ھەر بىر ئادەم ئېنىق ھېس قىلالايدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا، ئامانگۈل، تۇراقىزلارنى بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. دېمەك، دىلدارنىڭ رەزىللىكىنى يېزىشىمۇ، شەك - شۈبھىسىزكى، يەنىلا گۈزەللىكنى سۆيۈشتىن بولغان.

ئەدەبىياتىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىلدارنىڭ ئەدەبىي ئاخباراتىدەك مۇنداق نادىر ئەسەرلەرنىڭ كەمدىن - كەم ئېلان قىلىنىشىدا، مېنىڭچە، سىياسىي، ئىجتىمائىي ئامىللاردىن باشقا يەنە مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كەملىكىمۇ بىر سەۋەب بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇ سۆزۈم ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى قابىلىيەتلىك مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ تۆھپىسىگە كۆز يۇمماقچى ئەمەسمەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم گۈزەل ماكانىمىز شىنجاڭنىڭ تېررىتورىيىسى كەڭ، ئىقلىمى، ئۆرپ - ئادەت، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە باشقا نۇرغۇن تەرەپلەردە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان روشەن پەرقلەر مەۋجۇت. مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ھەرقانچە پۇختا بولغان تەقدىردىمۇ شىنجاڭنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە بېرىپ، ھەممە يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىشى، ھەممە پەرقلەردىن تولۇق خەۋەردار بولالىشى ناتايىن. مۇقەررەركى، بۇ ھال مۇھەررىرلەردە ئۆزى تۇرمۇش ئاساسى بىلەن تونۇشمايدىغان ئەسەرلەرگە نىسبەتەن گۇمانىي قاراش پەيدا قىلماي قالمايدۇ.

بىزدىكى نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقى يالغۇز مۇھەررىرلىرىمىزدىكى، ئەدەبىياتىمىزدىكىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مىللەتتىكى بىر ئىجتىمائىي كېسەللىك دېسەكمۇ ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئارتۇق كەتمەيدۇلا ئەمەس، بەلكى ئايرىم كىشىلىرىمىز خۇددى

(ئاخىرى 140 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com

غەيرەتجان ئوسمان

# رېئاللىقتىكى ھايات كومېدىيىسى

— «مەن» قۇتقۇزۇشقا موھتاج

رېئاللىقنىڭ ئۆزى بىر كومېدىيە. ئۇنىڭدا ۋەقەلەرمۇ، ئادەملەرمۇ ناھايىتى كۆپ. ئۇنى ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن ۋاقتىمىزدا ۋەقەلەر ئىخچاملىنىدۇ، تەرتىپكە سېلىنىدۇ، رەتلىنىدۇ؛ پېرسوناژلار ئازىيىدۇ، پىشۇرۇلىدۇ، تاۋلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رېئاللىقتىكى مەنىسىزدەك ھايات كومېدىيىسى ئەدەبىياتتا بەدىئىيلىك يوپۇقىنى كىيىپ، ئېستېتىكىلىق تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك قىياپەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بەلگىلىك ئوي، بەدىئىي دىت ۋە ماھارەت لازىم بولىدۇ.

مەن ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارى غاپپار تەۋەككۇلنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان «ھايات كومېدىيىسى» ناملىق پوۋېستىنى ئوقۇپ، ھاياتتىكى مۇنداق كومېدىيەلەرنىڭ ئەدەبىياتچىلىرىمىز تەرىپىدىن تەسىرلىك بەدىئىي تۈسكە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى روشەن ھېس قىلدىم.

مېنىڭچە، بۇ پوۋېستتىكى «مەن» نى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ ئىجابىي خاراكتېرمۇ ياكى سەلبىي خاراكتېرمۇ، بۇنى دەماللىققا ئايرىماق تەس. ئىشقىلىپ، ئۇ مۇرەككەپرەك ئادەم. «مەن» روھىي دۇنياسىدىن تارتىپ ئىش - ھەرىكەتلىرىگىچە بەكمۇ قاتمال ئادەم. بۇنى ماكرولۇق باھا دەپ تۇرايلى. ئالدى بىلەن بىز «مەن» نى سەن قايسى دەۋرنىڭ ئادىمى؟ دېگەن سوئال بىلەن سەگىتسەك، ئۇ، ئىككىلەنمەي: مۇشۇ دەۋرنىڭ بولمايچۇ، دېيىشى مۇمكىن، ھەتتا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ، ئېلېكترون دەۋرىنىڭ ئادىمى بولىمەن، دېيىشىمۇ مۇمكىن. «مەن» مۇشۇلاردىن خەۋەردار. ئۇ زامانىۋى جەمئىيىتىمىزنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئارزۇلىرى بەكمۇ ئۇلۇغ. «مەن» ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، 39 تىللا يىغقان، ئۇ ھەرەمگە بارماقچى... ئۇ تاڭ سەھەردىن نامازشامغىچە ئىشلىگىنىگە قانائەتلەنمەي، بەزىدە ئىش قىلغان يېرىدىلا قونۇپ قالىدۇ. ھەپتىلەپ ئۆيىگە قايتمايمۇ قالىدۇ. ئۇ ئۆز ئىشىغا ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ كىرىشىپ كەتكەن.

«مەن» نى مىكرولۇق نۇقتىدىن كۆپ قىرلىق ئىزاھلاش مۇمكىن. ئۇ 20 يىللاپ ئىشلەپ يىغقان 39 تىللاسىنى بوسۇغىغا كۆمۈپ قويۇپ، ئاخىرى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويىدۇ. «مەن» دە شۇنداق خاراكتېر يېتىلگەنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق خاتىرجەملىكىنى ئويلاپ، 20 يىللىق ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق تاپقان 39 تىللاسىنىڭ ئىز سورىقىنى قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە ئەنزە يىپ ئۇچى بېرىشتىن ۋاز كېچىدۇ. ساقچىلارنى «ئەھمىيەتسىز» ئىشلار ئۈچۈن ئاۋارە قىلىشنى قوبۇل كۆرمەيدۇ. شۇڭا بىز

«مەن» قالاقلىق، خۇنۇكلۇك، قاتماللىق خاھىشى ئېغىر شەخس دېگەن چۈشەنچىگە كېلىمىز. ئۇ تۇرمۇشتىكى خىلمۇ خىل شەيئى، ھادىسىلەرگە بىخەستەلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىراپلا يۈرىدۇ. ئۇ قانداق ياشىسا مەنىلىك بولىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ.

پۈۋېستتىكى «مەن» ئەسلىدە تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت ئادەم ئىدى. ئۇنى بىز كۆرگەن. بىز ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنىڭ شاھىدى بولىمىز. ئۇنىڭ روھىي مۇھىتىنى بىر خىل قاتماللىق، بوشاڭلىق، خۇراپاتلىق، نادانلىق ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان. شۇڭا ئۇ چاكىنا ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئەمگەك قىلىدۇ.

«مەن» چۈشىدە بىر قىزنى كۆرىدۇ. بۇ قىز بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ. ئۇ بۇ ئەھۋالنى قوشنىسىغا ئېيتىدۇ ۋە «تويى قىلماي ياشىغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن خىيالغا كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نادانلىقتا ئۆتكەن ئۆمرىنى ئاخىرى ئىنكار قىلماقچى بولىدۇ. ئۇ قانداق قىلىپ بۇنداق خىيالغا كېلىپ قالدى؟ «مەن» رېئاللىقتىكى خىلمۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلمىگەچكە، «ئوغلۇمنىڭ ئۆلۈشىگە مەن سەۋەبچى بولۇپتىمەن... مەن ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن 20 يىل ھەرىكەت قىپتىمەن» دېگەنگە ئوخشاش خىيالغىمۇ كېلىدۇ.

بىز «مەن» نىڭ يۇقىرىقىدەك غەلىتە مىجەزىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئادەممۇ ياكى ئادەم سۈپەتلىك مەخلۇقمۇ دېگەن تونۇشقا كېلىمىز. ئوبرازنىڭ كېلىش مەنبەسىنى، مۇھىتىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا قالاقلىق، قاتماللىق تەرەپلەردىن تاشقىرى ياشاش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان ئادەملەرگە خاس جىگەرمۇ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز.

«مەن» جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشىنى، قايغۇرۇشىنى ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىنى «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىۋاتىدۇ» دەپ قارايدۇ.

«مەن» دىكى قاتماللىق ئۇنىڭ ئەسلى خۇي ـ پەيلىمۇ؟ بۇنى ئەلۋەتتە تەكشۈرۈپ كۆرمەي بولمايدۇ. بۇ «مەن» نىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە «مەن» باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئادەملەر دۇنياسىدا تۇغۇلۇپ، چوڭ بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى جەمئىيەتتە يېتىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. «مەن» نىڭ ئۆسۈشىمۇ جەمئىيەتكە چەمبەرچەس باغلانغان. بىز «مەن» دىكى ھەممە ئالاھىدىلىك باشقىلاردىن يۇققان دېسەكمۇ مۇبالىغە قىلغان بولمايدۇ. ئاددىسى ئۇ «خوتۇن كىشىنى پات ـ پات ئۇرۇپ تۇرمىسا، ئادەمنىڭ بېشىغا مىنىۋالىدۇ» دېگەنلەرنىمۇ قوشنىسىدىن ئۆگىنىۋالغان. بىزنىڭ مەسىلىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز «مەن» نى جەمئىيەت ئاشۇنداق قىلىپ يېتىشتۈرگەن دېگەنلىك ئەمەس. «مەن» نى ئاز ساندىكى مۇتەئەسسىپلەر، باقىيلىق دۇنياسىنىڭ مۇشرىكلىرى ئاشۇنداق تەربىيىلەپ

www.uyghurkitap.com

چىققان. «مەن» ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بۇيرۇتۇپ سوقتۇرغان ئىخلاسمەن مۇخلىسنىڭ دەل ئۆزى.

«مەن» روھىي قاتماللارنىڭ كەتمىنىنى چاپامدۇ؟ بۇنىسى ناتايىن. تۇرمۇشتىكى «مەن» ئاشۇنداق ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ، تېتىقسىز كومېدىيىسىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، خېلى بۇرۇنلا ئۆزى ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز بولغان بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقانىدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى «مەن» چۇ؟ ئۇ ئۇنداق ئۆلۈپ كەتسە بولمايدۇ.

تۇرمۇشتىكى «مەن» مەنىسىز ھايات يولىنى بويلاپ كېتىپ قالدى، ئۇنىڭغا بىز يېتىشەلمەيمىز. يېتىشىشىمىزمۇ ھاجەتسىز. بىزگە «ھايات كومېدىيىسى» دىكى مەن كېرەك. چۈنكى بۇ «مەن» ئۆزىگە كىنايە، مەسخىرە، ئاچچىق كۈلكىنى ھەمراھ قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق مۇتەئەسسىپلىك، قاتماللىق، روھىي باقمىندىچىلىك ئىددىيىسىنى مەسخىرە قىلغان، ئۆزىگە ئوخشاش «مەن» لەرنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئىلتىجا قىلغان. ئۇنىڭغا تۈيۈق بولغا باشلايدىغان دادا، پەلەپەتىش نەسىھەت قىلىدىغان قوشنا، كونا قائىدە، يوسۇنلارنى ئۆگىتىدىغان تاغا ھەم ئانا ئەمەس، بەلكى ياخشى ئوقۇتۇپ، ئىقتىدارلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەيدىغان ئوقۇتقۇچى كېرەك.

ئادەملەر «مەن» نى تالاشماقتا. ئۇنى قانداق ئادەم قىلىپ چىقىش تەربىيىگە باغلىق. سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز كونىلىقنى، قاتماللىقنى كىنايە ۋە مەسخىرە قىلىدىغان روھنى يېتىلدۈرۈشنى كۈتمەكتە. بىز ئۆمرىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزەيلى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

(بېشى 137 ـ بەتتە)

دىلدار ئۆز ئەدەبىي ئاخباراتىدا ئېيتقىنىدەك نېرۋىسى بۇزۇلۇش دەرىجىسىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇلار خۇددى «ئۆز تېنىنى ئۆز قولى بىلەن كېسىپ پارچىلاپ نابۇت قىلغانغا ئوخشاش» تېخى 5 ـ ، 6 ـ سىنىپلاردا ئوقۇۋاتقان مەسۇم قىزلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، «داموللا ھاجى» لارغا دۇئا قىلدۇرۇۋاتىدۇ. خۇددى دىلدار ئېيتقانىدەك، ئاشۇلارغا ئوخشاش نېرۋىسى بۇزۇلغانلار ئۆز قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. ئەمىسە نېرۋىسى ساقلارچۇ؟ ئۇلارنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشىمۇ ۋىجدانىي جىنايەت ئەمەسمۇ؟ دەل شۇنداق! ئۇلارنى قۇتقۇزۇش بىزنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىمىز.

شۇ تاپتا لۇشۈن ئەپەندىنىڭ: «پەقەت چىن سادالا جۇڭگولۇقنى ۋە دۇنيا ئەللىرىنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. چىن سادا بولغاندىلا دۇنيادا ئاندىن دۇنيا خەلقى بىلەن بىللە ياشىغىلى بولىدۇ.»① دېگەن سۆزى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداق، دۇنيادا ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداشتىنمۇ ئارتۇق ھاماقەتلىك، ئەخمەقلىق بولمىسا كېرەك. بىز بۈگۈنكى دۇنيادا دۇنيا خەلقى بىلەن بىللە ياشايمىز دەيدىكەنمىز، ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئالداشتىن ئىبارەت بۇنداق ھاماقەتلىك پىسخىكىغا خاتىمە بېرىپ، خۇددى لۇشۈن ئەپەندى ئېيتقانىدەك چىن سادالارنى ياڭرىتىشىمىز كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

① «ئۇچ بىنا» ئۇيغۇرچە نەشرى، 8 ـ بەت.

ئەزىز ھېيىت

# «ھايات كومېدىيىسى» ھەققىدە

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 3 - سانىغا غاپپار تەۋەككۇلنىڭ «ھايات كومېدىيىسى» ناملىق پوۋېستى بېسىلدى. بۇ پوۋېستنى زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىنچام شەكىل بىلەن يورۇتۇپ بېرىش جەھەتتىكى ياخشى ئىزدىنىش دېيىشكە بولىدۇ.

ھېسسىي بىلىش جەھەتتىن ئېيتقاندا كىتابخان بۇ كومېدىيىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ھەددىدىن زىيادە ساددىلىقنىڭ قۇلى بولغان «مەن» نىڭ سەرگۈزەشتىسىگە ئاۋۋال كۈلىدۇ. كېيىن ئېچىنىدۇ. ماھىيەت ياكى بىلىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىتابخان ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئاللىق بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان رېئاللىقنى سېلىشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىغا ئويغۇن بولماي قالغانلىقىنى بايقىماي قالمايدۇ. ئاپتور ئەكس ئەتتۈرگەن ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەسلىدىكى ئاساسى قانداق؟ بۇ مەسىلىگە ماھىيەت جەھەتتىن جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلسە، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ تۈپ يىلتىزى بولغان مىللىي ئاڭغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى تەكشى بولمىغاندەك، ھەر قانداق مىللەت ئىچكىنىڭ يۈكسەكلىك دەرىجىسى كونكرېت ئادەملەردە ئوخشاش بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەربىر مىللەت ئىچىدە ئاڭ جەھەتتە ئارىستوتىل ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن ئادەملەر بولۇش بىلەن بىللە يەنە دونكىخوت ۋە ئاQ چە روھقا ئىگە ئادەملەرمۇ بولىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، «ھايات كومېدىيىسى» نىڭ قەھرىمانى «مەن» نىڭ پروتوتىپى رېئال تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت. «مەن» دۆتلۈك، ئەخمەقلىق جەھەتتە دونكىخوت بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرسا، روھىي غالىبىيەتچىلىك خاراكتېرى جەھەتتە ئاQ دىن كېيىن قالمايدۇ. ئۇنداق «مەن» لەر بۇرۇن بولۇپلا قالماستىن، ھازىرمۇ بىمالال ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

بىزگە مەلۇم، تۇرمۇشتا بىر ئادەم سەۋەبسىز ئالىم ياكى كالۋا بولۇپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللار بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى بىزگە ئايدىڭ. لېكىن پوۋېستتا باش قەھرىمان «مەن» نىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولۇپ قالغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلمىگەن. ئاپتور ئېچىپ بەرمىگەن بۇ نۇقتا يەنى «مەن» نىڭ «مەن» بولۇپ قېلىش سەۋەبى ئەمەلىيەتتە كىتابخانلار ئەڭ قىزىقىدىغان مۇھىم نۇقتىدۇر. پوۋېستنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىتابخان «مەن» نىڭ كۈلكىلىك ھەم ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ «مەن» نېمىشقا شۇنداق ئادەم

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالدى؟ دېگەنلەرنى ئەلۋەتتە ئويلايدۇ. ئاپتور دەل شۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى، «مەن» نىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. سېرۋانتېس دونكىخوت خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى ئىسپانىيە جەمئىيىتىنىڭ تارىخىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشىدىن ئىزدەيدۇ. دونكىخوتنىڭ رىتسارلار ھەققىدىكى رومانلارنى كۆپ ئوقۇپ، رېئال دۇنيادىن كىتاب دۇنياسى ئىچىگە كىرىپ ئېلىشىپ قېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى، كىتاب قەھرىمانلىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى قارىغۇلارچە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانلىقىنى دونكىخوت خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى قىلىدۇ. لۇشۈنمۇ ئاQ نىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىك خاراكتېرىنى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جۇڭگو جەمئىيىتىدىن ئىزدەپ روھىي غالىبىيەتچىلىكنىڭ يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچىلىرىدىن يۇققانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى.

پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى مەيلى كلاسسىك يازغۇچىلار بولسۇن ياكى ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى بولسۇن، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئومۇمەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بۇ، ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندىمۇ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مىزان. ئەمما «ھايات كومېدىيىسى» دە ئاپتور بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلمىغان.

«ھايات كومېدىيىسى» دە «مەن» نىڭ پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - سىنىپىغىچە ئوقۇغانلىقى ئېيتىلغان. شۇ ئەھۋال ئۇنىڭ «مەن» بولۇپ قېلىش سەۋەبى بولالامدۇ؟ بۇنداق قاراش دېسەك تولىمۇ بىر تەرەپلىمە قاراشتۇر. مېنىڭچە ئۇ پەقەت بىر پۈتۈن سەۋەبنىڭ بىرلا ئامىلى بولالىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئائىلە تەربىيىسىگە ئىگە بولمىغانلىقى سەۋەب بولغانمۇ دېسەك، «مەن» نىڭ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىدىن قارىغاندا، بۇمۇ سەۋەب بولالمايدۇ. چۈنكى «ئادەم مەقسەتلىك ياشىمىسا ھايۋاندىن پەرقى بولمايدىغانلىقىنى» چۈشەنگەن دادىنىڭ ئۆز ئوغلىنى تەربىيىلىمەسلىكى، ياخشى يولغا باشلىماسلىقى، ئۆز ۋارىسىنىڭ قەلبىگە ئەقىل نۇرىنى چاچماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەسەردە «مەن» بىلەن ئۇنىڭ دادىسى بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويۇلغان. رېئاللىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇنداق ئەقىللىق بىر دادا ئۆز ئوغلىنى ئۆزىگە ئوخشاش ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا «مەن» نىڭ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى، ئوچۇق ئېيتقاندا، «مەن» نىڭ ھەرەمگە بېرىش ئۈچۈن پۇل توپلاش خىيالى سەۋەبچى بولغانمۇ؟ ئەسەردە ئۇنداق خىيالنىڭ «مەن» گە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئېيتىلمىغان. چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئۇنىڭ «مەن» بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانمۇ؟ بۇ تەرەپ ئەسەردە پەقەت تىلغا ئېلىنمايلا قالماستىن، «مەن» بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز قىلىپ قويۇلغان. ئادەمنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ خىزمىتى ۋە كەسپى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقى مۇقەررەر. «باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، مەن ھۈنەرنى خېلى ياخشى قىلىدىكەنمەن» دېگەن سۆزلەردە «مەن» نىڭ ئەقىللىقلىقى ئاشكارىلىنىدۇ.

شۇنچىلىك ھۇنەر قىلالايدىغان بىر ئادەم تۇرمۇشتا خوتۇن ئېلىشنىمۇ بىلمەيدىغان دەرىجىدە دۆت بولامدۇ؟ ئۇ باشقا سەييارىدە ئەمەس ئادەمزات دۇنياسىدا ياشاۋاتقان ئادەم تۇرۇقلۇق، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشەنمەسلىكى، بىلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ يەنە كېلىپ، ئۇ ئەما ياكى گاس، گاچا بولمىسا؟ يۇقىرىدىكى تەرەپلەر «مەن» خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنىڭ تاشقى ئامىللىرى ئىدى. بۇ جەھەتلەردە ئاپتور ھېچقانداق پاكىت كۆرسەتمىگەن.

ئۇنداقتا «مەن» خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنىڭ ئىچكى ئامىلى كۆرسىتىلگەنمۇ؟ ئەسەردە بۇ ھەقتىمۇ ھېچقانداق بېشارەت يوق. ئەمدى تۆۋەندە بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتەيلى!

ئەگەر «مەن» تۇغما دۆت بولغان بولسا، ئۇنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىغا ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى سەۋەبچى بولغان دېيىشكە بولاتتى. ئەمما ئەسەردە بۇ ھەقتە ھېچقانداق بېشارەت يوق. پسىخىك ئۆزگىرىش سەۋەبچى بولغانلىقىمۇ ئېيتىلمىغان. چۈنكى ئەسەر «مەن» نىڭ نېرۋىسىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى، قاتتىق روھىي زەربىگە يولۇققانلىقى ياكى ھەددىدىن زىيادە چارچاش، ھاياجانلىنىش نەتىجىسىدە نورمال پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغانلىقى ئېيتىلمىغان. مۇھىت سەۋەبچى بولغانمۇ، دېيىشكە توغرا كەلسە، «مەن» ئادەم يوق جاڭگالدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ياكى تۇغۇلۇپلا چۆلگە كېتىپ، ئادەملەردىن بىراقلا ئايرىلىپ قالغان ئەمەس. ئۇ ئادەملەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان سەھرادا چوڭ بولغان. ئەگەر بۇ ئەسەردە «مەن» نىڭ ئۆزگىرىشىگە يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ بىرەرى سەۋەب بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولسا، ئۇ ھالدا «مەن» نىڭ مەكتەپ ھەم ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ياكى جەمئىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى قانۇنىيەتلىك بولغان بولاتتى. ئۇ چاغدا «مەن» خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى ئايدىڭلىشىپ، ئۇ ھەقتە ھېچكىمدە گۇمان تۇغۇلمايتتى. ئەسەردە كۆرۈلگەن بۇ سەۋەنلىكلەر ئاخىرىدا مۇنداق ئىككى چوڭ سەۋەنلىكنىڭ كۆرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغان.

بىرى، «مەن» دە خاراكتېر خاسلىقىنىڭ بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، مەسىلەن، ئەسەردە «مەن» بىردەم كالۋا ئادەم قىياپىتىدە سۆزلىسە، يەنە بىردەم دانىشمەن ئادەم قىياپىتىدە سۆزلەيدۇ. بەزىدە تەدبىرلىك ئادەم سۈپىتىدە گەپ قىلسا، بەزىدە ئىش ئۇقمايدىغان بىغەرەز ئادەم سۈپىتىدە گەپ قىلىدۇ. «مەن» نىڭ تۇپراق بېشىدا دادىسىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ئالدىدا قىلغان سۆزلىرى، كېيىن ئىسلاھات جەريانىدا جايلاردا ئۆزگىرىش بولماي پەقەت ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقى ھەققىدە قىلغان سۆزلىرى، «خوتۇن ئالسا ئۇرۇپ تۇرمىسا بولمايدىكەن...» دېگەن سۆزلىرى ۋە ئۆزۈمى سۇغا تاشلىسام خەق كۆرۈپ قالىدۇ...» دېگەن سۆزلىرى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ.

يەنە بىرى، ئەسەردىكى «مەن» ئوبرازىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولماي قالغانلىقىدۇر. مىللىي ئالاھىدىلىك ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇمۇمىي يىغىندىسى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەسەردە «مەن» نىڭ ئۆيلەنگەندىن كېيىن
ھۈنەر قىلىش ئۈچۈن ئۆز مەھەللىسى ۋە خوتۇنىنى تاشلاپ باشقا يەرگە
كەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئۇ پەقەت «مەن» ئوبرازىنى قەستەن خۇنۈكلەشتۈرۈش
رولىنى ئوينىغان. كېيىن «مەن» نىڭ ئايالىنىڭ «ئاجرىشىش» رەسمىيىتىنى ئۆتەپ
شوپۇر بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولغاندا، «مەن» ئۆيلىنىش ھەققىدە مەس-
لىھەت بولغاندا ھېچقانداق چۈشەنچىدە بولمىغىنىدەك، بۇ ئىشتىمۇ ئوخشاشلا ھېچ-
قانداق ھېسسىياتتا بولمايدۇ. بۇ ئىشلار رېئاللىقتا يات تۇغۇلمىدىن ئىبارەت. «مەن»
نىڭ ھەرەمگە بېرىش مەقسىتىدە پۇل توپلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلىقى ئەسەر-
دىكى ۋەقەلىكنىڭ بىردىنبىر يىپ ئۇچى قىلىنغان. قارىماققا، مۇشۇ يىپ ئۇچى «مەن»
نىڭ «ھايات كومېدىيىسى» نىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىلگەندەك تۇيۇل-
دۇ. بىراق ئەمەلىيەتتە «مەن» ئۇنچىۋالا ئىنتائەتمەن ئادەم ئەمەس. ئەكسىچە بىر
ئىشقا پەرۋاسىز قارايدىغان ئادەم. شۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ۋەس-
يىتىگە ئەقىدە باغلىشى، ھەتتا ئۆمۈر بويى شۇ نىيىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكى مۇمكىن
ئەمەس. «مەن» نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدىلا ئۇنتۇپ كەتكەندەك، «ھەرەمگە
بېرىش» ئارزۇسىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدىغان ئادەمدۇر. قارىماققا ئاپتور شۇ يىپ ئۇچى
ئارقىلىق «مەن» نىڭ دىنىنىڭ زەھەرلىشىگە، زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسەت-
مەكچى بولغان. ئەمما ئەسەردىكى بايانلاردىن ئۇنداق مەقسەتنى تاپقىلى بولمايدۇ.
بۇ ئەسەردىكى ئەمەلىي ئەھۋالدۇر. «مەن» ئوبرازى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنى-
مىزدەك، بۇ دۇنياغا ئۇقۇشماي تۇغۇلۇپ قالغان، ھەممىدىن خەۋەرسىز ئۆتكەن، ھېچ-
قانداق تەبىقىگە مەنسۇپ بولمىغان، قىسقىسى، بۇ دۇنيا بىلەن چىقىشالمايدىغان بىر
ئادەم. ئەگەر بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقى ھېسابقا ئېلىنمايدىغان
بولسا، ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد
قىلغۇچى قايسى مىللەتنىڭ تۇرمۇشىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى پەقەت بىلگىلى بولمايدۇ.

ئاپتورنىڭ تەقلىد قىلغان ئەسىرى بىزگە خېلى ئۇزۇندىن بېرى تونۇشلۇق
بولغان فرانسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ئالبېت كىماسنىڭ «يېگانە ئادەم» ناملىق
پوۋېستىدۇر. «يېگانە ئادەم» دىمۇ «مەن» نىڭ تىلى ئارقىلىق «مەن» ئوبرازى يارىتىل-
غان. ئالبېت كىماس ياراتقان «مەن» سۆيگىنىنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىغا
پەرۋا قىلمايدىغان، ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرمايدىغان، ئۇقۇشماي ئادەم ئۆلتۈرۈپ
قويۇپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇلغاندىمۇ غەم قىلمايدىغان، ئىنسانلىق ھېس-تۇيغۇسىدىن
مەھرۇم بولغان، ئومۇمەن مەنىسىز ياشاپ ئۆتكەن بىر ئادەمدۇر. ئالبېت كىماس
بۇ دۇنيانى «مەنىسىز دۇنيا» دېگەن مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىگە ئاساسەن «مەن»
ئوبرازىنى ياراتقان. رېئاللىق نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ بۇ قاراش بۇرژۇئازىيە جەم-
ئىيىتىدە چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەنبەگە ئىگە. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن
غەرب جەمئىيىتىدە چۈشكۈنلىشىپ، چىقىش يولى تاپالماي گاڭگىراپ ئۆتكەن ئادەملەر
ھەقىقەتەن ئاز بولمىغان. ئەسەردىكى «مەن» دەل شۇنداق كىشىلەرنىڭ ۋەكىلىدۇر.

(ئاخىرى 42-بەتتە)

قۇدرەت قۇربان

# «ئىمتاس گۈگۈم» توغرىسىدا

ئالىمجان ئىسمايىلنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىللىق 10-، 11-سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان «ئىمتاس گۈگۈم» ناملىق پوۋېستىدا يارىتىلغان سابىر ئوبرازى يارقىن بەدىئىي تىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن پوۋېستنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىدا تۇرىدۇ. خاراكتېرىستىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، سابىرنىڭ يېڭى خىزمەت ئورنىغا مۇدىرلىققا يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىنكى قولايسىز خىزمەت شارائىتى، ئۇنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى، ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلىرى ۋە ئۆز تۇرمۇشىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ تۈز لىنىيىلىك خاراكتېرى بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ هال كۆپ قۇتۇپلۇق خاراكتېر ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى يەككە قۇتۇپلۇق خاراكتېر ئارقىلىقمۇ ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى يازغۇچىنىڭ قايسىبىر كارامەت ئۇسلۇبتا يازغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى شۇ ئۇسلۇبتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىغان-پايدىلىنالمىغانلىقىدا نامايان بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ جەريان يازغۇچىدىن يۈكسەك بەدىئىي ماهارەتنى كۈتىدۇ. بەدىئىي ماهارەت يازغۇچىنىڭ مەنىۋى خەزىنىسىدە مۇستەقىل بەدىئىي دىت ئاساسىدا ئۆتمۈشكە خاتىرە، هازىرغا مىكروسكوپ، كەلگۈسىگە تېلېسكوپ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

بەدىئىي دىت ئىجادىيەت پسىخولوگىيىگە خاس مۇرەككەپ پسىخىك كاتېگورىيە. ئىجادىيەت «سىرى» غا چېتىشلىق بۇ مەسىلىگە هەرقانداق نوپۇزلۇق زاتمۇ ئېنىق چۈشەنچە بېرەلىشى ناتايىن. چۈنكى، ئۇ پەقەت يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى روهىي هالىتىدە سۇبيېكتىپ مەۋھۇملۇق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدىغان، لېكىن تازا ئېنىق دەپ بەرگىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن فۇنكسىيىدىن ئىبارەت.

ئەسلى گېپىمىزگە قايتساق، يەككە قۇتۇپلۇق خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژ سابىر

تەبىئىيكى، بىردە ئىجابىي، بىردە سەلبىي تۈس ئالىدىغان مۇرەككەپ پېرسوناژ ئەمەس، بەلكى باشتىن ـ ئاخىر ئىجابىي تۈستە گەۋدىلەنگەن ئاددىي پېرسوناژ. ئۇ كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ. پوۋېستنى ئوقۇغىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزدا سابىر ئوبرازىنىڭ جانلىق، كونكرېت سۈرىتى گەۋدىلىنىدۇ. چۈنكى سابىر ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىق ئۈستىدىن جەزمەن غەلىبە قىلىدىغان شەخس سۈپىتىدە ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ قويۇلمىغان، ئۇنىڭ خوجىلىق بۆلۈم مۇدىرى ــ نەپسانىيەتچى شەخس بارات، ئۆزىنىڭ ئايالى ــ شەخسىيەتچى، ھازازۇل شەخس ئامىنە قاتارلىقلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئىزچىل ھالدا ھەققانىيەت مەيدانىدا تۇرۇشى، ئەمما ئامالسىز قېلىشى، ھەتتا پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى ھەقىقىي ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ئالاھىدىلىك ۋە ئاجىزلىقلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا تەبىئىي چىنلىق بېغىشلىغان، بۇ نۇقتىنى دەلىللەش ئۈچۈن پوۋېست ۋەقەلىكىنى ئەزمىلىك بىلەن بىرمۇ بىر ئەسلىتىپ ئۆتمىسەكمۇ، پوۋېستنى كۆرۈپ چىققان كىتابخانلارغا ئايان، سابىرنىڭ تۇنجى قېتىم چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن غۇنچەم بىلەن تۇرمۇش قۇرالماسلىقى قانداق تاسادىپىلىق ۋەجىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئايالى ئامىنە بىلەن توي قىلىشىمۇ شۇنداق كۈتۈلمىگەن تەقدىردىن بولىدۇ. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ يەڭگىللىك قىلغانلىقىنى بىلگەندە ئاللىقاچان كېچىككەنىدى. ئامال قانچە، تەقدىرگە تەن بېرىپ ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بىلەن ئايالى ئوتتۇرىسىدا ھالاللىق بىلەن نەپسانىيەتچىلىك، ئومۇمىيلىق بىلەن شەخسىيەتچىلىك، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن چاكىنىلىق دائىرىسىدىكى كىشىلىك قاراشلاردا مۇتلەق پىكىر بىرلىكى بولمايدۇ. بۇ جەھەتلەردىكى پىكىر بىرلىكىنىڭ بولماسلىقى تەبىئىي ھالدا ھېسسىيات بىرلىكىنىڭ بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئائىلىۋى ئىناقلىق تېخىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. سابىر ئۆز تەبىئىتىگە خاس سالماقلىق، كەڭ قورساقلىق بىلەن بۇ خىل بۇرۇختۇم ئائىلە مۇھىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، ئۇنىڭ قىلچە ئۈنۈمى بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ چوڭ ھاڭ پەيدا بولىدۇ. سابىر بېيجىڭغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بارات مۇدىر، ئەيسا جۇيجاڭلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشى بىلەن ئامىنەمۇ شۇلار قاتارى ئۆزىگە ئالاھىدە ھەشەمەتلىك قورۇ ـ جاي سېلىپ كۆچۈۋالىدۇ. سابىر بۇنى كۆرۈپ قاتتىق خاپا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. شۇ مەزگىلدە يەنە باراتنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن سابىرنىڭ غۇنچەم بىلەن بولغان نورمال مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئۆسەك سۆزلەر پەيدا بولىدۇ. ئاخىرى سابىرغا تۆھمەت چاپلىنىدۇ. ئەسلىدە بارات قاتارلىقلارنىڭ مۇددىئاسى ئۆزلىرىنىڭ چۈۋۈلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان خىيانەتچىلىكىنى يېپىش، سابىرنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىپ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، ئۇنىڭدىن ئەتۇر ھېساب ئېلىش ئىدى. كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىۋاتقان بۇ خىل ناھەقچىلىكلەر ئالدىدا سابىرنىڭ ۋىجدانى قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئاخىرى ئۇ ئەلەمگە چىدىماي باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەتكەن غۇنچەمنىڭ قېشىغا بېر-

رىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن يىل ئىلگىرىكى ئۇقۇشماسلىق، يەڭگىللىك سەۋەبىدىن سادىر قىلغان سەۋەنلىكىنى كەچۈرۈشنى ئىلتىجا قىلىدۇ.

تەقدىرنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن چاقچىقى غۇنچەمنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ.

زۆرۈر تېپىلغاندا پوۋېستنىڭ بۇ تۈگەللىمە قىسمىدىن كىچىككىنە ئۈزۈندە ئالساق ئارتۇقچە بولماس: «غۇنچەم بېشىنى كۆتۈرۈپ، ياش بىلەن قىزارغان كۆزلىرىنى سابىرغا تىكتى. ئۇ سابىرنىڭ كۆزىدە يالتىراپ تۇرغان، ئۇزاق يىللار ئاۋۋال ئۆزىگە تونۇش بولغان ئۆتكۈر بىر نۇرنى كۆرگەندەك بولدى... ئەمدى ئۇنى ئاشۇ بىر چاغلاردا كۆيۈپ-پىشىپ ياخشى كۆرگەن ئادىمى باغرىغا باسماقتا. تونۇش، يىللىق ھىد ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مەست قىلماقتا. ئۇ بۇنىڭغا راستتىنلا ئېرىشكەنمىدۇ؟ تەقدىر ئۇنى يەنە ئالدىماسمۇ؟...» پوۋېست بەئەينى يېقىملىق مۇزىكىنىڭ خاتىمە قىسمى كىشىگە مول سېھرىي زوق، ئېغىر مۇڭ، تەگسىز خىيال بەخش ئېتىش بىلەن يۈرەكنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ توختىغىنىدەك تاماملىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيىتى، باشتىن-ئاخىر يارقىن ئوبراز، گىرەلەشكەن ئېپىزوت، قويۇق ماكان ۋە زامان تۇيغۇسى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق ئېچىپ، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر روھىي دۇنياسىنى سۈرەتلەپ بەرگەنلىكىدە. ئاپتور كىتابخانلارنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن، زېرىكىشلىك بايان، سۈنئىي دىئالوگلارنى زورۇقۇپ ئوقۇشتىن ئازاد قىلىدۇ. پوۋېستتا ئېگىز بويى، بۇغداي ئۆڭ، يوغان كۆزلۈك، زىلۋا ئايال غۇنچەم بىلەن پاكار بويلۇق، ئاق سېرىق، سېمىزلىكىدىن ئۆردەكتەك ئېغاڭلاپ ماڭىدىغان، دىقماق، كالتە بىلەكلىرىنى سېرىق تۈكلەر قاپلاپ تۇرىدىغان ئامىنەنىڭ خاراكتېرى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق خاسلاشتۇرۇلغان. غۇنچەمنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئاياللارغا خاس تەبىئىي، ئاق كۆڭۈل خاراكتېرى، شېرىن سۆزلۈكى، شۇنداقلا ئامىنەنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان ۋالاقتەككۈر، ھازازۇللارچە تۇترۇقسىز مىجەزى روشەن ئوبراز ئارقىلىق نامايان قىلىنغان.

پوۋېستنىڭ ماۋزۇسى دەل جايىدا قويۇلغان بولۇپ، گوياكى مارجانلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان يىپەك يىپتەك پۈتكۈل ئەسەر ئېپىزوتلىرىنى بىر بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. لېكىن پوۋېستتا بەزى يېتەرسىزلىكلەرگىمۇ يول قويۇلغان. پوۋېستنىڭ 7-قىسمىدا غۇنچەمنىڭ دەريادا كىر يۇيۇۋاتقان كۆرۈنۈشى بېرىلگەن. ئۆيىنى ئەينەكتەك پاكىز، رەتلىك تۇتىدىغان، ئۆيىنىڭ تېگىدىكى خىشلارنى تولا يۇيۇپ سىلىقلاشتۇرۇۋەتكەن غۇنچەمنىڭ دەريادا كىر يۇيۇشى مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەھۋال. گەرچە ئۇ قىسمەن رېئاللىق دېيىلگەندىمۇ، غۇنچەمنىڭ كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەنگەن ئەسلى تەبىئىتىگە ماس كەلمىگەندەك تۇيۇلىدۇ. غۇنچەم بىلەن سابىرنى دەريا بويىدا ئۇچراشتۇرۇش ئۈچۈن، دەريا قىرغىقىدا غۇنچەمنى كىر يۇيۇشتىن باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلدۇرۇشقىمۇ تامامەن مۇمكىن بولار ئىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، «تىمتاس گۈگۈم» پوۋېستى ئاپتورنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسىرىدۇر.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

مۇسا ئەھەد

# شېئىرىيىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە مۇلاھىزە

يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىر قىسىم ياش شائىرلىرىمىز يېڭىچە، ئۇسلۇبتىكى شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىتابخانلار ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلدى. بۇ شېئىرلار قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ خىللىقى، تېمىسىنىڭ كەڭ ھەم يېڭىلىقى بىلەن كۆپلىگەن قەلەمكەشلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. دەسلەپكى قەدەمدە ئۈمىدلىك ياش شائىر ئەخمەتجان ئوسمان ئۆزىنىڭ سىمۋوللۇق شېئىرلىرى بىلەن ژۇرنال سەھىپىلىرىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان بولسا، ئارقىدىنلا مۇختەر مەخسۇت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، پەرھات ئىلياس، ئەزىزى، باتۇر روزى قاتارلىق ياش شائىرلىرىمىزمۇ كۆپ خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، شېئىرنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىپ، ئىنسانىنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىغا يوشۇرۇنغان نازۇك ھېس تۇيغۇلارنى قازىدىغان سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. بىلىنىشكى ھەر قانداق بىر شېئىر قىزغىن ھېسسىياتنىڭ مېۋىسى بولۇشى لازىملىقىنى ئېيتقانىدى. يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان شېئىرلارنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، بۇ شېئىرلاردا ھېسسىياتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، شېئىردىكى ئىچكى رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق ئۈچۈن كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرۈلگەن ھەمدە جۇشقۇن شېئىردىي كەيپىيات يارىتىلىپ، كۆركەم، جانلىق شېئىردىي مەنزىرىنىڭ بەدىئىي سۈرىتى سىزىپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شائىرنىڭ روشەن ئىندىۋىدۇئاللىقى ھەر بىر مىسراغىچە سىڭگەن. بۇنداق شېئىرلار زوقلانغۇچىلارغا كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئۇرغىتىدۇ.

يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان شېئىرلاردا ئىنسانىنىڭ قەلبىنى نامايان قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئىنسانىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، قەدىر ـ قىممىتى يۈكسەك ئورۇنغا قويۇلغان. شۇڭا بۇ شېئىرلار ئىنسانىنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان «شام بولسام»، «كۆل بولسام»، «يىلتىز بولسام»، «ئۆمۈچۈك بولسام» دېگەنگە ئوخشاش ئىرادە بىلدۈرۈش خاراكتېرىنى ئالغان پەند ـ نەسىھەت بولۇپ قالغان شېئىرلاردىن پەرقلىنىپ، شېئىردىي پىكىر قاتلىمى، شېئىردىي مۇھىت قاتلىمى يارىتىش ۋە لىرىك ھېسسىياتنىڭ قويۇق بولۇشىنى كاپالەتلەندۈردى. شۇڭلاشقا بۇ شېئىرلار دەماللىققا ئوقۇغان ئادەمدە سىرلىق ھەم گۇڭگا تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

لېكىن بۇ خىل گۇڭگىلىق ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بىر خىل يوشۇرۇن سېھرىي كۈچى بىلەن شېئىرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 9 ـ سانىغا بېسىلغان پەرھات

ئىلىياسنىڭ «مەن، سەن، ئۇ» ناملىق شېئىرىغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

شۇدىرغان
چالسا دەريانى كۈمۈش نەي قىلىپ،
كىم ئۇ كاچكۇللاردىن
ئۈنۈپ چىققان يېشىل ئاھاڭ بوپ؟
شۇرەمەللەر
ئېلىپ ماڭسا كۈمۈش چۈشلەرنى
كىم ئۇ ساھىللاردا
كۆزلىرىگە قالغان ياش تولۇپ؟
زارىققاندا يۈز ئاچسا باھار،
كىم ئۇ يەنە زىمىستاننى،
سېغىنغانچە قالغان ئويلىنىپ؟

شېئىرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش كۆپ خىل، كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. ئادەملەر ئەنە شۇنداق تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە ياشايدۇ ھەم پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئېستېتىك قارىشى، دۇنيا قارىشى، ئارزۇسى، ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتتىكى تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئادەم مېڭىسى خىلمۇخىل زىددىيەتلەر بىلەن تولغان مۇرەككەپ قۇرۇلما. شائىر مانا مۇشۇنداق زىددىيەتلىك تەرەپلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندىلا، كىتابخانلار قەلبىنى زىلزىلىگە سالالايدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازالايدۇ. يۇقىرىقى شېئىردا شائىر ئەنە شۇنداق تېمىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئىنساننىڭ روھىي ئالەمىدىكى نازۇك تەرەپلەرنى بىر قەدەر چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەرگەن. شائىر ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەت بىلەن ۋۇجۇدىدىكى بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى مۇرەككەپ روھىي ھالەتنى كىنو مونتاژلىرىدەك ئۆتۈشتۈرۈپ تۇرىدىغان كۆرۈنۈشلەرگە سىڭدۈرۈپ، ئۈچ خىل مۇھىت ئىچىدە ئۈچ خىل پىكىر قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە پارچىلانغان شائىر ۋۇجۇدىنىڭ سىيماسىنى سىزىپ بەرگەن. تېخىمۇ مۇھىمى، چىگىش پسىخىك ھالىتىنى، ئېستېتىك قارىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. شائىر شېئىردىكى مەنە تېرەنلىكى بىلەن ئىخچام پىكىر ئىزچىللىقىنى ئۆزئارا يۇغۇرۇپ، مەزمۇن جەھەتتىكى سۆرەلمىلىكتىن، پىكىرنىڭ چۇۋالچاق، ھېسسىياتنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقىدىن ساقلانغان. شۇڭا بۇ شېئىر تىلىنىڭ ساددا، ئاممىباپلىقى، قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىجادىي، يېڭىلىقى، پىكىرىنىڭ سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەتتە بولماي، بەلكى بىرقەدەر يوشۇرۇن بېرىلگەنلىكى بىلەن باشقا شېئىرلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

يېڭىچە ئۇسلۇبتىكى شېئىرلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، شېئىرىيەت گۈلزارىغا بىر مۇنچە لاتقىلارمۇ ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. بىر قىسىم شائىر ۋە ھەۋەسكارلىرىمىز بۇ خىل شېئىرلارنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى چۈشەنمەي، قارىقويۇق دورىغىلى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن شەكىلۋازلىق ئىللىتى تارقىلىپ، ئىزدىنىۋاتقان ياش شائىرلارنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزدى، شۇنىڭدەك بىر تۈركۈم كىتابخانلارنى گاڭگىرىتىپ قويدى. بۇ ھال يېڭىچە شېئىرلارنىڭ ھەر خىل ئاتىلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

مەن تۆۋەندە مۇشۇنداق شېئىرلاردا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە توختالماقچىمەن.

بىرىنچى، سۆز مودىچىلىقى. بىز «‹گۇڭگا شېئىر› دېگەن ‹قارىچۇق›، ‹ئۆلگەن ئۈپۈق›، ‹مانان›، ‹جەڭگاھ›، دېگەن سۆزلەرنىڭ تىزمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەسكەنغۇ؟» دېگەن سۆزلەرنى ھەرقايسى سورۇنلاردا پات-پات ئاڭلاپ قالىمىز. مېنىڭچە بۇ خىل ئىنكاسمۇ سەۋەبسىز چىقمىغان بولسا كېرەك. 1986-يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ

سىناق ساندا يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلار تەرىپىدىن بىباھا سۆز دۇردانىسى سانالغان «قارىچۇق» دېگەن سۆز تۆت يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سانسىز قېتىم تەكرارلاندى. ھازىر چىقىۋاتقان ژۇرناللارنىڭ شېئىرىيەت سەھىپىسىنى كۆرۈپ باقساقلا، يۇقىرىقى سۆزنىڭ قانچىلىغان ھەيۋەتلىك ماۋزۇلاردا، قانچىلىغان شېئىر مىسرالىرىدا ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. شائىر ئابدۇكېرىم مەخسۇتنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر قانچە شېئىرلىرىغا «گۈل زېمىن، گۈل شەھەر»، «كىرپىكىم بەرگىدە شەبنەم» دېگەندەك چىرايلىق سۆز ـ ئىبارىلەر كىرگۈزۈلگەندى. كېيىن بۇ سۆزلەرمۇ باشقىلار تەرىپىدىن تولا تەكرارلىنىپ كەتتى. بەزى شائىرلىرىمىزنىڭ «لالەرەڭ ئۇپۇق» دېگەن مىسرالىرىمۇ ئاشۇنداق تەقدىرگە دۇچ كەلدى.

11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن داڭلىق تىلشۇناس مەخمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق يىرىك ئەسەرنى يېزىپ، ئەرەب تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ بەيگىگە چۈشكەنلىكىنى نامايەن قىلغان بولسا، 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پىرى سانالغان ئەلشىر ناۋايى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ نەپىس شېئىرلىرى بىلەن ئالەمنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. ھالبۇكى ئارىدىن بىر نەچچە ئەسىر ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، يەنى ئېلېكترون دەۋرىدىمۇ بىر قىسىم شېئىر ھەۋەسكارلىرىمىز خەلق ئىچىدىكى مول سۆز جەۋھەرلىرىنى قازماي، بۇ يولدا ئىزدەنمەي، باشقىلارنىڭ گۈزەل مىسرالىرىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزۈۋالماقتا. يەنە تېخى شۇنداق ھەۋەسكارلىرىمىزمۇ باركى، ئۇلار بىرەر شېئىر يازماقچى بولسا، نۇرغۇن شېئىر توپلاملىرىنى ئالدىغا يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى شېئىرلاردىن كۆڭلىگە ياققان مىسرالارنى دەرھال خاتىرىسىگە يېزىۋالىدۇ ـ دە، تېخى دۇنياغا كەلمىگەن شېئىرىغا مەنبە قىلىدۇ. مەلۇمكى، شائىرنىڭ تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى چۈشىنىش مۇمكىن. بىز ت. ئېلىيېۋ، ئا. خوجىلارنىڭ شېئىرلىرى تىلىنىڭ ساددا، ئويناق، ئاممىباب، جانلىقلىقى، پەلسەپىۋى پىكرىنىڭ تىرەن، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇق، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ خىل ئۇسلۇب ئۇلارنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدىلا ئەمەس، تەرجىمە ئەسەرلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بىز ئۇلار تەرجىمە قىلغان «جۇدالىق زارى»، «دۇفۇ شېئىرلىرى» نى كۆرسەك، بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئوبدان تونۇپ يېتەلەيمىز.

مەلۇمكى، ئېسىل شېئىرنىڭ تىلى ئىخچام، رېتىملىق، ئوبرازلىق ۋە ئاھاڭدار بولىدۇ. ماياكوۋىسكىي ئېيتقاندەك، بەزىدە بىر سۆز ئۈچۈن سۆز كانلىرىدىن پاتمانلاپ سۆز قېزىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا بىز تىل بايلىقىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز، تىل ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، ئادەتتىكى جۈملىلەرنى مىسراغا ئايرىش ئارقىلىق ياسالغان شېئىرلار.

بۇ ھەقتە شائىر مۇختەر مەخسۇت «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 11 ـ سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدا توختالغان ھەم بىر قىسىم مىساللارنى

كۆرسەتكەن ئىدى. لېكىن بۇ خىل ئىللەت يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

شۇڭا بۇ ھەقتىمۇ ئازىراق توختۇلۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە قاپىيە، ۋەزىن، تۇراق بولسىلا، شېئىر ھېسابلانسا كېرەك. بۇنداق خاھىش ياشلار ئىچىدە بولۇپلا قالماي، بەلكى خېلى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە، بىر قانچە كىتابىنىڭ مۇئەللىپى بولۇپ قالغان پېشقەدەم شائىرلاردىمۇ كۆرۈلمەكتە:

بەزىلەر ۋىجداننى دەپ ئايرىلار جاندىن،
بەزىلەر جاننى دەپ كېچەر ۋىجداندىن.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 10 ـ سانىدىن)

پىكىر تىرەنلىكىمۇ، قايناق ھېس ـ تۇيغۇمۇ، گۈزەل شېئىرى ئوبرازمۇ بولمىغان بۇ ئىككى مىسرادا پەقەت «بەزىلەر ۋىجداننى دەپ جاندىن كەچسە، بەزىلەر جېنىنى دەپ ۋىجداندىن كېچىدۇ» دېگەن ئەقەللىي يەكۈن قاپىيەلەشتۈرۈلۈپلا قويۇلغان، خالاس.

مەن كۆلمەن ئۇنىڭغا قاراپ،
ئۇ كۈلىدۇ بۇنىڭغا قاراپ.

* *

ھاراقنىمۇ ئىچىشتىڭ چوڭ زالدا،
يېتىپ قاپسەن بىراق ئازگالدا.

(«تارىم ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 10 ـ سانىدىن)

ئەگەر بۇلارنىمۇ شېئىر دېيىشكە توغرا كەلسە ياكى بۇ مىسرالارمۇ شېئىر دېگەن ئۆلچەمگە چۈشسە، ئۇ ھالدا سەنئەتنىڭ گۈلتاجىسى سانالغان شېئىرنىڭ ھېچقانداق قىممىتى قالمىغان بولىدۇ.

ئەمدى بىز تۆۋەندىكى مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

سارغايغان دەرەخلەر يامغۇر ئىچىدە،
ئاقباشلىق بىر بوۋاي چىراغ تۇۋىدە.

قاراڭ، تۇيغۇ بىلەن شېئىردي ئوبرازنىڭ گىرەلىشىشىدىن ئاجرالماس بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىنىپ، بىر خىل شېئىرى مەنزىرە يارىتىلغان. بۇ ئىككى مىسرادا شائىر دۇنيانىڭ بارلىق مەئىشەتلىرىدىن قولىنى ئۈزگەن بىر بوۋاينىڭ مىسكىن، ھەسرەتلىك ئوبرازىنى، يوشۇرۇن قەلب ئازابىنى كەچكۈزدىكى يامغۇر، سارغايغان يوپۇرماقلاردىن ئىبارەت تەبىئەت ھادىسلىرىنىڭ ئۆزئارا سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن ھەم كىتابخانلاردىمۇ بوۋايغا نىسبەتەن ھېسداشلىق قوزغىغان.

ئۈچىنچى، ئۇزۇن ـ قىسقا مىسرالار مودىچىلىقى. يەنە بىر قىسىم ھەۋەسكارلىرىمىز چاچما شېئىردا بولۇشقا تېگىشلىك قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلماي، ئۇزۇن ـ قىسقا مىسرالارنى زورمۇ ـ زور ياساپ، ئاتالمىش يېڭىچە چاچما شېئىرلارنى يېزىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

ئەي دوستلار
بولمايلى بەڭۋاش
باشقىلار كەتمىسۇن بىزگە كايىپ.
ئۆتسە گەر ۋاقىت،
غۇيىدە قىلىپ،
گۈزەل ياشلىقىمۇ بولىدۇ غايىپ.
ئاھ! يىپىشقاق قېرىلىقىمۇ،
تۇرمايدۇ ھەرگىز،
تارتىنىپ، داجىپ.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىن)

بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى زورمۇ ـ زور قوراشتۇرۇلغان مۇشۇ ئۇزۇن ـ قىسقا مىسرالىرى ئارقىلىق «ياشلىقتا ئۇگەنمىسەڭ،

www.uyghurkitap.com

قىرىلىقتا پۇشايمان قىلىسەن» دېگەن بەكمۇ ئاددىي بىر يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويغان. قىسقىسى، بۇ شېئىردا بىھۇدە ياسالغان مىسرالاردىن باشقا ئۆزگىچىلىك يوق.

تۆتىنچى، ھەيۋەتلىك ماۋزۇلار مودىچىلىقى. سۆز ۋە مىسرالار مودىچىلىقىغا ئەگىشىپ، دەبدەبىلىك ماۋزۇلار مودىچىلىقمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. كىتابخانىلار بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ماۋزۇسىنى كۆرۈپلا ئىختىيارسىز قىزىقىپ قالىدۇ. بىراق بۇ قىزىقىش خۇددى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا غايىب بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەسەر ماۋزۇسى بىلەن ئەسەر مەزمۇنى زىچ ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە ئەمەسلىكىنى دەرھاللا بايقايدۇ. ماۋزۇسى ھەيۋەتلىك بۇ شېئىرلار مەزمۇنىنىڭ پۈچەك ھەم چېچىلاڭغۇلىقى بىلەن ئادەمنى بىزار قىلىدۇ. يېقىندىن بۇيان ئەدەبىي ژۇرناللاردا «تىرىلگەن چوقانلار»، «داغدا قالغان مىسرالار»، «ئېڭراۋاتقان مىسرالار» دېگەنگە ئوخشاش ماۋزۇلار كۆپىيىپ قالدى. تۆۋەندە بىز شۇنداق ھەيۋەتلىك ماۋزۇلار ئاستىدىكى شېئىردىن بىرنى كۆرۈپ باقايلى:

تېڭىرقىغان مىسرالار

قەبرىلىرىدىم
كەلدى ئېچىرقاپ.
كۆردى مېنى،
قايتتى رايىدىن.

يىللار

ئىشىكتىن چىققان ئىدى قىز،
كىرىپ كەتتى بولۇپ بىر موماي.

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىن).

بەشىنچى، كۆپ لىنىيە ۋە كۆپ قۇرلۇق شېئىرلار مودىچىلىقى. بىر قىسىم ياش شائىرلىرىمىز كۆپ لىنىيىلىك، كۆپ قاتلاملىق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىۋېدى، بەزىلەر ئۇلارنى قارىغۇيۇق دورىغىلى تۇردى. ئۇلار شېئىردىكى مىسرالار ئارىسىغا رەقەملەرنى قويۇپ قويسىلا، كۆپ لىنىيە، كۆپ قاتلاملىق شېئىر بولىدۇ، دەپ قارىسا كېرەك. بىز تۆۋەندە شۇنداق شېئىردىن بىرنى كۆرۈپ باقايلى:

ھەي ئانا...؟

1

تاشلاپ كەتتىڭ
تىترەپ...
ئۆلۈۋاتقان داداڭنى.

2

كىرىلىپ يۈرىسەن بىغەم
ئىنسانلار ئارا،
ئىنسان چاغلاپ ئۆزۈڭنى.

3

خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم غوۋا،
توققۇز ئاي، توققۇز كۈن.
قورساق كۆتۈرۈپ،
سېنى تۇغقان ئاناڭنى.
ھەي ئانا...؟

قاراڭلار، بۇ شېئىردا زادى نېمە بار؟ بىز بۇ شېئىرنى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 9 ـ سانىغا بېسىلغان ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «ئانا لىرىكىسى» ناملىق شېئىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقايلى:

ئانا لىرىكىسى

1

ھوقۇشمىكىن قونغان،
شېخىغا لېۋىڭنىڭ.
ئۇچتىمۇ ئېلىپ
قالدۇقىنى مارجانلىرىڭنىڭ؟

2

ئوقۇپ چىقتى چولپان
قانچە چۆچەكنى.

نامـاز شـام گـۈلىدەك سـولـغـان
كۆزۈڭدىن؟

3

ئېيتقىنا نېچۈن
تاتىرىدۇ قارنىڭ يۈزى.
باقىنىدا ھەر قېتىم
ئاقلىقتا چېچىڭنىڭ.

4

راستقۇ ئانا،
داغ چۈشتى دەيدۇ.
يۈزىگە ئاينىڭ
ئارمىنىدا
ئۈچۈپ كەتكەن گۈزەللىكىڭنىڭ؟

5

بىر كۈن
ئىزدەپ كەلسە سېنى پەرىشتە،
كېتەرسەنمۇ ئېمىتكىلى
باللىرىنى جەننەتنىڭ؟

6

يىغلىمىغىن پەرىزات
ئوتىۋېلىپ قۇياش كەينىگە.
رومال قىلسام دەپ
كېپەنلىكىڭنى...

7

ئانا...
كۆتۈرەلمەس قەبرەڭنى تۇپراق!!!

مانا بۇ شائىرنىڭ قەلب فونتانلىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەقىقىي ئانا قەسىدىسى، پەرزەنتنىڭ ئانىغا بولغان ئوتلۇق سۆيگۈسى. شائىر ھوقۇش، نامازشام گۈلى، قار، يۈزىگە داغ چۈشكەن ئاي، پەرىشتە، پەرىزات قاتارلىق ھېسسىي ئوبرازلارنى بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇپ، ئانىنىڭ بارلىق ئۇلۇغ سۈپەتلىرىنى ساددا، نەپىس تىل بىلەن شۇنداق ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۇلۇغلىغانكى، شېئىرنى ئوقۇغان كىتابخان شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايدۇ. گەرچە شائىر ئانىنىڭ غۇبارسىز، مەسۇم پەرزەنتنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسى بىلەن سانسىز كېچىلەرنى ئويغاق ئۆتكۈزۈپ، پەرزەنت پىراقىدا كۆيۈپ، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى يولىدا غايەت زور بەدەل بېرىپ، چاچلىرى ئۈچتەك ئاقارغانلىقىنى بىۋاستە، توغرىدىن ـ توغرا تەسۋىرلىمىگەن بولسىمۇ، بىز بۇ شېئىرنى ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا، مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ تاڭلارغا ئۇلىغان، پەرزەنت ئىشقىدا كۆيگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن سانسىز بەدەللەرنى بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكىنى ئۇنىڭغا بەخش ئېتىپ چاچلىرى قاردەك ئاقارغان ئانىنى ئېنىق كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. دېمەك، شائىر ئۆزگىچە ئۇسلۇب، ئەركىن تەسەۋۋۇر ئارقىلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ، پاكلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ نۇرانە سىيماسى بولغان ئانا ئوبرازىنى شېئىرىدىكى ھەربىر قاتارنىڭ ئاخىرىدىكى رىتورىك سوئاللارغا سىڭدۈرۈۋېتىپ، كىتابخانلار ئۈچۈن شېئىردىي بوشلۇق قالدۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنى شېئىرغا يوشۇرۇنغان شېئىردىي مەنىنى ئىپىشقا دەۋەت قىلغان.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: ئىجادىيەت قوشۇنىمىز 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئۈزلۈكسىز زورىيىۋاتىدۇ. لېكىن بىز سان ئۆزگىرىشىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، سۈپەت ئۆزگىرىشىنى چەتكە تۇتمايدىكەنمىز شېئىرىيىتىمىز دەۋرنىڭ تەلىپىدىن كېيىن قالىدۇ. شۇڭا قەلەم تۇتقان ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى خەلقىگە سۈپەتلىك مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلىش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشى، ئازراق نەتىجىلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماسلىقى؛ ئىجادىيەتكە يەڭگىللىك بىلەن ئەمەس، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى لازىم.

مەسئۇل مۇھەررىر　ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com



# «چېچەك ئىزى» ۋە رەھبەرلىك ئىستىلى

چىنلىق ئەدەبىياتنىڭ جېنى. چىنلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، تۇرمۇش چىنلىقى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولالايدۇ.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 9 - سانىغا بېسىلغان «چېچەك ئىزى» ناملىق hېكايە تۇرمۇش چىنلىقى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن hېكايىدۇر. يازغۇچى نۇرمەھەممەت توختى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە ئىككى نەپەر ياشنىڭ يۆتكىلىپ كېلىش، يۆتكىلىپ كېتىش مەسىلىسى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا بەرگەن باھاسىنى يېزىش ئارقىلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئايرىم رەھبىرىي خادىملاردا ساقلىنىۋاتقان ناتوغرا ئىستىللارنى، بولۇپمۇ سۇبيېكتىپچىلىق خاھىشىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان.

ئەسەردە دەۋرنىڭ جىددىي تەلىپى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئاپتور ئەسىرىدە ھاشىمغا ئوخشاش سۇبيېكتىۋىزمچى، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان كادىرلار كۆپىيىپ كەتسە، ئىقتىدارلىقلارنى پەقەت ئۇلارنىڭ چىرايىغا قاراپلا باھالايدىغان «موللا تاپقاق» لار كۆپىيىپ كەتسە، بۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولار؟! ئۇنداقلارنى ئوڭايلا بايقاش ئۈچۈن، ئىقتىدارلىقلارغا نەقىش سىلىپ قويۇش كېرەكمۇ؟ دېيىش ئارقىلىق رەھبەرلىك ئىستىلىدىكى ناچار خاھىشلارنى يۇرەكلىك ئېچىپ تاشلىغان.

ئەسەر ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىن ياخشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەدىئىلىك جەھەتتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى مۇۋاپىق قوللىنىلغان. پېرسوناژلار خاراكتېرىمۇ خاسلىق ۋە ئورتاقلىقتا ئىگە قىلىنغان. ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ پۇختا. باش - ئاخىرى ماسلاشقان، ئارتۇقچە جۈملىلەردىن خالىي.

قىسقىسى، ئەسەر يۇقىرىقى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

مەن يازغۇچى نۇرمەھەممەت توختىنىڭ نادان دىللارنى يورۇتقۇچى، تەشنا دىللارنى قاندۇرغۇچى نادىر ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئىجاد قىلىشىغا تىلەكداشمەن.

ئۈرۈمچىدىن خانقىز سىدىق

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

جېچۇەن سىلاڭ (ياپونىيە)

# جۇدالىق

(ھېكايە)

— راست شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئايالىم جىنزى.

— ھەئە، شۇنداق، — دېدىم بېشىمنى لىڭشىتىپ.

جىنزى ماڭا بىر پەس قاراپ تۇرۇۋېتىپ، ئامدىن بۇرۇلۇپ تاماققا تۇتۇش قىلىپ، قىڭراقنى قولىغا ئالدى.

جىنزى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بىر ھازاغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— سېنىڭچە مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دېدى جىنزى قىلىۋاتقان ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ، — چۈنكى ئۈچ ئايلىقلا ئۆمرۈڭ قالدى، مېنىڭ مۇشۇ يەردىلا ئۆكسۈپ يىغلىشىم شەرتمۇ؟ لېكىن سەن ئۆزۈڭ بۇ ئائىلىنى تاشلىۋەتكەن ئىدىڭ.

— بۇنى بىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ كۆز يېشى قىلىشىمنى كۈتمە.

— ھە، مەن... — دېدىم مەن بىر ئاز ئىككىلىنىپ، — ياڭزىمۇ بار تېخى، مېنىڭچە، ئۇنى خەۋەردار قىلساق.

— سەن ياڭزى بىلەن كۆرۈشمەيلا قوي، گېپىمىز گەپ بولسۇن.

— ئەمىسە بۇ ئىشنى ياڭزىغا دېسەكمۇ، دېمىسەكمۇ بولىۋېرىدۇ. سېنىڭ گېپىڭگە كىرەي.

— ياڭزى يات ئارىدىلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدۇ، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىشنى خالىمايمەن.

— ھە، راست.

ۋوي راست، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. باشقا دەيدىغان گېپىمنىڭمۇ تايىنى قالمىدى-دە، بىر يىلدىن بۇيان دارىپ باقمىغان ئۆز ئۆيۈمدىن يەنە يېنىپ چىقتىم. دەررۇ سارايغا قايتىپ كەتكۈممۇ كەلمىدى.

كەچكى شامالدا قىشنىڭ پۇراقلىرى بار ئىدى، سوغۇق ھاۋا كىشىنىڭ غوللىرىنى قورۇيتتى. مەن دائىم كىرىپ تۇرىدىغان بىر قاۋاقخانىغا كىردىم.

— ۋوي، ئۇزۇندىن بېرى يوقاپلا كەتتىڭىزغۇ، — دېدى ئايال خوجايىن ئالدىمغا كېلىپ.

— ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدىلا كېلىۋېدىمغۇ، — دېدىم مەن پۇكەينىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋە سۇ قوشۇلغان بىر ئىستاكان ۋىسكىنى ئالدىم.

— ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسىڭىزمۇ ئۇزاق بولغانغا ھېساب ـ تە، — دېدى ئايال خوجايىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — تاۋىڭىز يوقتەك تۇرىسىزغۇ.

— مېنىڭ دەسلەپتە بۇ يەرگە كەلگىنىمگە نەچچە يىل بولدى؟

— ھە... ئالاھەزەل بەش يىل بولغاندۇ.

— شۇنداقمۇ؟ باردى ـ كەلدى قىلىۋاتقىنىمىزغىمۇ ئۇزۇن بوپتۇ ئەمىسە!

— ۋاي ـ ۋۇي، دەۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ، بىر ياققا بارامسىز؟

— يىراق ـ يىراقلارغا بارىمەن، — دېدىم مەن رومكىنى ئالدىرىماي ئىچكىز كۆتۈرۈپ ھاراقتىن بىر ئوتلام يۇتۇپ.

— چەت ئەلگە خىزمەتكە چىقامسىز؟

—تېخىمۇ يىراققا.

— تېخىمۇ يىراققا؟

— يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن مەن باشقا بىر دۇنياغا كېتىمەن، ئۇ دۇنيانىڭ ئاسماندا پاكى يەرنىڭ تېگىدە ئىكەنلىكىنى ھازىر بىلمەيمەن.

خوجايىن ئايال داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى ۋە بىر دەمدىلا شاللاقلارچە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مۇنداق چاقچىقىڭىزنى قويۇڭە، — دېدى.

— راست شۇنداق، بۈگۈن تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇت-قۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

ئايال خوجايىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي ماڭا تىكىلدى.

— ۋوي، بۆلۈم باشلىقى كېلىپ قاپتىغۇ، — دېدى بىراۋ غولۇمغا ئۇرۇپ.

ئۇ، مېنىڭ قول ئاستىمدا ئىشلەيدىغان تېيەندۇەن ئىكەن. توغرا، بۇ شۇمتەكىنىمىزمۇ سەممىگە سېلىپ قويۇشۇم كېرەك. قارىماقتا ئۇ سەل كەيىپ بولۇپ قالغاندەك، لېكىن ئەس-ھوشىنى بىلمەيدىغان دەرىجىدە مەست ئەمەس ئىكەن.

— يۈر، بىز بىر جوزىغا بېرىپ ئولتۇرايلى، — دېدىم مەن تېيەندۇەننىڭ مۈرىسىگە قولۇمنى سېلىپ.

ئولتۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياقتىن بىردەم پاراڭلىشىپ، گەپنى ئەسلى تېمىغا يۆتكىدىم :

— راستىنى ئېيتسام، ساڭا بىر ئىش توغرىلىق ئېيتىدىغان گېپىم بار ئىدى.

— نېمە ئىش توغرىسىدا ؟

— سەن باشتىن ـ ئاياغ مەن بىلەن بىللە بولۇپ، قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولۇپ كەلدىڭ.

— بۆلۈم باشلىقى، نېمىشقا بۇ گەپلەرنى ئېغىزغا ئېلىپ يۈرىسىز، — دېدى تېيەندۇەن كۈلۈمسىرەپ.

— مېنىڭ ئۆمرۈم ئازلا قالدى، —دېدىم مەن، — دوختۇر يەنە ئۈچ ئايلىقلا ئۆمرۈم قالغانلىقىنى ئېيتتى، مەن تۈگىشىدىغان بولدۇم، ئەمما سەن يەنىلا ئىشلەپ كېتەلەيسەن.

تېيەندۇەننىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى:

— بۆلۈم باشلىقى... راست شۇنداقمۇ ؟

— ھەي، راست شۇنداق. ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ...

مەن گېپىمنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتىم، چۈنكى تېيەندۇەننىڭ يۈزلىرى

تامدەك تاتىرىپ، ماڭا قانداقتۇر بىرخىل نەپرەت بىلەن تىكىلىۋاتقانلىقىنى كۆ-رۈپ قالدىم.

— ۋوي، تيەندۈەن ...

— قويۇڭا چاقچاقلىمىزنى، — دېدى تيەندۈەن، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىق-تى، — مەن پۈتۈن ئىستىقبالىمنى سىز-گە باغلىغان! مېنىڭچە، سىز كەلگۈسىدە جەزمەن شىركەتنىڭ باشلىقى بولىسىز. شۇڭا مەن باشتىن- ئاياغ مىنىستىرنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قېلىشقا رازى بولدۇمكى، لېكىن سىزگە ئەقىدە باغلاپ كەلدىم! ئەمما ... ئەمما ... بۇ بەك شەپقەتسىزلىك بولدۇ، ئىستىقبالىمنى قانداق قىلارمەن ؟

مەن تەئەججۈپ ئىچىدە قاققان قو-زۇقتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. قول ئاستىمدىكى ئەڭ ئىشەنگەن ئادىمىمنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق گەپ چىقىشى ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەنىدى، ئۇ ئەجەپ بىر گەپ قىلدى-دە!

— خەير ئەمىسە، — دېدى تيەن-دۈەن ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇ دەلدەڭشىپ ئارانلا ماڭاتتى، قارىغاندا بۇ ھەرگىزمۇ ھاراقنىڭ كەي-پىدىن ئەمەس، بەلكى روھىي زەربىنىڭ تەسىرىدىن ئىدى.

مېنىڭمۇ يەنە ئىچىۋېرىشكە كۆڭلۈم تارتمىدى. ھاراق پۈكىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان خوجايىنغا دېدىم:

— مەن كەتتىم ئەمىسە.

— ۋوي، توختاپ تۇرۇڭ.

— نېمە ئىش ؟

— بۇ ئايلىق ھېساب-كىتابىنى قىلىۋەتسىڭىز.

— مەن ھېساباتنى ھېچقاچان ئۇ-زاق سوزۇۋەتكەن ئەمەسقۇ.

— ئۇغۇ ماڭا ئايان، لېكىن سىز ئالمادىن بالىنتىسقا كىرىپ قالغۇدەك بولسىڭىز ....

مەن مەيدەمدىن ئاغزىمغا ئۆرلەپ چىقىۋاتقان قاڭسىق سۇيۇقلۇقنى تەس-لىكتە بېسىپ تۇرۇپ، «ئۇقتۇم» دېدىم-دە، ھەميانىنى چىقاردىم.

سارايغا قايتىپ كەلگىنىمدە تۈن نىسپى بولغانىدى.

ناھايىتى جىق ئىچىۋالغان بولسام-مۇ، لېكىن قىلچە مەست بولماي سارايغا قايتىپ كەلدىم.

— مېيجياڭ! ھوي مېيجياڭ!

ئۆيىنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى، بۇنداق ئەھۋال تولىمۇ ئاز كۆرۈلەتتى، ئۇ ئادەتتە مېنى يېرىم كېچىگىچە كۈ-تۈپ ئولتۇراتتى.

مەن چىراغنى ياندۇردۇم. كارىۋاتقا كۆز يۈگۈرتتۈم، مېيجياڭنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. سارايىنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپمۇ ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالال-مىدىم. قىزىق ئىش، ئۇ ماڭا بىر ياققا بارىمەن دېمىگەنتىغۇ.

مەن مېھمانخانىنىڭ كىرىسلوسىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىر پارچە خەتنى كۆرۈپ قالدىم. خېلى تەسلىكتە خەتنى ئوقۇپ چىقتىم، مېيجياڭنىڭ خەتلىرى تولىمۇ مۇجمەل، قالايمىقان ئىدى، خاتا خەتلەرمۇ كۆپ ئىدى، لېكىن دوختۇرلار مېنىڭ كېسەل-لىك ئەھۋالىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغانلىقى ئېنىق ئىدى. مېيجياڭ خېتىدە ئۆزىنىڭ باشقا بىر ياش ئاشنا تېپىۋال-غانلىقىنى، ئەمدى شۇنىڭ بىلەن ئۆتى-دىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

مەن ئورنىمدىن دەس تۇرۇپ ئۈس-تەلنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، پۇل ئاما-نەت چېكى ۋە تامغىلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت غايىب بولغانلىقىنى بايقىدىم-دە، شۇ زامان

ئۆلۈۋالغۇم كەلدى، مەن ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالغانىدىم.

مەن بىردىنلا چوڭقۇر خىيالدىن ھوشۇمغا كەلگەندە، زىلۋا بويلۇق بىر كىچىك قىزنىڭ ماڭا يەر ئاستىدىن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ياڭزى قىزىم چوپچوڭلا بولۇپ قاپتۇ، تونۇيالمىغىلى تاسلا قاپتىمەن. نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي ئالدىراپ ئۇنىڭدىن تىنچلىق سورىدىم.

ياڭزى قاپىقى تۈرۈلگەن ھالدا «مە» دەپ خالتىغا سېلىنغان نەرسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى.

— نېمە بۇ؟

— ئاپام ئەۋەتتى، ئۆز خاھىشىم بويىچە كېلمىدىم، — ئۇ شۇنداق دېدى-دە، شارتتىدە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. مەن خالتىنى ئېچىپ قارىسام، ئۇنىڭ ئىچىدە تاماق قاچىسى بارىكەن. بۇ بۇرۇندىن شىركەتكە تاماق ئېلىپ بارىدىغان قاچام ئىدى. قاچىغا قورۇما تاماقلار رەتلىك قاچىلانغان. بۇنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم.

شۇئەسنادا تېلېفون قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. تۇرۇپكىدىن جىزىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سەنمۇ؟ ياڭزى سەن تەرەپكە باردىمۇ؟

— ياڭزى؟ ... ھە، ھېلىراقتا كېلىپ كەتتى ...

— ئۇھ، — دېدى جىزى كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ ۋە گېپىنى داۋام قىلدى، — مەن ياڭزىغا ئەگەر سېنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىڭنى بىلىپ قالسا، ھېلىقى ئايالنىڭ چوقۇم سېنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقىنى دېگەنىدىم. شۇندىن كېيىن بىردەمدىلا ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، دېمەك، ئۇ يېنىڭغا بېرىپ قايتىپ كېتىپتۇدە.

— شۇنداق.

— بوپتۇ ئەمىسە.

مەن تاماق قاچىسىنى ئېچىپ، تاماقنى تېتىپ باقتىم. تاماق ئەسلىدە مۇزلاپ قاپتىكەن، بىراق ماڭا ھازىر قازاندىن چىققاندەك ئىسسىق بىلىندى. مەن تاماقنى بەك تۇزلۇق بولۇپ قاپتۇ دەپتىمەن، ئۇنداق ئەمەسكەن. ئەسلىدە خېلىدىن بېرى كۆز يېشىم ئېقىپ-سىرغىلىپ ئاغزىمغا چۈشۈۋاتقانىكەن.

ياڭزى ... ۋوي راست، مۇشۇنداق كەچتە ئەجەپ ئۇنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇپتىمەنغۇ.

مەن ياتاقتىن يۈگۈرگەن پېتى تالاغا چىقتىم، مەيلى ئىشىك ئالدىدىن قوغلاندى قىلىنساممۇ ياڭزىنى ساق-سالامەت ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇم كېرەك! سارايىنىڭ 1-قەۋىتىگە كېلىپ تۇرۇپلا قالدىم. ياڭزى سارايىنىڭ 1-قەۋىتىدىكى زالدا ئولتۇرۇپ، يۈزىنى ئىككى قولى بىلەن بېسىپ ئۆكسۈپ يىغلاۋېتىپتۇ.

مەن تۇرغان جايىمدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. بۇ بەلكىم ئاخىرلىشىۋاتقان ھاياتىمنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان پەيتى بولسا كېرەك ...

(«كىچىك ھېكايىلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 1991-يىللىق 12-سانىدىن)

نەيىم يۈسۈپ تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



# مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

## مول ھوسۇللۇق يازغۇچى — ستېل خانىم

دانىل ستېل ئامېرىكا نەشرىيات ساھەسىدە 20 يىلدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ تولىمۇ دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتقان يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كىتابخانىلىرى ئىنتايىن كۆپ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ رومانلىرى 42 مەملىكەتتە 900 مىليون نۇسخا تارقىتىلدى. 1986-يىلى ئۇ، گىنىس دۇنيا رېكورتى قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى. چۈنكى ئۇنىڭ رومانى «نيۇ-يورك ۋاقتى گېزىتى كىتابلار تەقرىزى» سەھىپىسىدە 250 ھەپتە ئۇلاپ بېسىلغانىدى.

1968-يىلى توي قىلغىنىغا ئۈچ يىل بولغان دانىل ستېل ئېرىنىڭ رايىغا باقماي، نيۇ-يورك مانھاتون رايونىدىكى بىر ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئورگىنىدا ۋە بىر ئېلان سودىگىرىنىڭ قولىدا ئاممىۋى مۇناسىۋەت بويىچە ياردەمچى بولۇپ ئىشلىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن سان فرانسىسكوغا قايتىپ كېلىپ، رومان يېزىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن تۇنجى رومانى — «قايتىش»نى قولىدىن چىقاردى. 1973-يىلى ئامېرىكا دېل نەشرىيات شىركىتى بۇ ئەسەرنى نەشر قىلدى. لېكىن بۇ ئەسەر ناھايىتى ئاز سېتىلدى.

ئۇ رومان ۋە شېئىرلارنى يازغان، يەنە ئۇنىڭ ئانىلىق مۇھەببەت كۈيلەنگەن شېئىرلىرى ئاياللار ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، بەش رومانى نەشرىياتلاردىن ئارقا-ئارقىدىن قايتۇرۇۋېتىلگەن. 1977-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئىككىنچى رومانى — «قىزغىن ۋەدە» نەشر قىلىندى. بۇ رومان نەشر قىلىنغاندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئۈچ رومانى ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىندى. ئالدىنقى ئىككىسى كىنو فىلىمى قىلىپ ئىشلەندى. كېيىنكىسى بىرىنچى نەشرىدىلا ئىككى مىليون نۇسخىدىن ئارتۇق بېسىلدى.

ستېل ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىقى توغرىسىدا توختالغاندا: «مەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتسەم ئۆزۈمنى توختىتالمايمەن، گاھىدا چېچىمنى تاراشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن، ھەتتا ۋانىنىدا يۇيۇنۇۋېتىپ خىيالىمغا بىر نەرسە كېلىپ قالسا، ئەينەك ياكى تامغا يېزىپ كېتىمەن... مەن ئۈچۈن يېزىقچىلىققا بەرگەن مۇھەببەت ھەرقانداق نەرسىگە بولغان مۇھەببەتتىن ئۈستۈن» دېگەن.

ستېل رومانلىرىدا ئاساسەن ئاياللار باش قەھرىمان قىلىنغان. بۇ ئاياللار خىزمەت، مۇھەببەت، ئائىلە قاتارلىق جەھەتلەردە باشلىرىغا ئېغىر قىسمەتلەر كەلسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا ئۇلارنى يېڭىدۇ. ستېل ئادەمنى تەشۋىشكە سالىدىغان ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىمەيدۇ، شۇنداقلا ۋىسال شادلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەر-

لەرنىمۇ يازمايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئىلەشتۈرىدىغان زىددىيەتلەرنى يازماستىن، بەلكى ئىنتايىن ئۆتكۈر بىۋاسىتە سېزىم ئارقىلىق كىتابخانلارغا شادلىق ئاتا قىلىدۇ. تەنقىدچىلەر: «ستېپل خانىم ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدە ئاجايىپ قاراشقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى، ۋەھىمە ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويغان ...» دەپ باھالىغان.

ستېپل بازىرى ئىتتىك مۇھەببەت رومانلىرىدىن بىر مۇنچىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، 1981-يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى — «سۆيگۈ» نى نەشىر قىلدۇردى. بۇ توپلام نەشىردىن چىقىپلا تەنقىدكە ئۇچرىدى. شۇ يىلى ستېپل «ئۈزۈك» ناملىق رومانىنىمۇ نەشىر قىلدۇردى. بۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى رومانلىرىغا قارىغاندا ھەجىمى چوڭ، ۋەقەلىكلىرى مۇرەككەپ، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ئىنتايىن كەڭ رومان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە يۈز بەرگەن جۇدالىق ۋە ۋىسال سەرگۈزەشتىلىرى يېزىلغان. بۇ رومانمۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى مۇھەببەت رومانلىرى ئەندىزىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن. شۇ يىلى ستېپل يەنە بىر ئائىلىدىكى بىرنەچچە ئەۋلادنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان «ئەسلىمىلەر» ناملىق رومانىنىمۇ قولدىن چىقاردى. بۇ كىتاب نەشىردىن چىققاندىن كېيىن بىر مەھەل زىلزىلە پەيدا قىلدى. دېل نەشرىيات شىركىتى يازغۇچىنى پۈتۈن مەملىكەتنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ رومانلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ سېتىلىشى ئۈچۈن تەشۋىقات ئېلىپ باردى. شۇ يىلى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچى-لىرىنىڭ رايىنى سىناش نەتىجىسىگە قارىغاندا، ستېپل ستۇدېنتلار چوقۇنىدىغان مەبۇدقا ئايلانغان ھەمدە دۇنيادا ئەڭ تەسىرى بار ئاياللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئامېرىكىدا بازىرى ئەڭ ئىتتىك ئىشقى-مۇھەببەت رومانلىرى ئىچىدە تىراژى ھەممىدىن كۆپ بولغان يەتتە رومانىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ يازغان. ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە گېزىت-ژۇرناللىرىدا ئۇنىڭ رومانلىرى ھەمىشە ماختىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ نەشرىيات ھەيئىتىلىك گېزىتىگە بېسىلغان «سىسىدون كېپىسى» (1983) رومانى توغرىسىدىكى بىر ماقالىدا «ستېپل خانىم ھېكايە پىرى. ئۇ كىتابخانلارنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتىشنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ بۇ ئەسىرىدە كىتابخانلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان، روھىنى پاكلايدىغان دراماتىك كۆرۈنۈشلەرنى، ھەسرەت، مۇڭغا سالىدىغان مۇھەببەت ۋەقەلىكلىرىنى، مىجەز-خاراكتېرى خېلىلا روشەن بولغان ئىككىلەمچى پېرسوناژلارنى، ئەپچىل قۇراشتۇرۇلغان سانسىز سيۇژېت ۋە قىستۇرمىلارنى ناھايىتى جايىدا ئىپادىلىگەن. ئەسەرنىڭ ئاخىرقى يېشىمىمۇ ئادەمنى ئىنتايىن رازى قىلىدۇ.» دېيىلگەن.

ئۇنىڭ 1986-يىلى نەشىر قىلىنغان «ساياھەت ھارغىنلىقى» ناملىق رومانىنىڭ ۋەقەلىكى ئامېرىكىنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى كرىزىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. رومانىدىكى ئايال باش قەھرىمان بەختسىز باي ئائىلىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ ناتسىستلار ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن كەچۈرىدۇ، داڭلىق رەسسام پىكاسسو بىلەن تونۇشىدۇ... بۇ ئەسەرگە «شىنخەي ئىنقىلابى» نىڭ پېشۋاسى سۇن جۇڭشەنمۇ باغلىنىدۇ.

ستېپل 1987-يىلدىن 1989-يىلغىچە «جاھاننامە»، «زويا»، «چولپان»

(ئاخىرى 76-بەتتە)

## ئىجادىيەت سېپىمىزدىكى ئايال ئاپتورلار



يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر قايسى سەپلەردە بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ئايال ئاپتورلار ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئىجادىيەت سېپىمىزگە زور كۈچ بولۇپ قېتىلدى.

بىر قىسىم ئايال ئاپتورلار تەھرىر بۆلۈمىمىزدە سۆھبەتتە.



ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئايال ئاپتورلار.



نېفىتلىكتە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئايال قەلەمكەشلەر.




قۇمۇل ۋە كورلىدىكى ئايال ئاپتورلار بىرلىكتە.



بورتالادىكى بىر قىسىم ئايال قەلەمكەشلەر.

www.uyghurkitap.com



《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE jOURNA
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1992 ـ يىل 3 ـ سان (373 ـ سان)، 42 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际统一刊号：ISSN 1002－9044　　ISSN 1002 _ 9044　خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN 65－1010／I　　CN 65 _ 1010 / I　مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

邮发代号：58－66 定 价：1.70 元　　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 _ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.70 يۈەن

邮政编码：830000　پوچتا نومۇرى: